ياسىنجان سادىق چوغلان



# «دىۋان مەشرەپ» كە تۆكۈلگەن قان

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# «دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان

ISBN 7-5371-5307-8

9 787537 153072 >

ISBN7-5371-5307-8
(民文)　定价：14.00 元

ياسىنجان سادىق چوغلان

# «دىۋان مەشرەب» كە تۈگۈلگەن قان

(ھېكايە ۋە پوۋېستلار)



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 点在《麦西热甫诗集》上的血（维吾尔文）

（短篇小说和中篇小说集）

亚森江·沙迪克·乔格兰　著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆九泉印刷发展有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　9.625印张
2005年11月第1版　2005年11月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—5307—8　定价：14.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# «دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان

(ھېكايە ۋە پوۋېستلار)

ئاپتورى: **ياسىنجان سادىق چوغلان**

*


شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ توققۇز بۇلاق مەتبەئەچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 9.625
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—5307—8
سانى: 1—3000
باھاسى: 14.00 يۈەن


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


بولاقچى ............................................ 3
تاز ۋە چىۋىن ...................................... 27
ئىچىل پاختام ...................................... 44
«دىۋان مەشرەپ» كە تۆكۈلگەن قان..................... 74
تاۋۇس ئەللەيىن (1) ............................... 93
تاۋۇس ئەللەيىن (2) ............................... 121
قارا قۇمچاق ....................................... 148
باھار ............................................. 158
گۈللۈكتىكى پاراڭلار ............................... 162


## پوۋېستلار


تەنھا شەھەر ....................................... 169
شاۋقۇنلۇق دەريا.................................... 240

# ھمکا ہیلر

# بولاقچى

## 1

ئۇرۇمچىگە قاراپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئاللىقانداق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇشات-
تى. ئايروپىلاننىڭ ئىككىنچى بۆلمىسىنىڭ ئارقا رېتىدە —
ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەللىك ياشلار ئەترا-
پىدىكى بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىنىڭ چىرايىدىكى دەسلەپكى ھەيران-
لىق، قورقۇمسىراش، قىزىقىش ئارىلاش روھىي ھالەتلىرى خې-
لىلا پەسكويغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر ھەر بەش مىنۇتتا
دېرىزە تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئالمىشىپ كۆك قەرىدىكى بۇلۇتلار-
نى، چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىنى تاماشا قىلىش، ھەممىدىن مۇ-
ھىمى ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە ھەم قىزىقىپ، ھەم قور-
قۇمسىراپ قاراشلاردىن زېرىككەندەك قىلاتتى. بېشىغا كۆرپە تۇ-
ماق، ئۇچىسىغا دراپ چاپان، سوكنا ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك
كىيىۋالغان بۇ يولۇچىلارنىڭ تۇرقىدىن ۋە ئايروپىلاننىڭ
ئىچى - سىرتىغا باللارچە قىزىقىش بىلەن نەزەر تاشلاشلىرىدىن
دېھقانلارغا خاس ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان
شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ تاماكا خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەن بولسا
كېرەك، توختىماي گېلىنى قىرىپ كالتە يۆتىلەتتى.

— ئايروپىلاننىڭ ئىچىدە تاماكا چەككىلى قويمايدىغىنى چا-
تاقكەن كاساپەتنىڭ، — دېدى ئۇ غۇدۇراپ، — بىرەر تال تاماكا
چەككەنگە بىرنېمىسى بىرنېمە بولۇپ كېتىدىغاندەك.

— خۇدايا توۋا دەپ، ماۋۇ بىرنەرسىنىڭ يەرگە تىنچ - ئامان
دەسسىشىنى تىلىسىلە، — دېدى چەتتە ئولتۇرغان ياغاق يۈز تېرى-
كىپ، — گۈرۈلدەپ تۇرغان ماتورنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ يەرگە
«پوككىدە» چۈشۈپ كەتمىسىدى، دەپ ئەنسىرەپ تۇرغاندا تاماكى-
نىڭ غەلۋىسىنى قىلىدىكەنلا. ئېغىزلىرى مۇنداق «كەلىمەتەيۋە»
گە كەلمەمدۇ، سىلىنىڭ.

تاماكا خۇمارىدا جىلە بولۇپ تۇرغان شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ قى-
سىلىپ كەتكەن كۆزلىرى بىردىنلا چەكچەيدى:

— ھە، يوغان يەردە سىلىنىڭ ئېغىزلىرى كەلىمەتەيۋىگە
كېلىدۇ. بىتەرەت پوق قوڭلىرى بىلەن ئوقۇغان سۈرە - ئايەتلى-
رى نېمىگە دالدا بولاتتىكى. يۈرتتا مەسچىت بوسۇغىسىغا دەس-
سەپ قويمايدىغان كاتتامنىڭ ئەمدى خۇدا بىلەن روسۇل بولۇپ
كەتكىنىنى كۆرۈڭ.

شاپ بۇرۇتنىڭ دەشنامى ياغاق يۈزگە خېلىلا ئېغىر كەلگەن-
دى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— ھە، نېمىلىكام بولمىسۇن سىلىگە ئوخشاش گۇناھنى
سېغىنغاندىن بىتەرەت بولسىمۇ خۇدانى سېغىنغان ياخشىراق.

— بولدى قىلىشسىلا، — دېدى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان
خام سېمىز ئىككى ھەمراھىنى جىملەپ، — ئۆز ۋاقتىدا ياقسام
پىشامدىكى، كۆمسەم پىشامدىكى دەپ ئولتۇرماي، بۇرۇنراق قو-
ڭىمىزنى كۆتۈرگەن بولساق، بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق بىرمۇنچە
پۇل خەجلەپ تۇرۇپمۇ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالماي سىقىلىپ،
زەردىگۆش بولۇپ، دەردىمىزنى ئالىدىغان ئادەم تاپالماي بىر -
بىرىمىز بىلەن ئىت - مۇشۈكتەك تالىشىپ ئولتۇرماي ئاپتوبۇستا
خاتىرجەم ئېغىناپ يېتىپ، خالىغىنىمىزنى قىلىپ ماڭغان بولات-
تۇق. ھەممىسى ئۆزىمىزدىن كەتتى. ئەمدى تولا تاپا - تەنە
قىلىشماي خۇدايىمدىن تىنچ - ئامانلىق تىلەيلى.

خام سېمىزنىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر شاپ بۇرۇت

بىلەن ياغاق يۇز جەم بولدى. شۇ تاپتا ئۇلار جەم ئولتۇرغىنى
بىلەن خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. يۈرەكلىرىنى تەسۋىرلىگۈسىز
بىر پۇشايمان قۇرتتەك غاجىلايتتى، ئازابلايتتى. شۇنداق، كىم
ئۇلارنى بۇرۇنراق ئۇرۇمچىگە بېرىشقا تەرەددۇتلەنمىسۇن دەپتۇ.
بۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە تاپا
قىلىشمايتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئوي - خىياللىرى ئاشۇ پۇشاي-
مانلىق ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇغانىدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بېرى يېزىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق
ئەرباب تولا ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم
ئاغرىپ قالغاندا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك
كېسەلخانىسىدا بىرەر ھەپتە يېتىپ داۋالىنىپ چىقاتتى. ئاشۇ بىر
ھەپتە ئىچىدە پۇتكۇل يېزا تەۋرەپ كېتەتتى - دە، يوقلاشقا
كىرگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەلۋەتتە ئاشۇ ئايىغى ئۈزۈل-
مەي كېلىۋاتقان كېسەل يوقلىغۇچىلار قاتارىدا يۇقىرىدا بىز تونۇ-
شۇپ چىققان ئۈچ پېرسوناژىمىزمۇ بار ئىدى. ئۇلار باشقىلاردىن
بۇرۇنراق تۇتۇش قىلىپ نەق پۇل ۋە توخۇ سۇتىدىن باشقا نەرسى-
لەر بىلەن يوقلاش قېتىم سانىمۇ يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقانداق
«كالتە ئاقساقال» لارنىڭكىدىن جىق ئىدى.
كۆزگە يېقىن ئەرباب ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئۇزۇنراق
يېتىپ قالدى. ئۇنى دوختۇرخانىدا ھەپتىدىن ئارتۇق ياتمايدۇ،
دەپ بىر قېتىمدىلا چوڭراق يوقلىۋەتكەنلەر لېۋىنى چىشلەپ تۇ-
رۇپ يەنە يوقلاشقا مەجبۇر بولدى (ئەربابتەك كاتتا ئادەمنىڭ
كېسىلىنى پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن يوقلاپ كىرىشكە
بولمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە). شاپ بۇرۇت، خام سېمىز ۋە ياغاق
يۈز ئۈچى ئەربابنىڭ كېسىلىنى تۆتىنچى قېتىم يوقلاپ كىرىش-
نىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يېزىغا بىر شۇم خەۋەر
تارقالدى:

— ئەربابنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمىش…
— ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىنارمىش…
— ئەربابنىڭ كېسىلى ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىدىمۇ شىپالىق تېپىشى ناتايىنمىش…
— ياق، ناھىيىدىكى دوختۇرلار ئۇرۇمچىدە داۋالانسا چاتاق يوق ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپتىمىش…
— ياق، ئەربابنىڭ كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن، داۋالانغاچ ئۇرۇمچىدە بىرنەچچە ۋاخ تاماشا قىلىپ كېلەرمىش…
ئەربابنىڭ داۋالانغىلى ئۇرۇمچىگە بېرىشى بۇ ئۇچەيلەنگىلا ئەمەس، يېزىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن شۇم خەۋەر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئەمدى يانچۇقىنىڭ تېگىنى تېخىمۇ بەك كولاپ، سىقىمغا تولغۇدەك پۇل يوللۇق تۇتۇپ، ئەربابنىڭ كېسىلىگە شىپالىق، سەپىرىگە ئاقيول تىلىشى كېرەك ئىدى.
بۇ ئۇچەيلەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشتى ـ دە، ھەربىرى ئىككى مىڭ يۈەندىن پۇل كۆتۈرۈپ كىرىپ ئەربابقا يوللۇق تۇتتى ۋە چىن يۈرىكىدىن ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشتى، ئەربابنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك ئالىقىنىنى قىيىمغان ھالدا چىڭ ـ چىڭ سىقىشتى.
ھەربىرى بىردىن كەنتنىڭ بېشى بولغان بۇ ئۈچ كىشى جانجىگەر دوستلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى شېرىك، تېرىلغۇ يەر ـ ئېتىزلىرى تۇتاش، قول ئاستىدىكى نوپۇس — دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى قوشنا ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ ئۈچى يېزىدىكى ئاشۇ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەربابنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى لەببەيچىلىرىدىن سانىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئەرباب يېزا تەۋەسىدىكى باشقا «كالتە ئاقساقال» لارغا قارىغاندا، بۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى.
ئەرباب ئۇرۇمچىگە داۋالانغىلى كېتىپ ھەپتە ئۆتكەندە بۇ ئۈچ ئاغىنە يېزىدىكى باشقا «كالتە ئاقساقال» لاردىن بۇرۇنراق ئۇرۇم-

چىگە بېرىپ، ئەربابىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كېلىشنى مەسلىھەت-
لەشتى ـ دە، جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. «ھامىنى
يوقلاپ بارىدىغان بولغاندىكىن باش بۇرنىدا بىز بېرىپ ساداقىتى-
مىزنى بىلدۈرۈپ كېلەيلى» دېيىشتى ئۇلار. ئەپسۇس، ئەنە شۇ
پەيتتە ئۇرۇمچىدىن ھېچكىم كۈتمىگەن بىر شۇم خەۋەر كېلىپ
قالدى. خەۋەر ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق
ئىدى. ئەربابىنىڭ كېسىلىگە ئۇرۇمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلار-
دىنمۇ داۋا چىقماپتىمىش، ئۇرۇمچىدىكى كاتتا دوختۇر: «بۇرۇن-
راق كەلمەي كېسىلىڭنى پىشۇرۇپ قويۇپسەن» دەپ ئەربابقا
كايىپتىمىش. ئەربابىنىڭ جىق بولسا يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئايلىقلا
ئۆمرى قاپتۇمىش…

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاۋۋال شاپ بۇرۇت ئۇرۇمچى سەپىرىنى
كېچىكتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە سەۋەب كۆرسەتتى:

— ھازىر كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمنىڭ ئالدىراش مەزگىلى.
مەن بىر يەرگە كېتىپ قالسام، كەنتتىكى باشقا كادىرلار ئىشنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئىش ئاقساپ قالسا، جەرىمانە تۆلىگەن-
نىڭ سىرتىدا بىر پاتمان دەشنام ئىشىتىدىغان گەپ. بىرنەچچە
ۋاخ تۇرۇپ تۇراي.

— بىزنىڭ كەنتتىمۇ ياساۋاتقان پارنىكلار تېخى پۈتمىدى.
دېھقانلار: «ھەممىمىز بىرمودىن پارنىك قىلىۋالساق، پارنىكتىن
چىققان ئوتياشنى قىشچە كىم ئالىدۇ» دەپ بىر ئامال قىلىپ
پارنىكتىن قېچىۋاتىدۇ. مەن بېشىدا قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ پار-
نىكلارنى پۈتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ بېشىغا مەجبۇرىي كىيدۈرمى-
سەم، باشقىلار بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سەل ئالدى-
رىمايراق بارايلىمىكىن دەيمەن، — دېدى ياغاق يۈزمۇ سەۋەب
كۆرسىتىپ.

خام سېمىز ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى. ئۇمۇ ئاللىبۇرۇن
شۇنداق قارارغا كېلىپ، ئۇرۇمچىدىكى سەپىرىدىن يالتىيىپ بول-

غانىدى.
ئەمما ئاشۇ شۇم خەۋەر تارقىلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە يېزا تەۋەسىدىن ئەربابنىڭ كېسىلىنى يوقلاشقا كەتكەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئۆمەك قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تار-قالغان ھېلىقى شۇم خەۋەر يالغانمىش، ئەرباب خېلىلا ساقىيىپ قالغانمىش. ھەتتا ئەربابنىڭ داۋالىنىش جەريانىدا تېخىمۇ سەمىرىپ، ئاقىرىپ، تېتىكلىشىپ قالغانلىقى، تولىمۇ خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ قۇلاقتىن قۇلاققا يەتتى. ئەرباب كېسىلى توغرۇلۇق تارقالغان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەنمىش. دوست - يارەنلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ سالام يوللىغانمىش.
بۇ خەۋەر بۇ ئۈچ ئاغىنىنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. خام سېمىزنىڭ ئۇرۇمچىگە تېزرەك يولغا چىقىش تەكلىپىنى شاپ بۇرۇت بىلەن ياغاق يۈز تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن يەنە رەت قىلدى. ئەلۋەتتە ئۈچىلىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ناۋادا ئەربابنىڭ كېسىلى شىپا تاپقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر يالغان چىقسىچۇ؟ ئۇلار ھېلىمۇ ئۈنى ئۈرۈمچىگە خېلىلا جىق پۇل يوللۇق تۇتۇپ يولغا سالغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۈرۈمچىگە يوقلاپ بارسىمۇ بىرمۇنچە سەپەر چىقىمى تارتقانىنىڭ سىرتىدا ئاز پۇل كۆتۈرۈپ بارغىلى بولمايتتى. ھېلىقى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھەر-بىرى ئەربابقا تۆت - بەش مىڭ يۈەندىن ئاددىمگەرچىلىك قىلغانلىقى ھەققىدە مىش - مىش پاراڭلار قۇلاقتىن قۇلاققا پىچىرلاپ يۈرەتتى. يېزا بويىچە ھەممە ئىشتا «ئەڭ»نى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ نەپەر «كالتە ئاقساقال» ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى. ناۋادا شۇنچە ھەشەم - دەرەم بىلەن بېرىپ بىر ساقايماس كېسەلنى يوقلاپ قالسا، ئۇلار ئۈچۈن بۇ بەكمۇ ئەلەملىك ئىش بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىشەنچلىك ئۇچۇر ۋە پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ھەئە، ئەقىلنىمۇ، پۇلنىمۇ جايىغا ئىشلى-

تىش كېرەك - دە!
شۇ ئارىلىقتا يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئەرباب ئۇلارنىڭ چۈشىگە بىرنەچچە قېتىم ئايان بولدى. قىزىق يېرى، ئۈچىلىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئوخشاش ئىدى. چۈشلىرىدە ئەرباب ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىغانمىش، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانمىش. ئەربابنىڭ كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۈچۈكى بىردىنلا غايەت زور ۋەھشىي مەخلۇققا ئايلىنىپ ئۇلارنى تالىغانمىش. يامان چۈشتىن ئويغىنىپ ئۈچىلىسىنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا ئۇششاق قوقاق چىقىپ كەتتى، يۈرىكى ئېغىپ بىرنەچچە كۈن ۋەھىمىدە يۈردى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا يېزا تەۋەسىدىكى پونكىت - مەكتەپلەرنىڭ، تارماق كەنتلەرنىڭ «كالتە ئاقساقال»لىرى ئۈرۈمچىگە بىر قېتىمدىن بېرىپ كېلىشتى ۋە ئەربابنىڭ بۇ ئۈچەيلەنگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈشتى. ئەرباب ئۇلارغا: «بۇ ئۈچىنى بەكمۇ سېغىندىم. قابىل ياردەمچىلىرىم، يېقىن قول - قاناتلىرىم ئىدى. يۇرتقا بارغاندا ئۇ ئۈچى بىلەن پۈخادىن چىققۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالمىسام بولمايدۇ» دېگەنمىش. ئەربابنىڭ پۈخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋېلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، ئۈچىلىسىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باستى. ئۇلار يېزىدىكى چوڭ - كىچىك «كالتە ئاقساقال»لارنىڭ ئەربابنىڭ ئاشۇ «پۈخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋېلىشى»دىن ئەنسىرەپ، خالىمىسىمۇ ئۈرۈمچىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. «ئەرباب سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتىمىش، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن يۇرتقا قايتىپ كېلەرمىش...»
ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كېتىشتى، چاقماق تېزلىكىدە ئۈرۈمچى سەپىرىگە جابدۇنۇشتى. خېلى ئۇزاق باش قاتۇرۇپ، ئەربابنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش

ۋاقىتنى ھېسابلاپ، ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن بارسا ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، دەرھال ئايروپىلان بىلەن بېرىشنى قارار قىلىشتى. شەھەرگە كىرىپ ئايروپىلان بېلىتىگە پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا يۈرەكلىرى پىژىلداپ ئېچىشتى. چۈنكى، ئايروپىلان بېلىتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ خېلىلا قىممەت ئىدى، ئامالسىز غۇدۇراپ ـ غۇدۇراپ تۇرۇپ پۇل تاپشۇرۇشتى.

ئايروپىلان ماتورىنىڭ گۈرۈلدىشى باشقا يولۇچىلار ئۈچۈن يېقىمسىز تۇيۇلسىمۇ، بۇ ئۈچ نەپەر يولۇچىغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ يېقىمسىز گۈرۈلدەشتىن ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلىشاتتى.

## 2

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. يولۇچى كۈتۈپ نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان شوپۇر يىگىت بايا سېتىۋېلىپ تېخى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىرنەچچە پارچە گېزىتنىڭ ئېلان بەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى. گېزىتتىكى بىرنەچچە پارچە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. چۈنكى، مېھمانساراي، سودا ساراي ۋە رېستورانلارغا مۇلازىمەتچى ياللاش توغرۇلۇق چىقىرىلغان بۇ ئېلانلار ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بۇ يىگىتنى جەلپ قىلالمىدى. ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمىگە ئىشەنچ قىلغان بۇ يىگىت، ئۆگەنگەن كەسپىگە ماس كېلىدىغان ئورۇنلاردىن ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىش ئىزدەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. گېزىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېلان بەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ بولغان يىگىت بارلىق دەرد ـ ئەلىمىنى چىقارماقچى بولغاندەك گېزىتنى «پاققىدە» تاشلىدى ـ

ده، لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇرۇپ چاقماق ياقتى.
يىگىتنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈپ تۇرغىنىغا
مانا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىش ئىزدەپ
توختىماي قاتىردى. كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خىز-
مەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خېلى ئىشەنچلىك ئۇ-
چۇرلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما مەسئۇل كىشىلەر ھەر خىل
تۈتۈرۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ
ئاشۇ ئىش ئورنىغا ئاشۇ كەسىپ بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر-
نىڭ قوبۇل قىلىنغىنىنى بىلگىنىدە قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئازاب-
لاندى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ قول ـ ئىلكىدە بار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى
ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ پىكاپنى ئېلىپ بېرىپ يولغا
چىقىرىپ قويدى. مانا ئۇنىڭ تاكسى ھەيدەۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن
ئاشتى. ئەمما، «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپ-
تۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ تازا يۈرۈشمەيۋاتاتتى. ئۇ
پات ـ پات ئۆزىگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مۇۋاپىق
خىزمەت تاپالمايۋاتقان دوستلىرىدىن بىرنەچچىسى بىلەن بىر يەر-
گە كېلىپ قانغۇدەك ھاراق ئىچىپ، پىغانىنى چىقىراتتى، ئىشقا
ئورۇنلىشىشتىكى ناھەقچىلىكلەر ھەققىدە دەرد تۆكۈشەتتى. ئۆ-
گەنگەن كەسپى دائىرىسىدە ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇلىرىنى بىلدۈ-
رۈشەتتى... ئەمما، مەبلەغدىن ئىبارەت چوڭ داۋان بۇ ياشلارنى
گاڭگىرىتاتتى.
ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ كۈتۈش زالىدىن يولۇچى-
لار چىقىشقا باشلىدى. شۇ ھامان تاكسى شوپۇرلىرى جانلىنىپ
كېتىشتى. ھەر خىل تىپتىكى كىرا ماشىنىلىرى بىر قەدەم ـ
بىر قەدەمدىن ئالدىدا سىلجىشقا باشلىدى. يىگىتنىڭ پىكاپى
خېلىلا ئارقىدا ئىدى. ئۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا پات ـ پات
ئالدىدىكى ماشىنىلارغا ۋە يولۇچىلارغا قارايتتى، تېزرەك كىرا
تېپىپ قايتىشقا ئالدىرايتتى.

تۆيۇقسىز ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان دېھقان سۇپەت ئۇچ يولۇچىنى كۆرۈپ يىگىت بىردىنلا ئۇمىدلەندى. ئۇچ يولۇچى بىردىن يوغان ماش رەڭلىك بىرېزېنت سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، ئەتراپقا ھەم قىزىقىپ، ھەم ياتسىراپ قاراشقىنىچە كالانپاي دەسسەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئارقىدىراق سۆرىلىپ كېلىۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇق گېزىت قەغىزىگە ئورىۋالغان مۇشۇكىنىڭ قۇيرۇقىدەك توملۇقتىكى تاماكىسىنى ئىشتىھا بىلەن شورايتتى. شۇ تاپتا ئۇ تاماكا چېكىشتىن باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.

يىگىت پىكاپنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇۋېلىشاملا، ئاكىلار؟

ئۇلار يىگىتكە بىرنەچچە دەقىقە تەئەججۈپ بىلەن قاراشتى.

— بولاپتۇ، چىقساق چىقايلى، — دېدى خام سېمىز پىكاپقا يېقىنلىشىپ.

شۇ ھامان ياغاق يۈز خام سېمىزنى پېشىدىن تارتىپ توختاتتى - دە، شوپۇر يىگىتتىن سورىدى:

— ئۈرۈمچىگە نەچچە پۇلغا ئەچىرىپ قويالا، ئۇكام؟

يىگىت ساددىلىق بىلەن سورالغان سوئالغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر ھېسابتا ئۆزلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدۇم دەپ ھېسابلىسىلىمۇ بولىدۇ، ئاكا. ئەمما، ئۈرۈمچىنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ. ھەرقايسىلىرى نەگە بېرىشلىكىن؟

— دوختۇرخانىغا بارىمىز، — دەپ ئالدىراش جاۋاب بەردى ياغاق يۈز.

— ئۈرۈمچىدە دوختۇرخانا بەك جىق، قايسى دوختۇرخانىغا بېرىشلىكىن؟

— بىزنىڭ يېزىنىڭ شۇجىسى قا شۇجى داۋالىنىۋاتقان دوخ-

تۆرخانىغا، — دېدى شاپ بۇرۇت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە.
يىگىت قىستاپ كەلگەن كۆلكىسىنى بوغۇزىدىلا توختىتىۋالدى. ئۇنىڭغىچە شاپ بۇرۇتلۇقنىڭ هاماقەتلەرچە بەرگەن جاۋابىنى خام سىمىز تۈزەتتى:
— ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى دوختۇرخانىغا بارىمىز، كىرانى ئەرزانىراق ئالالا، ئۇكام. بىز دېگەن دېهقان خەق.
يىگىت بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:
— مەن سىلەرگە مانچە پۇل بېرىڭلار دېسەم بەلكىم سىلەر باهانى قىممەت كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن. مۇنداق قىلايلى. ماشىنامنىڭ هەق هېسابلاش ئۈسكۈنىسىدىكى باها بويىچە هەق هېسابلايلى. ئىككىنچى دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن ئەمەلىي هېسابلانغان باهادىن يىگىرمە كوي كەم بېرىڭلار، بولامدۇ؟
ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەڭلا پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا يۈگۈرەشتى - دە، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، قىستىشىپ، كۆلكىلىك بىر هەرىكەتلەرنى قىلىشتى. ئاخىرىدا غالىب كەلگەن شاپ بۇرۇت ئالدى ئىشىكنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى.
— خاپا بولمىسىلا، ئاكا، — دېدى شوپۇر يىگىت ئەدەپ بىلەن، — ئۇرۇمچىنىڭ قاتناش بەلگىلىمىسىدە كەچ تەرەپتە كىرا ماشىنىسىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئەر كىشى ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا كەينىدە ئولتۇرغان بولسىلا.
شاپ بۇرۇت نارازىلىق بىلەن ئىشىكنى «جالاققىدە» ياپتى - دە، ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ هەمراهلىرىنىڭ يېنىغا قىستالغىنىچە غۇدۇرىدى:
— پىكاپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان خوتۇن كىشىگە ساقلاپ نۇۋاخقىچە ئولتۇرارمىز ئەمدى.
شوپۇر يىگىت پىكاپنى يەڭگىل قوزغىدى.

پىكاپىنىڭ ئىچىدىكى شوپۇر بىلەن يولۇچىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۈمۈر توسۇق ئۇلارنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى.

— ئۈرۈمچىنىڭ شوپۇرلىرى خۇددى قەپەستە ئولتۇرغاندەك ماشىنا ھەيدەمدۇ نېمە؟ — دېدى ياغاق يۈز ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندىكى ۋەھىمە - جىددىيچىلىكلەر پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ، خاتىرجەملىك ئەكس ئەتكەن چىرايلىرىغا ئوبدانلا كۈلكە يۈگۈرۈپ قالغانىدى.

— ئاڭلىشىمچە، ئۈرۈمچىدە بۇلاڭچى - ئالدامچىلار بەك جىقمىش، شۇڭلاشقا شوپۇرلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن پىكاپىنىڭ ئىچىگە ئاشۇنداق قەپەس ئورنىتىۋالغان گەپ، — دېدى خام سېمىز.

— خۇداغا شۈكرى، — نېمىلىكام بولمىسۇن ساق - سالامەت يەرگە دەسسىۋالدۇق، — دېدى ياغاق يۈز، — يول بويى ئايروپىلان ئاسماندىن يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپ كېتەمدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ بولۇپ كەتتى، دەڭلا.

— قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىڭلىنى پوقلىمىغانسىلە، رازىق ئاخۇن سېكرېتار.

شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ چاقچىقىغا ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. شوپۇر يىگىتمۇ بۇ ساددا - تۈز چاقچاقتىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، قا شۇجى بىلەن بۇگۈنلا كۆرۈشۈپ ئاتىغان ئامانىتىمىزنى قولىغا ساق - سالامەت تەگكۈزۈۋالساق ھەممە غەمدىن خالاس بولاتتۇق، — دېدى خام سېمىز.

— نېمىگە ئۇنچە ئالدىرايسىلەر، ئەتە يورۇق جاھاندا بىرەر رېستورانغا باشلاپ چىقىپ، بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ ئالدىغا چىرايلىقچە قويارمىز، — دېدى شاپ بۇرۇت.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئەمىتاخۇن سېكرېتار، ئۈ-رۈمچى دېگەن بوش شەھەر ئەمەس. يانچۇقتىكى تۆت تەڭگە پۇل تۈگۈل ئىسسىق جاننى ساقلىماقمۇ تەس. ئالىمادىس بىرەر ئوغرى - يانچۇقچىغا ئۇچراپ قالساق...

— خۇدايىم ساقلا، ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە، — دېدى ياغاق يۈز قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بىرەر ھەپتە تۇرساق ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي پۇل يېتەر - ھە، ئاغىنىلەر، — سورىدى شاپ بۇرۇت كۆزنەكتىن سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ.

— خەجلەشلىرىگە باغلىق، — دېدى خام سېمىز.

— ئەمدى دەيمىنا، — دېدى شاپ بۇرۇت، — ئالەم تۆرلىپ ئۈرۈمچىگە ئاران بىر كەلگەندە راۋۇرۇس تاماشا قىلارمىز. ئېپىد-دە كېلىپ قالسا ئۈرۈمچىلىك چوكانلارنىڭ تەمىنىمۇ تېتىيامىز مۇنداق بى...

— سىلىگىغۇ ئاشۇنداق تاماشا بولسىلا بولىدۇ، — دېدى ياغاق يۈز.

— ئەمدى دەيمىنا، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئانچە - مۇنچە راھەتمۇ كۆرگۈلۈك. ئاشۇ نەرسىدىنمۇ ئارتۇق راھەت بارمۇ دەيلا بۇ جاھاندا، — شاپ بۇرۇت لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇڭمۇ سۆڭەكنىڭ تاتلىقلىقىدىن ئىت بولۇ-ۋالغۇم بار،... تاتلىقلىقىدىن پىت بولۇۋالغۇم بار، دېگەن گەپ بىكارغا چىقمىغان. سىلىمۇ ئاشۇنداق دەپ قويغانلىرى بىلەن بازاردىكى ھاراق دۇكىنى ئاچقان پاتەمخاننى تالىشىپ، ياش بالى-لار بىلەن قاپاق يېرىشقانلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ.

— ئەمدى ئۇ دېگەن بىر كەيپىلىك، دېسىلە.

— ھە شۇ، ئۈرۈمچىدىمۇ ئاۋۋال رېستورانغا كىرىپ ھاراق ئىچىمىز. ئاندىن سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان بىلىقتەك چوكانلار بىلەن ھى - ھى...

ئۇلار پىخىلداپ كۇلۇشۇپ كەتتى.
پىكاپتىكى بىر پەسلىك جىمجىتلىقنى ياغاق يۇز بۇزدى.
— هە راست، بىر گەپنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دېدى
ئۇ ئىككى هەمراھىغا قاراپ، — قا شۇجىڭگە قىلىدىغان ئادەمگەر-
چىلىكىمىز ئوخشاش بولسۇن، بىرىمىزنىڭ جىق، بىرىمىزنىڭ
ئاز بولۇپ قالمىسۇن.
— شۇنداق قىلايلى، — دېدى خام سېمىز تەستىقلاپ، —
باشتا قوڭىمىزنى كۆتۈرگەندە كەلگەن بولساقمۇ ئادەمگەرچىلىكى-
مىز ئازراق بولۇپ قالسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇجمى-
لىك، سايتۇگمەن، ئاچابېشى، شالدىراڭ كەنتلىرىنىڭ سېكرې-
تارلىرى ھەربىرى سەككىز مىڭ كويدىن ئادەمگەرچىلىك قىپتى-
مىش. بىز ئۇلاردىن ئاز قىلساق بولماس. شۇڭا مەن ئون مىڭ
كوي ئاتاپ قويغان…
— مەنمۇ شۇنچىلىك قىلارمىز دەپ پىلانلىغان، — دېدى
شاپ بۇرۇت.
— مەيلى ئەمىسە ئون مىڭ كويدىن بولسۇن، — دېدى ياغاق
يۇز، — بەربىر شەخسىي خەزىنىمىزدىن چىقىرىدىغان پۇل بول-
مىغاندىكىن.
— سىلىدىن گەپ يوشۇرمايمەن، سېكرېتار، — دېدى شاپ
بۇرۇت، — قۇشناچىمىنىڭ ساندۇقىدىن مىڭ كوي ئالدىم، كەنت-
تىكى مۇئاۋىن سېكرېتار، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ ھەربى-
رىدىن مىڭ كويدىن ئالدىم، قالدىسىغا كەنت مالىيىسىدىن بەش
مىڭ كوي پۇل ئېلىۋالدىم. بىر ھېسابتا شۇنچە جاپا تارتىپ
ئۇرۇمچىگە كېلىپ قا شۇجىنى يوقلىشىمىزمۇ ھۆكۇمەت ئىشى
ئۇچۇن دېسىلە، كېيىن يۇرتقا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ، «ئاز-
گال» نى تىندۇرۇۋالىمىز.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى ياغاق
يۇز، — ئوبدان غوس قويۇپ ئىككى مەرتەم باھالاش ئېلىپ

بارساق، ئالغان جەرىمانىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ.

— مۇشۇ دېھقان خەقمۇ ئۇششۇق بولۇپ كەتتى. ھە دېسىلا ناھىيىگە كىرىپ ئەرز قىلىپ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يېتىۋالىدۇ.

— ئۇلار ھەرقانچە ئەرز قىلغىنى بىلەن ھاكىم يەنىلا ئەرزنى سوراشقا قا شۇجىنى بۇيرۇيدۇ. قا شۇجى سالامەت ساقىيىپ كېلىۋالسىلا ئۇنچە غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ.

بىر خىل سۇرئەتتە پىكاپنى ھەيدىگەچ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان شوپۇر يىگىتنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەت-كەندى. ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئاللار ئەلەڭگىيتتى. ئۇ دەسلەپتە تېخى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن جاپاكەش دېھقانلارنى پىكاپىمغا سېلىۋالدىم، دەپ ئۆزىدىن خېلىلا پەخىر-لەنگەن، ئۇلاردىن يېرىم باھادا ھەق ئېلىپ، دېھقانلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا پىكاپىدا ئۈچ نەپەر جاپاكەش دېھقان ئەمەس، ئۈچ تۇياق تىرىكتاپ توڭگۇز ئولتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بايامقى پا-راڭلاردىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىگە نېمە سەۋەبتىن ئايروپىلان بىلەن ئالدىراش كەلگەنلىكىنى، دوختۇرخانىغا نېمە سەۋەبتىن ھازىرلا بېرىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەندى.

شۇ دەقىقىدە يىگىت كاللىسىدىن «يالت» قىلىپ كەچكەن بىر خىيالدىن دەسلەپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، كېيىن بۇ خىيال پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ خىيال قىلغانسېرى ئىشەنچكە تولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۈچلۈك بىر ۋەسۋەسە ئىلكىدە يانچۇقىدىن يانفونىنى ئالدى-دە، بىر قولىدا رولنى باشقۇرغاچ، بىر قولىدا بىرنەچچە نومۇرنى بېسىپ تېلېفوننى قۇلىقىغا يېقىن تۇتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت ۋە شۇ ھامان قارشى تەرەپكە خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

شوپۇر يىگىتنىڭ تېلېفوندا خەنزۇچە سۆزلىشىشى ياغاق يۈزنىڭ ئىچىنى پۇشۇردىمۇ قانداق ئىككى ھەمراھىغا قاراپ غۇدۇرىدى:

— ئۈرۈمچى دېگەن ئەجەب شەكىنا، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە گەپ قىلىشىدىغان. ماۋۇ بالىمۇ بىر ئوبدان ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ بولۇپلا، خەنزۇچە كالدىرلاپ كەتتىيا.

— ئۈرۈمچى دېگەن شۇنداق شە، — دەپ گەپ قاتتى خام سېمىز، — ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە گەپ قىلىشارمىش، ئاتا - بالا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىپ بىر - بىرىگە گەپ ئۇقتۇرالماسمىش.

گېزىت قەغىزىگە يەنە تاماكا ئوراشقا تۇتۇنغان شاپ بۇرۇت ئاللىقانداق شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئولتۇراتتى. يىگىت تېلېفوندا خېلى ئۇزاق خەنزۇچە سۆزلىگەندىن كېيىن، گېپىنى ئۇيغۇرچە ئاخىرلاشتۇردى:

— ماقۇل، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خاتىرجەم بول، قىلچىلىك چاتاق چىقمايدۇ. چاتاق چىقسا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.

شەھەرنىڭ ئىچى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرگە تۇنجى كەلگەن بۇ ئۈچ يولۇچى جاھاندا مۇشۇنداقمۇ نۇرغۇن ئادەملەر جۇغلاشقان، خۇددى ئورمانغا ئوخشاش سانجاق - سانجاق بىنالار بىلەن تولغان، كوچىلىرىدا پىكاپلار خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان شەھەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

شەھەرنىڭ كېچە مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېتىپ زېرىككەن ياغاق يۈز شوپۇر يىگىتتىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇكام، كېلەي دېدۇقمۇ - يە؟

— ئاز قالدۇق، — دېدى يىگىت خاتىرجەملىك بىلەن، — قارىماملا، ئالدىمىزدىكى تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنى. ئۇلار-

دىن يول تالىشىپ ماڭساق، قاتناش ساقچىلىرى جەرىمانە ئالىدۇ. مۇنداق قىلايلى بولمىسا، — دېدى يىگىت كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلگەن قىياپەتتە، — بۇنداق قەدەمدە بىر توختاپ قاتناش بەلگە چىراغلىرىغا قاراپ ماڭغۇچە شەھەر سىرتى بىلەن ئايلىنىپ ماڭامدۇق - يە؟

— ئىختىيارلىرى، — دېدى ياغاق يۈز، — ئىشقىلىپ، بىزنى دوختۇرخانىغا تېزرەك يەتكۈزۈپ قويسىلا بولدى.

پىكاپ ئاۋات، يورۇق كوچىلاردىن ئاندا - ساندا ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چىراغسىز قاراڭغۇ بىر كوچىغا شۇڭغۇدى. شۇ ئەسنادا شوپۇر يىگىتنىڭ يانفونى سايرىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت يانفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ، — ھە، بىلدىم، بولىدۇ، بىر ئاز ساقلا.

پىكاپ شەھەر سىرتىدىكى قويۇق بىر ئورمانلىققا كەلگەندە يىگىت تۇيۇقسىز رولنى سولغا بۇرىدى - دە، ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىكى تېخىمۇ قاراڭغۇ، تېخىمۇ تىمتاس بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئايروپىلاندا نېرۋىلىرى جىددىيلەشكەن ئۈچ يولۇچى بول- سا، بۇ چاغدا مۇڭدەشكە باشلىغانىدى.

شوپۇر يىگىت ئالدى تەرەپتىكى ئىككى گەۋدىنى نېرىدىن كۆرۈپ، پىكاپنى ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاتتى - دە، پىكاپ- تىن چۈشۈپ ئىككى دوستى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز كۇسۇرلاشقاند- دىن كېيىن، ئىككىيلەن پىكاپنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشىككە بىردىن كەلدى. يەنە بىر گەۋدىلىك يىگىت پىكاپ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يوغان قىڭراقنى تۇتۇپ تۇردى.

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئىشىكىنى زەرب بىلەن ئاچتى - دە، سول قولى بىلەن شاپ بۇرۇتنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇ- تۇپ، ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى گېلىغا تەڭلەپ غەزەپ بىلەن ۋار- قىرىدى:

— قوپە ئوغرى، توڭگۇزدەك ئۇخلاۋەرمەي.

بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن ئاۋۋال شاپ بۇرۇت، ئاندىن ياغاق يۈز بىلەن خام سىمىز چۆچۈپ ئويغاندى. غەزەپ بىلەن پىچاق تەڭلەپ تۇرغان شوپۇر يىگىتنى، پىكاپنىڭ ئالدىدا ۋە يەنە بىر ئىشىكىدە پىچاق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ، قورقۇنچىتىن ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى، كالپۇكلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدىدى، بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى.

— بولە، ئوغرى، پارقىراپ تۇرماي. يېزىدىكى دېھقانلارنى قاقشىتىپ، باشلىق ئاكاڭغا پوداقچىلىق قىلغىلى ئەكەلگەن پۇل- لارنى چىقار.

— جېنىم ئۇكام… بۇ… بۇ…

— ھېلى بىكار… پۇلنى چىقىرامسەن ياكى ئۆلۈكۈڭنى مۇشۇ تاغدا قالسۇن دەمسەن. پۇلنى بېرىپ سېسىق جېنىڭنى ساقلاپ قالغىنىڭ تۈزۈكمىكىن.

شوپۇر يىگىت پىچاقنى شاپ بۇرۇتنىڭ گېلىغا تېخىمۇ بەك نىختىدى.

يۇرتتا دېھقانلارغا بۇقىدەك ھۆركىرەپ كۆنۈپ قالغان شاپ بۇرۇت ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى شۇ تاپتا خۇددى ئېرىدىن ناھەق تاياق يېگەن ئايالدەك يىغلاشقا باشلىدى.

— نېمە خوتۇن كىشىدەك پوتلىسىنى ئېقىتىدۇ ماۋۇ نېمە- لەر، — دېدى پىكاپنىڭ يەنە بىر ئىشىكىدە تۇرغان يىگىت ياغاق يۈزنىڭ كومشىرىغا زەرب بىلەن بىر مۇشت سېلىپ، — سەنلەر ئۆلمەي تۇرۇپ پۇلنى بېرىشمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بېرەيلى، ئۇكام، بېرەيلى، — دېدى ئوتتۇرىدا ئولتۇر- غان خام سىمىز غال - غال تىترىگىنىچە، — بولۇشسىلا، پۇلنى چىقىرىشسىلا. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. جېنىمىز ھايات قالىدىغانلا ئىش بولسا، نېمىنى دېسە شۇنى بېرەيلى.

— ئالدىرىماي تۇرۇش، — دېدى شوپۇر يىگىت، — ھە،

ئاۋۋال سەن چىقار، قالغان ئىككىڭ مىدىرلىماي جىم تۇرۇش.

— ماقۇل - ماقۇل، — دېدى شاپ بۇرۇت خىرتىلداپ يىغلىغىنىچە. ئۇ پىكاپنىڭ ئىچىدە قىستىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شوپۇر يىگىتكە يېلىندى، — پۇل كالتە ئىشتاننىڭ يانچۇقىدا ئىدى، ئۇكام. بۇ يەردە قىستىلىپ ئالغىلى بولمىغۇدەك.

— ئۇنداق بولسا كىيىملىرىڭنى بىردىن - بىردىن يەش. — دېدى شوپۇر يىگىت.

شاپ بۇرۇت ئىلاجسىز كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. شوپۇر يىگىت ئۇنىڭ سالغان كىيىملىرىنى يەنە بىر يىگىتكە ئۇزاتتى. ئۇ، كىيىملەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، پۇللارنى پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا تاشلىدى. شاپ بۇرۇت بىردەمدىلا قىپيالىڭاچ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خام سېمىز، ئەڭ ئاخىرىدا ياغاق يۈز يالىڭاچلاندى. يىگىتلەر سالدۇرۇۋالغان كىيىملەرنى يولنىڭ بىر چېتىگە دۈۋىلەپ قويغاندى.

— ھە، ئەمدى پىكاپتىن بىر - بىرلەپ چۈشۈشە، — دېدى شوپۇر يىگىت.

قىپيالىڭاچ ئۈچ يولۇچى قوللىرىدا ئالدىلىرىنى چاڭگاللىغىنىچە پىكاپتىن چۈشتى. سىرتتا سۈس قار يېغىۋاتاتتى، سوغۇق نەشتەردەك سانجىلاتتى. يالىڭاچلانغان ئۈچ يولۇچى خىرتىلداپ يېقىنلاشقىنىچە دىر - دىر تىترەيتتى.

شوپۇر يىگىت پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدىكى بىر دۆۋە پۇلنىڭ ئارىسىدىن ئالتە يۈز يۈەن پۇلنى ئايرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئېلىشە، بۇ پۇل بىلەن كىرا قىلىپ يۇرتۇڭغا كېتىۋېلىش. بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى قاقشاتماي ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىشارسەن. ھەممىڭ پىكاپقا كەينىڭنى قىلىپ تۇرۇش. پىكاپنىڭ كەينىدىن قارايدىغان بولساڭ، پىكاپقا دەسسىتىپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن.

ئۇلار دەرھال كەينىگە ئۆرۈلدى. شۇ ھامان شوپۇر يىگىت پىكاپنى قوزغاپ ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا پىكاپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 3

ئازادە، يورۇق، ھەشەمەتلىك كېسەلخانا. چىغ يوللۇق بىمارلار كىيىمى كىيىۋالغان ئەرباب دېرىزە تۈۋىدە ئۆرە تۇرغىنىچە كرېسلودا پۈتىنى ئالماپ ئولتۇرغان يىگىتكە قولىنى شىلتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتاتتى:

— ھە، دېگىنە؟ مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا ئەمدى يەنە نېمە قىلىپ بېرىمەن ساڭا. ئوقۇيمەن دېگەن مەكتىپىڭگە ئوقۇشقا ئەۋەتتىم. ئوپچە ياتاقتا ياتمايمەن دېدىڭ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ مەكتەپ سىرتىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم. ئايلىق خىراجىتىڭگە مىڭ كويدىن پۇل ئەۋەتتىم، كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ئېلىپ بەردىم. سېنى ئالتە قېتىم ساقچىخانىدىن ئاچىقىش جەريانىدا ئون مىڭ كويدىن ئارتۇق جەرىمانە تۆلەپ بەردىم. ئېيتە، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى ساڭا. ياخشى ئوقۇپ نېنى پۈتۈن ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭگە بولىسەن. مەكتەپتىن ھەيدىۋەتكەن بولسا مېنىڭ بېرىپ سۆزلەشكىنىم بىكار. ئەمدى مەن بىلەن بىللە يۇرتقا قايت. بىر ئامالىنى قىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى مۇشۇ. مەندىن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۈمىد كۈتمە.

— ئۇنداق سەھرايىقىيامەتكە ئۆزۈڭ بار، — دېدى يىگىت قولىنى سىلكىپ، — مەن ئۈرۈمچىدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— دەپ باقە، ئۈرۈمچىدە قېلىپ نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

ئەرباب ئوغلىغا قاراپ دېۋەيلىدى.

يىگىت پەرۋاسىزلىق بىلەن خاتىرجەم جاۋاب بەردى:

— پۇل بەر، تىجارەت قىلىمەن.

— پۇل بەر؟ سەن مېنى پۇلنى يولدىن غازاڭ سۇپۇرگەندەك سۇپۇرۇۋالىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— كارىم يوق. سەن ئۇچۇن ئىككى — ئۇچ يۇز مىڭ كوي دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس. ئىشقىلىپ، ماڭا تىجارەتكە دەسمايە قىلغۇدەك پۇل بەرسەڭلا بولدى.

— ئۇخلاپ چۇشۇڭ!

ئەرباب شۇنداق دەپ قولىنى سىلكىدى-دە، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا كېچە-كۇندۇز يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پىستە كۇچۇكمۇ بىللە كىرىپ كەتتى. تۇيۇقسىز تازىلىق ئۆيىدىن پىستىنىڭ ئېچىنىشلىق غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەرباب ئوغلىدىن ئالالمىغان دەردىنى پىستىدىن ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا ياتاقتا شاپ بۇرۇت، خام سېمىز، ياغاق يۇز قاتارلىق ئۇچەيلەن سالپىيىشقىنىچە ھودۇقۇپ-تەمتىرەپ كىرىپ كېلىشتى-دە، يىگىتنى كۆرۇپ كۆرۇشۇش ئۇچۇن ئېگىلگىنىچە قول تەڭلەپ كەلدى.

يىگىت ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىمايلا ئۇلارغا قولىنى ئۇزاتتى.

— سالامەت تۇردىڭىزمۇ، ئالىمجان ئۇكام. قا شۇجى كۆرۇنمەيدىغۇ؟ — سورىدى ياتاقتا تېزلا نەزەر تاشلاپ چىققان ياغاق يۇز.

— ئۇبۇرنىدا، — دېدى يىگىت پەرۋاسىزلا ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن يەلكىسىگە چۇشۇپ تۇرغان چاچلىرىنى تاراپ.

— ئۇبۇرنىدا؟ — دېدى خام سېمىز يىگىتكە قاراپ، — ئاپلا، ئۇيەردىن قاچان كېلەر ئەمدى؟

— خالادا، — دېدى يىگىت قاپىقىنى تۇرۇپ، — ئاشۇ گەپنىمۇ چۇشەنمەيدۇ.

ئۈچەيلەن گۈناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى. ياتاقتا مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەرباب پىستىنى ئەگەشتۈرگىنىچە تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. تېخى ھېلىلا ئازار يەپ غىڭشىپ كەتكەن پىستە ئەربابنىڭ ئايىغى ئاستىدا قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

ئۇلار ئەربابنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا ئاتتى ـ دە، ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا يوقلاپ كەلمىگەنلىكىدىن خېلىلا ئاداۋەت تۇتۇپ قالغان ئەرباب، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ خېلىلا يۇمشاپ قالدى.

— بولدى، بولدى، ئۆزۈڭلارغا ھاي بېرىڭلار.

ئەرباب خېلى بەزلەپمۇ ئۇلارنى يىغىسىدىن توختىتالمىدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— بولدى قىلىش، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش. ئاناڭ ئۆلدىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ.

ئەزەلدىن ئەربابنىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنداپ كۆنۈپ قالغان بۇ «لەببەي» چىلەر شۇ ھامان يىغىدىن «شىپپىدە» توختاشتى ـ دە، ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ يىغىسىنى، كېسىلىم توغرۇلۇق يۇرتقا تارقالغان يامان خەۋەرلەرنىڭ سەۋەبىدىن دەپ چۈشەنگەن ئەرباب ئۇلارغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم. ئەتە دوختۇردىن چىقىمەن. كېسىلىم توغرۇلۇق يۇرتقا يالغان ـ ياۋىداق گەپ تارقاتقان بەتبەختنى تېپىۋالسام ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن. ھەرقاچان دۈشمەنلىرىمنىڭ ئويۇنلىرى بۇ. ئۈچىلىڭنى سېغىنىپ تۇراتتىم. ھەرنېمە بولسا كەپسىلەر. ئۈرۈمچىدە بىرەر ـ ئىككى كۈن راسا تاماشا قىلىشىۋېلىپ، ئاندىن يۇرتقا بىللە قايتارمىز.

ئەربابىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلار قايتىدىن يىغىسىنى باشلىدى. پوتلا - ماڭقىسىنى ئېقىتىشىپ تۇرۇپ دادلاشتى:

— بىزگە كېلىشمەسلىك كەلدى، قا شۈجى… ھۇ - ھۇ…

— ئاخشام ئايروپىلاندىن چۈشۈپ بىر تاكسىغا ئولتۇرغانتۇق…

— يۈزىنىڭ قېنى بار يېتىمكەن دېسەك، بىر بۇلاڭچىكەن ئەمەسمۇ… ھۇ - ھۇ…

— تېلېفوندا خەنزۇچە كالدىرلىسا بىلمەپتىمىز…

— ئاغىنىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ…

— مېنىڭ يىگىرمە بىر مىڭ كوي پۇلۇمنى…

— مېنىڭ ئون سەككىز مىڭ كويۇمنى…

— مېنىڭ ئون توققۇز مىڭ كوي پۇلۇمنى…

— قاراقچىغا ئۇچرىدۇق، قا شۈجى…

— ۋاي قانداق قىلارمىز ئەمدى…

— زۇۋانىڭنى يىغىش، پوق زەمبىلى ئوغرىلار! — دېدى قا شۈجى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. ئۇ شۇ تاپتا ئاخشام نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇچەيلەننى قانداق پالاكەت باسقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى بۇلاڭچىغا بېرىپ قويغاندەك يۈرىكى شۇنداق ئېچىشتىكى غەزەپتىن پۈتكۈل ئەزايىدىكى ھەممە قانلار مېڭىسىگە تەپتى.

قا شۈجىنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئۇلار سۈغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك شۈمشىيىشتى.

— ھۇ قاپاق باشلار. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر كىمنىڭ تېگىدە قېلىشقانمىدىڭ، بۇرۇنراق كېلىشمەي. مېنىڭ ئەتە ياتاقتىن چىقىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكىن ساقلاپ تۇرۇشساڭ بولماملۇ، ئۇرۇمچىدە سوۋۇتۇپ قويغان بىرنەرسە باردەك ئايروپىلاندا كېلىشكىچە. چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش. قۇلىقىڭنى دىڭ

توتۇپ ئاڭلاش: بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن. ناۋادا ئەل -
يۇرتقا يېيىلىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق گەپ
ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، يەتمىش پۇشتۇڭنى كۆزۈڭگە كۆرسى-
تىمەن. قالدى گەپنى يۇرتقا بارغاندا دېيىشىۋالىمىز. مېڭىشە،
ھازىرلا بېكەتكە بېرىپ يۇرتقا قايتىش. ئۇرۇمچىدە بىر كۈن
تۇرۇپ قالغىنىڭنى بىلىپ قالىدىغان بولسام، ئۆزۈڭگە ھېزى
بولۇش، ھۇ پوق قورساق شوۋىچىلار.

ئەربابنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، پىستە كۇچۇك ئۇلار-
غا قاراپ قاۋاشقا باشلىدى. قا شۇجى «لاغ - لاغ» تىترەپ تۇرغان
ئۇچ كىشىگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— يوقىلىش دەيمەن، دۆت ئېشەكلەر!



# تاز ۋە چىۋىن

— خەلق چۆچەكلىرى ئىزىدىن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يۇرتتا ئىككى ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئەمەت، بىرىنىڭ ئىسمى سەمەت ئىدىكەن. ئۇلار شۇنچىلىك ئېچىل - ئىناق ئۆتىدىكەنكى، ھەر كۇنى بىرەر ۋاخ تاماقنى بىللە يېمەي كۇنى ئۆتمەيدىكەن. ئەل - يۇرت ئۇلارنىڭ ساداقەت، ئەقىدە ئۇستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقىغا قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك يېقىنلىقىغا قاراپ كىشىلەر ئۇلار توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىدىكەن. بەزىلەر بۇلارنى ئاكا - ئۇكا دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ياق، ئاكا - ئۇكا ئەمەس دېيىشىدىكەن، ياق، ئۇلار ئانا بىر، دادا باشقا ئاكا - ئۇكىلار دېيىشكۇچىلەرمۇ ۋە ياكى نەۋرە تۇغقانلار دېيىشكۇچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئىشقىلىپ، كىشىلەر نېمىلا دېيىشمىسۇن ئۇلارنىڭ بىر قوۋم ئىكەنلىكى راست ئىكەن.

كۇنلەر ئۆتۇپتۇ، ئايلار ئۆتۇپتۇ، يىللار ئۆتۇپتۇ. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ دوستلۇقى يىلدىن - يىلىغا چىڭىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەر كۇنى ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىنى تۇگەتكەندىن كېيىن بىر يەرگە كېلىدىكەن - دە، بىرى قولىغا دۇتارنى ئالسا، يەنە بىرى داپنى ئېلىپ نەغمە قىلىدىكەن. بىر كۇنلۇك دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن قولى بوشىغان يۇرت خەلقىمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا جۇغلىشىدىكەن - دە، پۇخادىن چىققۇچە مەشرەپ ئوينايدىكەن. مەشرەپتە دوستلۇق، ئەقىدە، ساداقەتمەنلىك، ئىناقلىق، ئىتتى-

پاقلىق مەدھىيىلەنگەن ناخشىلار تەڭ كېچىگىچە جاراڭلايدىكەن. بىر جۈپ يىگىتنىڭ دوستلۇقى، ساداقەتمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن يۇرت خەلقى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن بولغان نىزا - ئاداۋەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، شۇنچىلىك ئىناق - ئىتتىپاق ياشاشقا باشلاپتۇكى، ئاخىرىدا بۇ يۇرتتا «سەن - پەن» دېيىشىپ قالغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. ئىناقلىق، بىرلىك يۇرت خەلقىنىڭ ئىش - ئوقىتىگە بەرىكەت، باياشاتلىق ئاتا قىپتۇ. زىرائەتلەر ئوخشاپ، مال چارۋىلىرى قوتانلارغا پاتماي قاپتۇ. ئېتىزلىقلاردا ئەمگەك ناخشىلىرى جاراڭلىسا، يايلاقلاردا مال چارۋىلارنىڭ مۆ-رەش - مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كۈنى كەچتە ئەمەت بىلەن سەمەتنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپلەر شۇنچىلىك قىزىيدىكەنكى، مۇقام كۈيلىرى تەڭ كېچىلەرگىچە ئۆزۈلمەيدىكەن. قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممەيلەن ئۇس-سۇل ئويناپ ھېرىپ قالمايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللارمۇ ھەم ئۆتۈپتۇ. ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار، دېگەندەك كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ يۇرتنىڭ بېگى تۇيۇقسىز ئاغرىمايلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يۇرت خەلقى زار - زار يىغلىشىپ، ھازا قوشاقلىرىنى قېتىشىپ، بەگنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ بۇ يۇرتقا ئوردىسىدىن شاۋاز ئاتلىق بىر مەھرىمىنى بەگ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

يۇرت خەلقى يېڭى بەگنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ - دە، مەرھۇم بەگنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن يەنىلا ئاۋۋال-قىدەك خۇشال - خۇرام، ئىجىل - ئىناق ھاياتىنى باشلاپتۇ: بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان مەشرەپ يەنە باشلىنىپ، مۇقام سادالىرى پەلەكنى قۇچۇپتۇ. ئەمەت بىلەن سەمەت بۇ مەشرەپ سورۇنىنىڭ يىگىتبېشى بولۇپ يېڭىدىن يېڭى دوستلۇق، ساداقەت

ناخشىلىرىنى ئوقۇۋېرىپتۇ:

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ؟
......

ئەمدى گەپنى شاۋاز بەگدىن ئاڭلايمىز.

پادىشاھ ئوردىسىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئەمىرلەر پادىشاھ، شاھزادىلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان، قۇللۇق بىلدۈرىدىغان، پارا - سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان، ھاجەتمەنلەردىن پارا - سوۋغا ئالماي تۇرۇپ ئىش بېجىرمەيدىغان مۇھىتتا خىزمەت قىلىپ كۆنۈپ قالغان شاۋاز بەگكە بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، مەرتىۋە - نەسەب ئايرىماي، تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىپ ھايات كەچۈرۈشى پەقەتلا ياقماپتۇ.

ھەئە، يۇرت خەلقىنىڭ جەڭگى - جېدەل قىلىشىپ مەھكىمىگە ئەرز - دەۋا قىلىپ كەلمەسلىكى، يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىپ ئاداۋەتلەشمەسلىكى، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ ماجىرالاشماسلىقى، شۇ سەۋەبلىك تەمە قىلغان دەۋا ھەققى، پارا، سوۋغا - سالاملارغا ئېرىشەلمەسلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپتۇ.

ئەل - يۇرتنىڭ ئىناق - ئىجىللىقىدىن ئىچى ئاداپ، يۈرىكى ئۆغىغا تولغان شاۋاز بەگ بىر ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش كويىغا چۈشۈپتۇ - دە، ئوردىدىكى ۋاقتىدا تولا ئىشلىتىپ ئۇرغۇنلىغان رەقىبلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپتۇ - دە، ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن

يەكچەشمە ـ بەتبەشىرە بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ زۇۋانغا كەپتۇ:

— ئېيتقىنە، ئى شاۋاز بەگ، قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا؟

بەگ دەرھال تىزلىنىپ يەر سۆيگىنىچە دەردىنى تۆكۈپ، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ.

— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق،— ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇپ بەر دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق، — دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

— ئىتتىپاقلاشقان خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر،— دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق،— بۇنداق قۇدرەتلىك كۈچكە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ تەدبىر كۆرسەتكەن بولسىلا، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم.

— بۇنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال قىپقىزىل — قان قۇيۇلغاندەك كۆزىدىن «يالت ـ يۇلت» ئوت چاقنىتىپ، — سەن بارلىق يۇرت خەلقى ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمدىن بىرىگە ھارام نېمەت يېگۈزۈۋەت. ھارامغا ئېغىز تېگىپ قالغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساداقەت، ئەقىدە سۇسلىشىدۇ، ئىمانى بۇلغىنىدۇ. بۇنداق ئادەم دوستىغا ئاسانلا قارا سانايدىغان، قوۋمىگە خىيانەت قىلىدىغان بولىدۇ. مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسەن، شاۋاز بەگ. پەقەت ئىككى دوستنىڭ ئارىسىنى بۇزماق، ئاداۋەت تىكىنىنى ئۇندۇرمەك ئانچە تەس ئەمەس.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بىر سىلكىنىپلا ئىسقا ئايلىنىپتۇ ـ دە، مىكىر خالتىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

مىكىر خالتىسىدىن ئەقىل تاپقان شاۋاز بەگ ئانچە باش قاتۇرمايلا بۇ يۇرتتىكى خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەي-

دىغان، يۇرت خەلقى ئۈچۈن دوستلۇق، ساداقەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئىككى دوست ئەمەت بىلەن سەمەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ-رۈپتۇ. «توغرا، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇپ، ئارد-سىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچالىسامىلا يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىد-پاقلىقىنى بۇزالايمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ بەگ. ئۇ دەرھاللا ئورنىدىن بىللە ئەكەلگەن خىزمەتكارىنى بۇيرۇپ، تۇل خوتۇننىڭ بىر پاقلىنىنى ئوغرىلىتىپ ئەكەپتۇ ـ دە، پاقلاننى هارام قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشنى ئەقىلنى بۇلغايدىغان نەر-سىلەر بىلەن مەينەت قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ، ئاندىن سەمەتنى هۇزۇرىغا چىللاپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

بەگ سەمەت بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كې-يىن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، هېلىقى هارام پاقلاننىڭ بىر پۇتىنى لېگەنگە سېلىپ ئەكەپتۇ.

— سەمىتاخۇن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە غىزالانغاچ مۇلاقەتتە بولاي، دەپ ئويلىغۇدىم. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن. قېنى، ئاۋۋال گۆشكە باقسىلا، — دەپتۇ بەگ.

گەرچە شۇ تاپتا سەمەتنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئاغزىغا سېرىق-سۇ جۇغلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دوستى ئەمەتنى ئېسىگە ئېلىپ، گۆشنى يېيىشكە قولى بارماپتۇ.

— ئەپۇ قىلسىلا، بېگىم، — دەپتۇ سەمەت، — هەرقانداق ياخشى تائامنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىكەن-مەن. شۇڭلاشقا داستىخاندىكى نېمەتلەرگە كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ. خۇدا خالىسا باشقا بىر كۈنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە كېلىپ مۇلاقەتتە بولاي.

سەمەت شۇنداق دەپتۇ ـ دە، بەگنىڭ داستىخىنىدىن قوپۇپ كېتىپتۇ.

نائىلاج سەمەتنى ئۇزىتىپ قويغان شاۋاز بەگ دەرھال ئەمەتكە چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. لېگەندىكى گۆشتىن ئىككى لوقما كەلگۈدەك

يەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، گۆشنى هازىرلا بىر كېسىم يېگەندەك هالەتكە كەلتۈرۈپتۇ.

بەگ ئەمەتنىمۇ بىرمۇنچە ياغلىما گەپ - سۆزلەر بىلەن داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. شۇ تاپتا ئەمەتنىڭمۇ قورسىقى ئاچ ئىكەن. ئۇ، لېگەندىكى گۆشكە شۇنداقلا قاراپ، بىردىنلا دوستى سەمەتنى ئېسىگە ئاپتۇ.

— كەچۈرسىلە، بېگىم،— دەپتۇ ئەمەت،— هەرقانداق ئېسىل نازۇنېمەتنى دوستۇم سەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىمەن. بۇ گۆش ئاشۇ دوستۇمسىز گېلىمدىن ئۆتمىگۇدەك.

— دوستلۇققا بولغان ساداقەتمەنلىكلىرىگە قايىل بولدۇم، ئەمىتاخۇن،— دەپتۇ بەگ هىيلىگەرلىك بىلەن،— مەن ئىككىڭلارنىڭ دوستلۇق ئەقىدىلىرىگە قايىل بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مېهماندارچىلىققا بىللە چاقىرغانىدىم. بايام سەمىتاخۇن كەلگەندى. زۇرۇر ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىلىنى ساقلىيالماي گۆشتىن ئىككى لوقما يەپلا كېتىپ قالدى.

بەگ شۇنداق دەپ گۆشنىڭ كېسىپ پارچىلانغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئەمەت گۆشنىڭ پىچاق تەگكەن يېرىگە شۇنداقلا قاراپ بەگنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇ - دە، «دوستۇم ئېغىز تەگكەن بولسا مەنمۇ بىرەر لوقما ئېغىز تېگىپ قوياي» دەپ ئويلاپ گۆشتىن بىرنەچچە لوقما يەپتۇ.

شۇنــداق قىلىپ بەگ يەنە هارام يېــگۈزۈش مەقســتىگە تولۇق يېتىپتۇ.

هەپتە ئۆتكەندە بەگ يەنە تۈل خوتۇننىڭ بىر توخۇسىنى ئوغرىلىتىپ ئەكەپتۇ - دە، توخۇنىمۇ هارام قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، نىجاسەتلىرى بىلەن پىشۇرغۇزۇپ ئەمەتكە چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ.

ئەمەت داستىخاندىكى توخۇ گۆشىگە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ قول ئۇزاتماپتۇ.

— هەرقاچان دوستلىرى سەمىتاخۇنغا سىقىنىپ قالدىلىغۇ

دەيمەن، — دەپتۇ بەگ ھېلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — خاتىرجەم يەۋەرسىلە. سەمىتاخۇننىڭمۇ نېسىۋىسى بار. چاپارمەن ئەۋەتكەن، ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىم باي ئەمەتتىنلا چاقىرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «دوستۇڭنىمۇ چاقىردىم» دەپ يالغان ئېيتقانىكەن.

ئەمەت بەگنىڭ تەكلىپىگە يۈز كېلەلمەي دوستىنى ئارتۇقچە ساقلاشقا تاقىتى تاق بوپتۇ-دە، توخۇنىڭ پاچىقىغا قول ئۇزىتىپتۇ.

بەگنىڭ سارىيىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا بولسا ئەمەت دوستى سەمەتنى ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويماپتۇ. داستىخاندىكى ھارام نېمەتلەرنى تويغۇچە يەپ-ئىچىپ، بەگكە ئىچ-قارنىنى تۆكۈپ كەڭتاشا مۇڭدىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەمەتكە ھارام يېگۈزۈۋېتىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن بەگ ئەمدى ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىشكە ئۆتۈپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرىدىن يارلىق كەلدى، — دەپتۇ بەگ بىر كۈنى ئەمەتنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، — يۇرتقا بىر ئورۇنباسار بەگ تەيىنلەيدىغان ئىش ئىكەن. مۇۋاپىق بىر كىشىنى تەۋسىيە قىلىشىمنى بۇيرۇپتۇ.

بەگنىڭ بۇ گېپى ئەمەتنى خېلىلا قىزىقتۇرۇپتۇ.

— ئېيتسىلا، مۆھتەرەم بېگىم، كىمنى تەۋسىيە قىلاي دەيدىلا؟

بەگ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلى بىلەن دوستلىرى سەمىتاخۇننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما، ئوردىغا قايسىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى يوللاشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتىمەن.

بەگنىڭ داستىخىنىدىكى ھارام نەرسىلەرنى يەۋېرىپ

ئىمان، ساداقەت ئەقىدىسى سۇسلاشقان ئەمەتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر-دىنلا ھەسەت ئوتى تۇتىشىپتۇ، كۆڭلى قارا بولۇشقا باشلاپتۇ.

— دوستۇم سەمەت ياخشى ئادەم، — دەپتۇ ئەمەت ئىمكان بار ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئەمما ئۇنىڭ تاماقنى تولىمۇ ئۇزاق چايناپ يەيدىغان ئادىتى بار. بۇنىڭغۇ ئەيىبى دېگىلى بولماس. سۇغا كىرگەندە ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تىزدىن غىچە تۈرۈۋېلىشىنى دەيمىنا.

— مۇنداق گەپمۇ بار دېسىلە، — دەپتۇ بەگ مۇھىم بىر ئىشنى بىلىپ قالغاندەك بارلىق دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، — بۇ قانداق قىلىق ئەمدى؟

ئەمەت تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلاپتۇ:

— مەشرەپلەردە نەغمە قىلساق دۇتارنىڭ پەدىسىنى بەكمۇ ئۇزۇن تۇزەيدۇ تېخى.

بەگ دەرھال ئەمەتكە يەل بېرىشكە باشلاپتۇ.

— شۇنچىۋالا ئادەمنى ساقلىتىپ نېمە قىلغىنى بۇ سەمىتا-خۇننىڭ.

ئەمەت سەمەتنىڭ يەنە ئاللىقانداق ئەيىب - نۇقسانلىرى ھەق-قىدە بىرمۇنچە دادخورلۇق قىلغاندىن كېيىن بەگ بىلەن كۆڭلى غەش ھالدا خوشلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىم-لىق مەشرەپتە داپنى قالايمىقان چېلىپ دوستى سەمەتنىڭ چالغان دۇتارىغا پەقەتلا ماسلىشىپ بەرمەپتۇ. يۇرت خەلقى مەشرەپتىن كۆڭۈلسىز تارقىشىپتۇ.

بىر كۈنى، بەگ ئەمەتنى سارىيىغا چاقىرتىپتۇ.

— بايا سەمىتاخۇن كەپتىكەن، ئۆزلىرىنى داپنى ئوڭشاپ چالالماي مەشرەپنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى، دەپ بىرمۇنچە دادلاپ بەردى، — دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.

— مېنى شۇنداق دېدىمۇ ئۇ خوتۇن تالاق! — دەپ غەزەپلە-نىپتۇ ئەمەت.

— بۇ كىچىك ئىش، — دەپتۇ بەگ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — سەمىتاخۇننىڭ ئورۇنباسار بەگ بولۇشتىن تەمەسى بار ئوخشايدۇ. بۇگۇن سارىيىمغا خىل قوچقاردىن بىرنى ئەكەپتىكەن، قوبۇل قىلمىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپتۇ ۋە شۇ كۇنلا بەگكە بىر كالا تەقدىم قىپتۇ. بەگ بۇ يۇرتقا بەگ بولۇپ تۇنجى قېتىم ئالغان بۇ پايدىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ.

— ئەتىلىككە يېقىن ئۆتكەن بۇرادەرلىرىدىن بىرنەچچىنى باشلاپ كەلسىلە، داستىخان سېلىۋالاي، — دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.

شۇنداق قىلىپ بەگ يۇرت خەلقىگە هارام يېگۇزۇپ ئەقلىنى بۇلغاش، ئىمان، ساداقەت ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە باشلاپتۇ.

كۇنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ بەگنىڭ ساداقەتمەن غالچىسىغا ئايلىنىپتۇ. جانجىگەر دوستى سەمەت بىلەن بولغان دوستلۇق چەك - چېگرىسىنى ئاجرىتىپتۇ. يۇرت ئىچىدە پىتنە - پاسات، جەڭگى - جېدەل ئاۋۇپتۇ، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بۇزۇلۇپتۇ.

شۇنداقتىمۇ سەمەت دوستى ئەمەتنى هەرقاچان ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئىلگىرىكى دوستلۇق ئەقىدىسىنى ئەسلەپتۇ. ئاندا - ساندا ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپلەردە داپ چېلىپ سازلارنىڭ رىتىمىنى تەڭشەپ بېرىدىغان دوستى ئەمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەغمە - ناۋالار تازا قىزىمايدىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ئىچى پۇشقان سەمەت كۆزىگە هەسرەت بىلەن ياش ئالىدىكەن.

ئەل - يۇرتنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇش مەقسىتىگە يەتكەن بەگ ئەمدى تۈرلۈك ئالۋان - سېلىقلارنى كۆپەيتىپ خەلقنى قاڭغىر قاقشىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ زۇلۇم - تەڭسىزلىككە ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان ئەمەت يانتاياق بوپتۇ. ئەل - يۇرتنىڭ ئاھ - زارىغا چىدىمىغان سەمەت بىر كۇنى ئەمەتنى

ئىزدەپ بېرىپ، خەلقنىڭ دەردۇ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئوقۇپتۇ:

«ئەل كۆرمىدى نۇرلۇق زامان، ئۇلار قالاق دەۋرانىدا،
ھەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەردمەن بولۇپ ھەيرانىدا.
يۇرتلار خاراب، تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋان ـ ياساق سانسىز چىقار زالىمنىڭ پەرمانىدا.»①
......

ئەمما، بۇ ھەسرەتلىك ناخشا ئەمەتنىڭ قارا يۈرىكىنى ئېرىتەلمەپتۇ. ئۇ، دوستى سەمەتكە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بېرىپ بەگكە سەمەتنى چېقىشتۇرۇپتۇ.

گەرچە بەگ ئەمەتنى ئۆزىگە ئەل قىلدۇرغان بولسىمۇ، سەمەتنىڭ يۇرت خەلقىنى قايتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئەمەتنى بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن سەمەتكە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ.

سەمەت بەگ ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي دەپتۇ:

— ئەل ـ يۇرت خارۇزار، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالدى. مەن نېمە كۆرسەم ئەل ـ يۇرت بىلەن تەڭ كۆرىمەن. ئۇلارغا زۇلۇم سېلىش بەدىلىگە كەلگەن سوۋغىنىڭ ماڭا لازىمى يوق.

— ئى قەدىرلىك دوستۇم، — دەپتۇ ئەمەت نەسىھەت قىلىپ، — خەق بىلەن نېمە كارىڭ. بېگىم بەرگەن بۇ ئىنئاملارنى بىمالال ئېلىۋەر ھەمدە مەن بىلەن بىللە بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا بار. بىز ئۇ يەردە خالىغانچە يەپ ـ ئىچىپ، نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىپ، بۇرۇنقىدەك نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ مەشرەپلەر

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت قىلچىلىك يۈز - خاتىر قىلماي مۇنۇ قوشاق ئارقىلىق جاۋاب بېرىپتۇ:

«كىم قورساقنىڭ بەندىسى، يۈرسە ھاياتى قارنى توق،
قوي گۆشى بىرلە ئېشەكنىڭ گۆشىن ئېتىشتا پەرقى يوق.
قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قەنت - گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان توڭ تېزەك.»[1]
......

سەمەتتىن بۇرنى - قۇلىقىغىچە دەشنام ئىشىتكەن ئەمەت سالپايغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

— ئى مۆھتەرەم بېگىم، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگەن ئۇ گەدەنكەش سەمەتكە بۇنچىۋالا ھۆرمەت كۆرسىتىپ نېمە كەپتۇ، — دەپ ھال دادلاپتۇ ئەمەت، — ئول بەتبەختسىزمۇ جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە پەرمانبەردار بولۇپ تۇرىدىغان بىزدەك ساداقەتمەن قۇللىرى تۇرۇپتۇ، خالىسىلا سەمەتتىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى خىزمەتلىرىگە تەييار قىلاي...

ئەمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. ئۇ، سەمەتتەك ئەقىل - پاراسەتلىك، ۋىجدان - غۇرۇرلۇق، ئىمان - ئېتىقادلىق ئىنسانغا ھارام يېگۈزۈپ ۋۇجۇدىدىكى ئىمان - ئەقىدە، ساداقەت، ۋاپادارلىقنى سۇسلاشتۇرمىغۇچە ئۆزىگە خاتىرجەملىك يوقلۇقىنى بىلىدىكەن ھەمدە سەمەتنى بەگلىك سەلتەنىتى ئۈچۈن ھەرقاچان خەۋپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئەمەتكە يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

— ياخشى گەپ تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سەن

---

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

سەمەتنى يەنە بىر مەرتىۋە ئۆيۈڭگە مىھماندارچىلىققا چاقىرغىن. قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەر.

بەگ ئەمەتكە بىر داستىخان هارام نازۇ نىمەتلەرنى بېرىپ يەنە تاپىلاپتۇ:

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئەمەت بەگ، سەن هەرقانداق ئاماللار-نى ئىشلىتىپ بۇ نازۇنىمەتلەردىن سەمەتكە بىر لوقما چاغلىق بولسىمۇ بىرنەرسە يېگۈز. سەمەت بۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تەگسىلا قالغان ئىشلارنى جۆندىمەك ئاسان.

گەرچە ئەمەت بەگنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداشنى خالىمىسىمۇ ئىلاجسىز، سەمەتنى ئۆيىگە مىھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ ۋە بەگ سوۋغا قىلغان هارام نازۇ نىمەتلەرنى داستىخانغا كەڭرى تىزىپتۇ.

قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشقا يۈز كېلەلمىگەن سەمەت ئەمەتنىڭ ئۆيىگە يەنە كەپتۇ. ئۇ ئەمەتنىڭ داستىخىنىدىكى ئېسىل نازۇ نىمەتلەرنى كۆرۈپ يۈرتتىكى يوقسۇزلۇق، ئاچ - يالىڭاچ-لىقتا قالغان خەلقنى ئەسلەپ گېلى غىققىدە بوپتۇ - دە، داستى-خانغا قول ئۇزاتقۇسى كەلمەپتۇ.

— ئال، دوستۇم، داستىخاندىكى نىمەتلەردىن يېگەچ پاراڭ-لىشايلى، — دەپتۇ ئەمەت سىپايىلىك بىلەن.

— كەچۈرگىن، دوستۇم، — دەپتۇ سەمەت، — سېنىڭ داس-تىخىنىڭدا ئېسىل نازۇنىمەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئەل - يۇرت شۇ تاپتا بىر بۇردا نانغا زار. ئۇلار بەگنىڭ تۈگىمەس ئالۋان - سېلىقلىرى دەستىدىن نامراتلىشىپ كەتتى. سەن ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەل - يۇرت بىلەن قىلچىلىك كارىڭ بولمىدى، بەلكى زالىم بەگكە هەمدەم بولۇپ ئەل - يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتتىڭ، مۇشۇن-داق ئەهۋالدا مەن قانداقمۇ سېنىڭ داستىخىنىڭدا بەهوزۇر غىزا-لىنالايمەن؟

— ئەل - يۇرتلا دەيدىكەنسەن، — دەپتۇ ئەمەت تېرىككەن

هالدا،— ساڭا ئەل - يۇرت نېمە قىلىپ بېرەتتى. نادانلىق قىلما، دوستۇم. كونىلار: «ئېشىكىڭنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى ئىسسىت» دەپتىكەن. بىگىم بىلەن دوست بولۇپ ئۆلپەتلەشسەڭ، سېنىڭ داستىخىنىڭدىمۇ مۇشۇنداق مول نازۇنېمەتلەر بولىدۇ. يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتـ. ماي خاتىرجەم كەيىپ - ساپا سۈرۈسەن. قېنى، ئارتۇقچە ئوي - خىياللاردا بولماي داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگ.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

«قەدرى بىلمەس ‹زات› لىنىڭ قولىدىن ئىچكۈنچە مەي،
ئىت يالاقىدا قۇيۇلغان قىپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىنىڭ گۈلچىمەنلىك باغىدىن،
دەشت - باياۋان كەڭ دالا، جاڭگالە مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبىرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىت بىلەن ئۆلپەتكە ھايۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، نەپسانىيەتچىلىك ‹ئىلىم بىلگەن› زاتىڭدىن،
بولسا كەمتەر - كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق.»[1]
......

سەمەت قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ، دەست ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە:

— كەچۈرگىن، سەن بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، قىيامەتتە كۆرۈشەيلى، — دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ ھىيلىسىنىڭمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلگەن بەگ ئىلاجسىز مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئىلتىجا

---

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

قىپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپ-
تۇ ـ دە، ئىسنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇق پەيدا
بوپتۇ.

— ئېيتقىنە، ئى شاۋاز بەگ، يەنە قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى
ماڭا؟

شاۋاز بەگ دەرھال تىزلىنىپتۇ ـ دە، بولغان ئىشلارنى بىر
قۇر بايان قىپتۇ.

— سەمەتكە ھارام يېگۈزەلمىگەن بولساڭ مېنىڭمۇ باشقا
ئامالىم يوق، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

— تەدبىرلىرىنى ئايىمىغايلا، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، —
دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ بەگ.

— ئۇنداق بولسا چاپارمەنلىرىڭنى ئەۋەتىپ سەمەتنى
جازالا، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

— سەمەتنى جازالىسام ئۇنى قوللايدىغان يۇرت خەلقى قوز-
غىلىپ ماڭا قارشى چىقىدۇ. بۇ يۇرتتا ماڭا ئەل بولغانلار ئاز،
ئۇنى قوللايدىغانلار كۆپ.

— ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر ئەپسۇن ئۆگىتىپ قوياي، سەن
ئۇنى بىرەر ھاشارات ياكى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قوي، — دەپتۇ
بەتبەشىرە مەخلۇق.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، —
دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

— بىراق بۇ ئەپسۇننى سەن ئۆزۈڭ ئوقۇساڭ كار
قىلمايدۇ، — دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، — ئەپسۇننى چوقۇم مۇ-
شۇ يۇرتتىكى سېنىڭ داستىخىنىڭدىكى ھارامغا ئېغىز تەگكەن
بىرەرى ئوقۇشى كېرەك.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بەگكە ئەپسۇننى دەپ
بېرىپتۇ.

بەگ شۇ ھامان ئورۇنباسارى ئەمەتنى چاقىرىپتۇ ـ دە،

ئەپسۇننى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپتۇ.
— ئەپسۇننى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتۇۋالدىڭمۇ، ئەمەت بەگ؟
— تۇتۇۋالدىم، بېگىم.
— ئۇنىداق بولسا ماڭ يۇگۈر، ھازىرلا سەمەتىنى ئىز-دەپ تاپ ــ دە، خالىيراق بىر يەرگە چاقىرىپ ئەپسۇننى ئۇنىڭغا ئۆرگەن. ئاندىن بار ئاۋازىڭ بىلەن بىرەر ھايۋان ياكى ھاشاراتىنىڭ ئىسمىنى ئۇنلۇك توۋلا. سەمەتنى قەستلىگىنىڭنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن.
ئەمەت بەگنىڭ ھوزۇرىدىن يېنىپ چىقىپ ئۇدۇل سەمەتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خالىيراق بىر يەردە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاق كۆڭۈل سەمەت «بەلكىم دوستۇم نىيە-تىدىن يېنىپ، ئەقلىنى تاپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئەمەت ئەتراپقا تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئەپسۇننى ئىچىدە بىر قېتىم ئوقۇپ-تۇ ــ دە، خىرامان تۇرغان سەمەتكە ئۇرۇپ، «چىۋىنگە ئايلىنىپ كەتكەيسەن!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە سەمەت چىۋىنگە ئايلىنىپ قاپتۇ.
دوستىنى چىۋىنگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئەمەت خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن شاۋاز بەگنىڭ ھوزۇرىغا يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ئەمەت ئۆزىگە قاراپ تېلىقىپ كۈلۈۋاتقانلاردىن سوراپتۇ:
— نېمە بولدۇڭلار، نېمىشقا ماڭا قاراپ كۈلىسىلەر؟
كىشىلەر كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ-تۇ:
— ۋاي ئەمەت بېگىم، ئەينەككە قاراپ باقسىلا، باشلىرىنى قوماق بېسىپ كېيىمە تاز بولۇپ قاپلا ئەمەسمۇ؟
ئەمەت بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئىشنىپ، بىر


ئىشەنمەي بېشىنى شۇنداقلا سىلاپ باققانىكەن، قولىغا چاچ دەيدىغان نەرسە ئۇرۇنماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇگۇرگەن پېتى ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، ئەينەككە شۇنداق قاراپ قورققىنىدىن كەيىنگە «دىرىڭڭىدە» ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چۇنكى، ئۇ گەدىنىگىچە ئاپئاق قوماق باغلاپ، بەئەينى كونا تۇزلۇق قاپىقىغا ئوخشاپ قالغان بېشىنى كۆرۈپ هوشىدىن كەتكەنىكەن.

ئەسلىدە شاۋاز بەگ ئەمەتكە ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى كىم ئوقۇسا مەقسىتىگە يەتكەن هامان بېشى تاز بولۇپ قالىدىكەن ـ دە، ئەپسۇنمۇ شۇ هامان كۇچىدىن قالىدىكەن، ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆتمەيدىكەن. شاۋاز بەگ ئەپسۇننىڭ بۇ سىرىنى ئەمەتتىن يوشۇرۇپتىكەن.

تاز بولۇپ قالغان ئەمەت كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ بىر هەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي يېتىپتۇ. كېيىن يوغان بىر تۇماقنى گەدىنىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئەمما، چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بولسا نۇرغۇنلىغان چىۋىنلەرنى ئەگەشتۇرۇپ ئەمەتنىڭ دەرۋازىسىنى بېقىپ تۇرغانىكەن. ئەمەت دەرۋازىدىن شۇنداقلا چىقىشى هامان چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بىر توپ هەمراهلىرى بىلەن ئەمەتنىڭ باش ـ كۆزىگە قونۇشقا باشلاپتۇ. ئەمەت چىۋىنلارنىڭ گىژىلدىشىدىن ئىچى پۇشۇپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىپ چىۋىننى قورۇغانىكەن، بېشىدىن تەلپىكى چۇشۇپ كېتىپتۇ ـ دە، تاز بېشىدىكى ئالا ـ بۇلىماچ قوماقلار كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر مازاق قىلىپ كۇلۇشۇپتۇ. ئۇششاق بالىلار قوشاق قېتىپ توۋلىشىپتۇ...

«ئەمىتىم ـ ئەمەت بېگىم،
نەگە كەتتى چاچلىرى.
ئايلىنخاننىڭ تۇزلۇقىدەك،
ئالىپاساق باشلىرى.»

كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. چىۋىنلەر ئەمەت بەگكە ئارام بەرمەي بېشىغا قونۇۋالىدىكەن. ئەمەت بەگ چىۋىننى قوندۇرماسلىق ئۈچۈن تىنىم تاپماي چىۋىن قورۇيدىكەن ۋە بېشىدىن تەلپىكى چۈشۈپ كېتىپ كۆلكىگە قالىدىكەن. گەرچە چىۋىن ئاجىز بولسىمۇ ئەمەت بەگكە قىلچىلىك ئارام بەرمەيدى-كەن. ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك تەختىدە چىۋىن قورۇپلا ئولتۇ-رىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا «تاز چىۋىننى قوندۇر-ماس، چىۋىن تازنى تىندۇرماس» دېگەن تەمسىل ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپتۇ.



# ئېچىل پاختام

باش توخۇ ۋاقتىدىن باشلاپ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان گۆھەر ئانا ئۈچىنچى قېتىم ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا تەرەددۇتلەندى. قىرد-لىق ئالامەتلىرىمۇ ياكى يېقىندىن بېرىقى رودۇپايدەك چاپلىشى-ۋالغان غەم - قايغۇلىرىنىڭ ئازابىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تولىمۇ كەم ئىدى. كەنت بوغالتىرىنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە پۈتۈ-لۈپ، گەدىنىگە ئارتىلىپ قويۇلغان پاتماندا بىر قەرز بىلەن يىل بېشىدىن باشلاپ تاپشۇرۇپ تېخىچىلا قۇيرۇقىنى ئۈزەلمىگەن سې-لىقلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۈششۈك ھەرىسىدەك ئارامسىز چېقىپ، ئەسلىدىنلا ئاجىز قەددىنى تېخىمۇ مۈكچەيتىۋەتكەنىدى. ھەئە، مەيلى ئېتىز - ئاياغنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان بولسۇن، مەيلى تۆشۈكلۈكتە ئاش ئېتىۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى توخۇلىرىغا كېپەك نەمدەپ بېرىۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى ئېغىلدىكى ئوغلاقلىق ئۆچكى-سىنىڭ ئايىغىغا چۈشەك سېلىۋاتقاندا بولسۇن، بۇ غەم ئۇنىڭ بېشىدا ھامان بار ئىدى. ئاجىز يۈرىكىنى بىر توپ ئۈششۈك ھەرىسىدەك چاققىنى چاققانىدى، مەكتەپتىن قايتىشىدا ئوغلاقلىق ئۆچكىسىگە تاشلاپ بەرگىلى بىرەر قولتۇقتىن چۆپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىككى نەۋرىسىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىرنەچچە دەقىقە تاتلىق ھېسلارغا چۆمەتتى. ھېلىقى بىر توپ ئۈششۈك ھەرىسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىرنەچچە دەقىقە چاقمايتتى، ئاجىز قەددىمۇ خېلىلا رۇسلىنىپ قالاتتى. ئەمما، بۇ تۇيغۇ شېرىن چۈشتىنمۇ قىسقا ئىدى، خالاس.

خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ياستۇققا بېشىنى قويغان

گۆھەر ئانا ئەنە ئاشۇنداق ئازابلىق، قورقۇنچلۇق غەملەر ئىسكەن-جىسىگە تولغىنىپ يېتىپ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ خىرە - شىرە ئۇيقۇلۇق ھالىتى ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى. كاتەكتىكى قىزىل خورازنىڭ جاراڭلىق چىللى-غان ئاۋازى ئۇنى يېرىم ئۇيقۇلۇق، خامۇشلۇق ھالەتتىن سەگەك-لەشتۈرەتتى. ئانا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈپتىن ئىمۇرىققا سۇ بۆلۈپ تەرەت ئالاتتى - دە، جايناما‌زنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئانا پەقەت جاينامااز ئۈستىدىلا ئۆزىنى ئازادە، خاتىرجەم سېزەت-تى. يۈرىكىنى ئارامسىز چېقىپ ئازابلايدىغان ھېلىقى بىر توپ ئۈششۈك ھەرىسىمۇ تىنچىپ قالاتتى. يەلكىسىگە رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىپ قەددىنى مۈكچەيتكەن غەم - غۇسسىلىرىمۇ بىر-دىنلا يەڭگىللەپ قالاتتى. ھەئە، ئانا جايناماز ئۈستىگە چىقىش بىلەنلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، جانابىي ئاللادىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. باش توخۇ ۋاقتىدىن بامدات ۋاقتىغىچە قازا نامازلى-رىنى ئۆتەيتتى ياكى دۇرۇت ئوقۇيتتى، بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈ-زۈپ قويغان گۇناھكەبىرلىرىگە تۆۋا قىلاتتى. ئاللادىن گۇناھلى-رىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيتتى، ئەمما زىنھار مال - دۇنيا، پۇل - پۇچەك تىلىمەيتتى.

گۆھەر ئانا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. نەۋرىسى ياتقان ئورنىنى رەتلىك يىغىپ، تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ مەكتەپكە مېڭىپ بولغان-دى. ئەمدىلا ئون ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئوغۇل نەۋرىسى قىلالىغۇدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىپ مومىسىنى جاپا تارتقۇزماسلىققا تىرىشاتتى. ئاخشىمى ياتىدىغان ئورنىنى ئۆزى سالاتتى، ئەتىگىنى ئۆزى يىغاتتى، ئۆي، ھويلا - ئاراملارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. ھەئە، قازان - قومۇچ، قاچا - قۇچىلارنىمۇ يۇماقچى بولۇۋىدى، ئانا ئۇنى ئوچاق بېشىغا پەقەتلا يېقىن يولاتمىدى.

«ئوغۇل بالا قازان ـ قومۇچ قولتۇقلىسا، تۆشۈكلۈككە دارىسا يامان بولىدۇ. خۇدايىم تۆشۈكلۈكنىڭ ئىشىنى مەزلۇم كىشىگە ياراتقان. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن سېنى تۆشۈكلۈك-نىڭ ئىشىغا سالمايمەن، ئوغلۇم...»

موماي ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ نەۋرىسىنى ئۆي، ھويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈشتىن توسۇيالمىدى. بالا مومىسىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قولىغا سۈپۈرگە ئېلىۋالاتتى. مومايچە بولغاندا ئۆي سۈپۈرۈشمۇ ئوغۇل بالا ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نەۋرە قىزى قىلاتتى. ئۇ قىز نەۋرىسىنى يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆي ۋە تۆشۈكلۈك ئىشلىرىغا پىشۇرغانىدى. ئۆي، ھويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش، يىگنە ئىشى، ئاش ئېتىش، نان يېقىش، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇش قاتارلىق بىر تالاي ئىشلارنى قىز نەۋرىسى ئەتىگىنى مەكتەپكە بېرىشتىن ئاۋۋال ۋە كەچقۇرۇن مەكتەپتىن يېنىپ رەت ـ رېتى بىلەن قىلاتتى. موماي قىز نەۋرىسىنىڭ چېۋەر ـ چاققانلىقىدىن تولىمۇ رازى ئىدى.

گۆھەر ئانا سىرتقا چىقىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىنى كۆرۈپ بىردىنلا قىز نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭغا قىز نەۋرىسى بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغانىدى.

«چوڭ ئانا، مېنى قاچان ياندۇرۇپ كېلىسىز؟ ئۆزىڭىز ھەپتىدىن كېيىن ياندۇرۇپ چىقىمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟ سىزنى، ئىنىمنى بەكمۇ سېغىندىم، چوڭ ئانا...»

گۆھەر ئانا ھەر قېتىم قىز نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالغاندا، نەۋرىسىنىڭ بۇ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى، يۈرىكى ئېزىد-لىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالاتتى، نەۋرىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يالغانچى، گۇناھكار سېزەتتى.

بۇ يىللىق يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە گۆھەر ئانا راستىنلا

تەڭلىكتە قالدى. ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئۆتكەن مەۋسۇملۇق كىتاب پۇلىنىڭ چالىسى بىلەن بۇ مەۋسۇملۇق كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى بولۇپ جەمئىي ئىككى يۈز ئەللىك كوي پۇل ئۇنىڭ بىشى-نىڭ ئىچىنىمۇ - تېشىنىمۇ قاتۇردى. باللار ھەر كۈنى كەچتە شۈمشىيىپ تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ كېلىشەتتى. سەۋەبى پەقەت بىر-لا: ئوقۇتقۇچى كىتاب پۇلىنى سۈيلىگەن، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئال-دىدا ئىسمىنى ئاتىغان. موماي نەۋرىلىرىگە چوقۇم كىتاب پۇلى-نىڭ ئامالىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى ياسىدى، ئەم-ما پۇلنىڭ يولىنى پەقەتلا قىلالمىدى.

ئەتىسى قىز نەۋرىسىنىڭ تېخىچىلا مەكتەپكە ماڭمىغانلىقىنى كۆرگەن ئانا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— مەكتەپكە ماڭماپسەنغۇ، قىزىم؟

— ئوقۇمايمىكىن دەيمەن، چوڭ ئانا.

قىزچاقنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

گۆھەر ئانا نەۋرىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن-لىكىنىڭ سەۋەبىنى دەرھاللا چۈشەندى. ھەئە، نەۋرىسى كىتاب پۇلى تاپشۇرالماي ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقان، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن.

موماي نەۋرىسىگە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاستا ئېتىزلىققا قاراپ ماڭدى. نەۋرىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئىككىيلەن بىر كۈن لام - جىم دېيىشمەي ئوتاق ئوتىدى. ئىككى كۈن ئەنە ئاشۇنداق تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىككى كۈندە موماي قولىنىڭ خېلىلا يەڭگىل-لەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىز نەۋرىسى-نىڭ چىرايىدىكى مۇڭ - ھەسرەتنى كۆرۈپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرىنى ئاڭلاپ، نەۋرىسىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قويغىنىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەيتتى. يۈرىكىنى ئەپسۇسلۇق، يوقسۇزلۇق ھەسرەتلىرى چىرمىۋالغانىدى، ئەمما بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ

چارىسى پەقەتلا يوق ئىدى. ئۆچىنچى كۈنى سەھەردە هويلا دەرۋا-
زىسىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشى بامدات نامىزىدىن كېيىن جاينا-
مازدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان گۆهەر ئانىنى چۆچۈتۈپ، يۈرە-
كىگە ئەنسىزچىلىك سالدى. ئۇ قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن
تۇردى ـ دە، سىرتقا يۈگۈردى. دەرۋازا ئالدىدا كەنت سېكرېتا-
رى، مەهەللە باشلىقى قاتارلىق بىرقانچە كەنت كادىرلىرى تۇرات-
تى. گۆهەر ئانا سېكرېتارنىڭ ئۈچەي قالپاق ئاستىدىكى تاز
چىرايىغا قورقۇمسىراپ قارىدى. سېكرېتارنىڭ غەزەپتىن قارىداپ
كەتكەن چىرايى قاسقانلىرى ماكچىيىپ ئىسكەتىنى يوقاتقان سۈت
رەڭ قالپىقى بىلەن سىلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سېكرېتار.
موماينىڭ سالىمىنى سېكرېتار ئىلتىپاتسىزلا ئىلىك ئالدى.
— ئىككى كۈندىن بېرى ئۆز نەۋرە قىزلىرى مەكتەپكە
بارماپتۇ، بۇ نېمە ئىش ئۆزى؟
تەلەپپۇزىدىن سېكرېتارنىڭ غەزىپىنى زورىغا بېسىۋالغانلىقى
مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.
موماي دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:
— شۇ... شۇ... كىتاب پۇلىنى تۆلىيەلمىدۇق
كۆرسىلە... مۇئەللىمى تەنقىدلىگەن چېغى... شۇنىڭ بىلەن مەك-
تەپكە بارماي قويدى كۆرسىلە. مەكتەپكە تۆلەشكە كىتاب پۇلى
تاپالمىغاندىكىن مەنمۇ زورلىمىدىم كۆرسىلە...
سېكرېتار گۆهەر ئانىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ غەزەپ بىلەن قول
سىلكىدى:
— ماڭا بۇنداق تۆ ـ تۆ گەپنى ئاز دەپ ئۆزى بالىنى دەرهال
مەكتەپكە ئەۋەتسىلە. دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىدىن
خەۋەرلىرى باردۇر ئۆزى. سىلىنىڭ بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەن-
لىكلىرى ئۆزى. نەخ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان-
لىقلىرى ئۆزى. ئەسلىدە مۇشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈنلا جەرىمانە

ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى. بوپتۇ، بۇ قېتىم كەچۈرۈم قىلىۋېتەي-لى ئۆزى. ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىسۇن ئۆزى.

— مېنىڭغۇ بالىنى ئوقۇتقۇم بار كۆرسىلە. شۇ··· شۇ كىتاب پۇلى··· سىلىدىن خۇش بولۇپ قالاي، سېكرېتار، ئاشۇ بالىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بەرگەن بولسىلا···

— مەكتەپنىڭ داۋامىغا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئىگە ئۆ-زى. شۇڭا بىز بالىلىرىنى مەكتەپكە سۆيلەپ كەلدۇق ئۆزى. كىتاب پۇلىنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئۆزى مەكتەپنىڭ، ئەپەندىم-لەرنىڭ ئىشى ئۆزى. شۇڭا، ئۆزى مەن بىلەن تولا تىكلەشمەي بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتسىلە. بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزى يەنە داۋام-سىزلىق قىلىدىكەن، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى بويىچە جەرى-مانە تۆلەيلا. يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قالسىلا ئۆزى، بالىلارنى ئوقۇت-ماي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئۆزى مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇ-نىغا خىلاپلىق قىلغانلىق.

سېكرېتار شۇنداق دېدى ـ دە، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. گۆھەر ئانا بولسا نەۋرىسىگە بىرمۇنچە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ ئاران مەكتەپكە يولغا سالدى. چۈنكى، ئانا مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنى پەقەتلا بىلمىسىمۇ، قانۇنغا خىلاپ-لىق قىلىشنىڭ، بولۇپمۇ سېكرېتارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان بىلەتتى.

نەۋرىسى مەكتەپكە بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مومايىنىڭ بېشىنى يەنە ئاغرىتتى:

— مۇئەللىم كىتاب پۇلىنىڭ يېرىمىنىمۇ بولسا تاپشۇرۇۋې-تىڭ، قالغىنىنى كېيىنرەك تاپشۇرسىڭىزمۇ مەيلى دەيدۇ. ئال-دىمىزدىكى دۈشەنبىگىچە مۆھلەت بەردى.

گۆھەر ئانىنىڭ يۈرىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا مىجىلىپ كېتىپ باراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، گۆھەر ئاچا، تەنلىرى ساق

تۇردىلىمۇ؟

هويلىدىكى سۇپىدا غەم بېسىپ ئولتۇرغان موماي چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، ئالدىدا كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ تۇرغان بەستلىك، بۇغداي ئۆڭ ئايالنى كۆرۈپ يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى تۇردىلىمۇ، بالام؟

موماي بۇ مەھەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنى بالام دەپ ئاتايتتى. بۇ ئايال باشقا بىرى ئەمەس سېكرېتارنىڭ ئايالى ئىدى. موماي سېكرېتارنى ھەر قېتىم كۆرگەندە سۈر بېسىپ ۋەھىمىگە چۆككىنى بىلەن، بۇ ئايالنى كۆرسە خۇددى يېقىن بىر ئادىمىنى كۆرگەندەك ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى چۇلغىۋالاتتى. ئەرلەرگە ئوخشاش بەستلىك كەلگەن بۇ ئايال كەم سۆز، باغرى يۇمشاق ئىدى. گۆھەر ئانا ئوبدان بىلىدۇ. سېكرېتارنىڭ ئاشۇ كاتتا ھويلىسى ئىچىدىكى سەككىز - ئون كالىغا كۈندە ئۈچ ۋاخ ھەلەپ ئېتىش، قويلارغا يەم بىرىش، سېكرېتارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ھېلى شەھەردىن، ھېلى ناھىيىدىن چىقىپ تۇردىغان مېھمانلىرىغا تاماق ئېتىش، تەڭ كېچىگىچە، گاھى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغان ئىچىشۋازلىق سورۇنىغا تۈرلۈك قورۇمىلارنى تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ ئايال بىر ئۆزى يالغۇز يېتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېتىز - ئاياغنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قارىشىدۇ، سېكرېتار ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن تىللاپ - ھاقارەتلىگەن، جەرىمانە قويۇپ دىلىنى رەنجىتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەيتىنى تاللاپ بېرىپ كۆڭۈل قويىدۇ، ئەپۇ سورايدۇ. شۇڭا، بۇ يۇرتتىكىلەر سېكرېتارنى ئارقىسىدىن ھەر نېمىلەرنى دەپ ھاقارەتلىگىنى بىلەن بۇ ئايالغا زىنھار تىل تەگكۈزمەيدۇ، ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

— كەلسىلە، بالام. كۆرپىگە ئۆتسىلە.

ئايال كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا

قول كۆتۈرۈپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزىنى سىيپىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ گۆھەر ئانىدىن قايتىدىن ئامانلىق سورىدى.

— داستىخان سالدىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، گۆھەر ئاچا، — دېدى ئايال مومايىنى توسۇپ، — ئۆيلىرىگە كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم.

ئۆيدە مېھماننىڭ ئالدىغا ئاچىققۇدەك بىرنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلغان گۆھەر ئانا ئارتۇقچە ھۆسلى قىلماي مېھماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مۇنداق ئىشتى، — دېدى سېكرېتارنىڭ ئايالى گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دەپ، — بايا بىزنىڭ ئۆيگە شەھەردىن بىر باشلىق ئايالىنى ئاچىققاندى. بىزنىڭ ئادەمگە ئۆيدە بالىسىغا قارىغاچ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان بىر قىز بالا تېپىپ بېرىشنى تاپىلىدى. بىزنىڭ ئادەم دەسلەپتە سىلىنىڭ نەۋرە قىزىنىڭ گېپىنى قىلدى. كېيىن سىلىنى ئۇنىماسمىكىن دەپ ئاياغ مەھەللىدىكى قىشتا خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان باقى ئاخۇننىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىپ بېرەي دەۋاتىدۇ. مۇنداق قارىسام بۇ خېلى بولىدىغان ئىشكەن. يەنە تېخى بالىسىنىمۇ بىكارغا باقتۇرمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلىرىمۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇدەك بولغان بالىلار ئىكەن. ئاساسەن ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان ئادەمگە موھتاج بولۇپ قالغان چېغى بار. شۇڭا بىزنىڭ ئادەمگە، «جىندەك ساقلاپ تۇرسىلا، ئاۋۋال گۆھەر ئاچامغا مەسلىھەت سېلىپ باقايلى. ناۋادا ياق دەپ قالسا ئاندىن باقى ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بارسىلىمۇ بولار» دەپ قويۇپ ئالدىراش سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىم.

گۆھەر ئانىنىڭ كاللىسى بىردىنلا قوچۇلۇپ كەتتى. كىتاب پۇلىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىرئاز خۇش بولدى. ئەمما، نەۋرىسىنى يات كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— شۇ... شۇ... بالا كىچىك كۆرسىلە. ئۆي ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمىكىن كۆرسىلە.

— نەۋرە قىزلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق. شەلىكىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولالمىغۇدەك ئالتە بالا، يەتتە كالىسى يوق. مۇھىمى ئۇلارنىڭ بېرىدىغان ئىش ھەققىنى دېمىسەم بۇ ئىشنى ھەرگىز سىلىگە سايە قىلمايتتىم. يىلىغا تۆت - بەش يۈز كوي بېرىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

«تۆت - بەش يۈز كوي» دېگەن سۆز موماينىڭ كاللىسىغا بىردىنلا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ قولى تۆت - بەش يۈز كوي ئەمەس، قىرىق - ئەللىك كوي پۇل كۆرمىگىلىمۇ خېلى زامانلار بولغانىدى. راستتىنلا شۇنچىلىك پۇل بېرەرمۇ - ھە؟!

— بولمىسا شەھەردىن چىققان ئاشۇ باشلىقنىڭ خوتۇنىنى باشلاپ كېلەي، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ باقامىلا - يە؟— دېدى سېكرېتارنىڭ ئايالى گۆھەر ئانىنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

— مەيلى، — دېدى ئانا ئاخىرى.

سېكرېتارنىڭ ئايالى باشلاپ كەلگەن بۇ چوكان ئاجايىپ ئېسىل كىيىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بويىندىكى يوغان ئالتۇن زەنجىرگە، ئىككى بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈككە، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىغا ۋە نازۇك بارماقلىرىدىكى قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە قاراپ گۆھەر ئانا ھاڭ - تاڭ قالدى. ھەئە، ئۇ نەۋرىسىنىڭ خۇددى جەننەتنىڭ تىمسالىدەك بىر يەرگە كىرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

چوكان قىپ-قىزىل بويىۋالغان كال-پۇكلىرىنى چىرايلىق پۇرۇشتۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— خاتىرجەم بولسىلا، ئاچا، نەۋرىلىرى ھەرگىز جاپا تارتىپ قالمايدۇ. بالىلىرىمنى مەكتەپكە دادىسىنىڭ ماشىنىد-

سىدا ئاپىرىپ ـ ئەكېلىدۇ. نەۋرىلىرى پەقەت ئۆينى پاكىز تازىلاپ، قازان ـ قومۇچ، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ، تاماققا تەييارلىق قىلىپ قويسىلا بولدى، تاماقنىمۇ ئۆزۈم ئېتىمەن. كىرئالغۇنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، كىرنى قولىدا ئەمەس كىرئالغۇدا يۇيىدۇ. چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىمەن. يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسمايمەن. يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن سىلىگە بەش يۈز كوي بېرىمەن. ئەمما بىرلا شەرت، سىلىنى كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلمايدۇ. چولىمىز تەگسە يىلدا بىرەر قېتىم ئۆزىمىز ئاچىقىپ سىلىگە كۆرسىتىمىز.

ئانا بۇ شەرتكە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى گىلدىڭلاتتى، ھاياجاندىنمۇ ئەيتاۋۇر تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەندى.

— شۇ... شۇ... مەكتەپتىن قانداق ئاجراتقىلى بولار شۇ بالىنى كۆرسىلە. سېكرېتارنىڭ دېيىشىچە، بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتمىساق قانۇنسىزلىق بولارمىش كۆرسىلە...

— خاتىرجەم بولسىلا. نەۋرىلىرىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىش ئىشىنى سېكرېتار بىلەن بىزنىڭ ئادەم بېجىرىدۇ. ماقۇل دېسىلە بالىنى بۈگۈنلا ئەكېتىمىز.

گۆھەر ئانا ھېلىقى چوكان بەرگەن بەش يۈز كوي پۇلنى خۇددى سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىرنەرسىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شەھەردىن چىققان باشلىق بىلەن سېكرېتار مومايىنىڭ نەۋرە قىزىنى شەھەردە ئوقۇيدىغان بولدى، دېگەن سەۋەب بىلەن مەكتەپتىن قايتۇرۇپ ئەكەلدى. موماي نەۋرىسىنى مېھمانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى توختىماي تەكرارلايتتى:

— مەن بىلەن ئىنىڭنى كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلما، قىزىم. سېنى كۆرگىلى شەھەرگە ئۆزىمىز كىرىمىز. قۇلىقىڭ يۇمشاق،

پۇت ـ قولۇڭ چاققان بولسۇن···
گۆھەر ئانا قولىدىكى بەش يۈز كوي پۇلدىن ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلىدى. مەھەللە باشلىقى تولا سۈيلەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن كېۋەزگە چاچقان دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ پۇلىنى تۆلىدى. ئېشىپ قالغان ئازغىنە پۇلغا چارشەنبە بازارغا بېرىپ تۆت مېكىيان بىلەن بىر خوراز ۋە بىر بوغاز ئۆچكە سېتىۋالدى.
«خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆچكىنى ئوغلاقلىتىپ، توخۇنى كاكىلدىتىپ، ئوغۇل نەۋرەمنىڭ كىتاب پۇلىنى تۆلەپ ئوقۇتىمەن···»
ئانىنىڭ تەلىيىگە مېكىيانلار كۈن ئېشىپ كاكىلاپ بەردى. ئۆچكىسىمۇ ئىككى ئايدىن كېيىن قوشكېزەك ئوغلاقلىدى. ئەمما، كۈز كەلگەندىن بېرى ئانىنىڭ غېمى بارغانسېرى كۆپىيىپ قالغانىدى. ئانا باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن كېۋەزلىككە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى.
بۇ كەڭرى كەتكەن كېۋەزلىكتە ئۇنىڭغا ئىككى مو كېۋەزلىك تەۋە ئىدى. ئانا بۇ كېۋەزلەرنى ئىككى قېتىم تېرىپ ساتتى. مانا بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم تېرىش ئۈچۈن كېۋەزلىككە كېلىشى ئىدى. ئۇ كېۋەزلىككە قاراپ تولىمۇ مەيۈسلەندى. ھەئە، ئېچىلغان غوزىلاردىن ئېچىلمىغانلىرى جىق ئىدى. ئۇ بۈگۈن خالتىسى تولغۇدەك پاختا تېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ بەك غەم باستى. ئۇ ئىككى قېتىم تەرگەن پاختىنى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ ساتقان بىلەن قولىغا بىر تىيىنمۇ پۇل تەگمىدى. پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى يىل بېشىدا دېگەن باھادىن خېلىلا تۆۋەن ئىدى. دېھقانلار باھانىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن غۇدۇرايتتى، ئەمما ئەرز ـ دادىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. يىل بېشىدا بىر كىلوگرام پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى پالانچى پۇل بولىدۇ دەپ، دېھقانلارنى كېۋەز تېرىشقا مەجبۇرلىغان يېزا رەھبەرلىرى، كەنت كادىرلىرى غېمىدا يوق يۈرۈشەتتى.

تى. ئانىنىڭ قولىغا پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق تالونىنى تۇتقۇزۇپ
قويغان كەنت بوغالتىرى: «غەيرەت قىلىسىلا، گۆھەر ئاچا، مانا
مۇشۇنداق ئىككى نۆۋەت پاختا ئەكېلىپ ساتسىلا گەدەنلىرىدىكى
كونا يىلنىڭ قەرزلىرى پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ» دېگەنىدى چالا ئېچىل-
غان كېۋەزدەك ھېجىيىپ. ئۇنىڭ قولىغا خەجلىگۈدەك پۇل ئاش-
مىسىمۇ مەيلى، قەرزلىرى پۈتۈنلەي تۈگىسە بولاتتىغۇ…
ئانا خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تۇمشۇق سوزۇشلى-
رىغا ئوخشاش شۇمشىيىپ تۇرغان كۆپىكۆك غوزىلارغا قاراپ
ئاجىز نىدا قىلدى:
«ئېچىل پاختام، ئېچىل!…»
تۇيۇقسىز ئېرىقنىڭ بويىدىكى دوڭغاق جىگدىلەرگە قونغان
بىر توپ قۇشقاچنىڭ «گۇررىدە» ئۇچقان ئاۋازى گۆھەر ئانىنىڭ
دىققىتىنى چالغىتتى. بىر توپ قۇشقاچ بەس - بەستە ۋىچىرلاش-
قىنىچە كېۋەزلىككە چۈشۈپ دانلايتتى - دە، بىر - ئىككى
مىنۇتتىن كېيىن يەنە جىگدىگە «گۇررىدە» قوناتتى. يەنە بىرنەچ-
چە مىنۇتتىن كېيىن جىگدە شېخىدىن گۇررىدە ئۇچۇپ كېۋەز-
لىككە چۈشەتتى. قۇشقاچلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئانا بىردىنلا
ئوغلىنى ئېسىگە ئالدى.
«ھېلىماخۇن، جېنىم ئوغلۇم، نەلەردە قېقىندى - سوقۇن-
دى بولۇپ يۈرىدىغانسەن…»
ھەئە، بۇ يىل كېۋەز مايسىلىرى بىر غېرىچ بوي تارتقان
مەزگىل ئىدى. سېكرېتار ھېلىماخۇن قاتارلىق ئون نەچچەيلەنگە
ۋەزىپە تاپشۇردى:
— مانا بۇ قۇشقاچ تۇتىدىغان تور، — دېدى سېكرېتار
يەردىكى بىر يۆگەم قىل تورنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەته
كەچكىچە ئۆزى نەدىن بولمىسۇن بەش يۈز دانە قۇشقاچ تۇتۇپ
كېلىسىلەر. ۋەزىپىنى ئورۇندىيالىساڭلار ئۆزى، ھەربىرىڭلار-
نىڭ بەش كۈنلۈكتىن ئۆزى، ئەمگەك ھاشىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ

بېرىمەن ئۆزى…

— مەن قۇشقاچ تۇتمايمەن، — دېدى ھېلىماخۇن سېكرېتار-نىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە.

— نېمىشقا ئۆزى؟ — سېكرېتار غەزەپتىن كۆكەردى. ئۇ بۇيرۇقنى بويسۇنمىغانلارنى يامان كۆرەتتى.

— ھازىر قۇشقاچلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇپ، بالا چىقىرىپ كۆپە-يىدىغان مەزگىلى. بۇنداق چاغدا قۇشقاچ تۇتسا قىساسقا قالىدۇ ئادەم. بۇنداق ئېغىر گۇناھنى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق مېنىڭ.

— راست، يازدا قۇشقاچ تۇتسا يامان بولىدۇ.

— ياز كۈنى تۇتقان قۇشقاچنى يېگىلى بولمايدۇ دېسىلە.

بىردەمدىلا بەش - ئالتەيلەن ھېلىماخۇنغا ئەگىشىپ قۇشقاچ تۇتۇشتىن يالتىيىۋالدى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزى… ئۆزى… گەدەنكەشلىك قىلىشمى-غىنىڭلار ياخشىمىكىن ئۆزى، — سېكرېتار ئاچچىقى كەلگەندە، يىغىن ئاچقاندا، يېزا، ناھىيە باشلىقلىرىغا خىزمەت دوكلاتى قىلغاندا، «ئۆزى» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى، — بىلىپ قويۇڭلار ئۆزى… ئۆزى. تۇتقان قۇشقاچلارنى ئۆزى مەن يېمەي-مەن. يېزىدىكى كاتتىۋاشلار ئۆزى - ئۆزى… ئالاھىدە ئورۇنلاش-تۇرغان ۋەزىپە بۇ ئۆزى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئۆزى، مېھمانلار-غا ئۆزى، پىشۇرۇپ بېرىدىغان گەپكەن ئۆزى. بۇ دېگەن يېزىلىق پارتكوم - ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى ئۆزى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆزى… ئۆزى جەرىمانە…

ھېلىماخۇن سېكرېتارنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا شاققىدە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا بىرنەچچەيلەن ئەگەش-تى. سېكرېتارنىڭ قۇشقاچ تۇتۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ئەمگەك ھا-شىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش قولىدىن كەلسىمۇ، قۇشقاچ تۇتۇشقا قات-ناشمىدىڭ دەپ جەرىمانە ئېلىش قولىدىن كەلمەيتتى. بۇ تەرىپى-نى ھېلىماخۇن ئوبدان بىلەتتى.

بالا ـ قازا چاپلاشقاندا ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئوخ-
شايدۇ. ھەممە پېشكەللىكنىڭ سەۋەبكارى ئاشۇ قاشاڭ ساغلىقى.
ھېلىماخۇن ساغلىقنى ئىككى توقلىسى بىلەن قوشۇپ ئوتلاتقىلى
ئاچىققانىدى. ئادەتتە ياۋاش، رايىش ساغلىق ھېلىماخۇننىڭ تە-
رەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن دالدىغا ئۆتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ،
ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بۇغدايلىققا كىردى ـ دە،
ئەمدىلا سېرىقتال بولۇشقا باشلىغان بۇغداي باشاقلىرىنى مەززە
قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. قويلىرىنىڭ ئىنساپسىزلىقىنى كۆر-
گەن ھېلىماخۇن ئىشتىنىنى تۈتقىنىچە يۈگۈرگەچ، قويلىرىنى
ئۈركۈتۈش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. شۇ ھامان بىر
توپ قۇشقاچ بۇغدايلىقتىن «گۇررىدە» كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئېگىز-
لەپ ئۈچقىنىچە يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە بۇغدايلىقنىڭ نېرى-
سىدىن سېكرېتار قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز ئادەمنىڭ گەۋدىسى
كۆرۈندى. ئەسلىدە ئۇلار بۇغدايلىقنىڭ پاسىلىدىكى ئېرىق بويى-
دىكى جىگدىلەرگە تور تارتىپ ئاشۇ بىر توپ قۇشقاچنى يەم بىلەن
تور تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا قىستاپ كەلگەنىدى. يەنە ئازراقلا
قىستىۋالسا، قۇشقاچلارنى بىر ئۈركۈتۈپلا ئۈچۈرۈپ ھەممىسىنى
بىراقلا تورغا چۈشۈرۈۋالاتتى. ئەپسۇس، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى
يوق ھېلىماخۇن بۇغدايلىققا كىرىۋالغان قويلىرىنى ئۈركۈتىمەن
دەپ قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتكەنىدى.

قۇشقاچلارنىڭ تورنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۈچۈپ كەتكەنلىكى-
دىن ئۆتى يېرىلغۇدەك غەزەپكە كەلگەن سېكرېتار ھېلىماخۇنغا
قاراپ ئاغزىنى بوراندەك قويۇۋەتتى:

— ھۇ، ھەزىلەك! نېمە ئۆزى بۇغدايلىقتا كۆتىگە يانتاق
قىستۇرغان مادا ئېشەكتەك يۈگۈرۈپ، بوشراق تۇۋلىساڭ بولما-
دۇ ئۆزى… ئۆزى…

بۇ ھاقارەتلەر ھېلىماخۇننىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەت-
تى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى قان «ۋىششىدە» قايناپ مېڭىسىگە

تەپتى ـ دە، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. ئادەم تىللاشقا كەلگەن- دە، ھېلىماخۇنىڭ ئاغزىمۇ بىر كىشىلىك بار ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئەلەمگە چىدىماي، ئاغزىنى بىراقلا قويۇۋەتتى.

كومىشىرىغا «قاراسىسىدە» تەگكەن بىر مۇشت بىلەن تەڭ ھېلىماخۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆزىدىن «ۋاللىدە» ئوت چاقنىدى. قۇلىقى تۇۋىدە سېكرېتارنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەدەم ياساڭلار ئۆزى بۇ ھەزىلەكنى، ھەر نېمە بولۇپ كەتسە ئىگىسى مەن ئۆزى...

شۇ ھامان ھېلىماخۇنىڭ باش ـ كۆزىگە مۇشت ـ پەشۋا يېغىشقا باشلىدى. سېكرېتار قۇشقاچ تۇتۇشقا كەنت تەۋەسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇلار سېكرېتارنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇندايتتى.

ئۇلار سېكرېتارنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەنلا ھېلىماخۇنىڭ ئاغ-زى ـ بۇرنىنى قانىتىپ، خۇددى شاتۇت ئۇجمە يېگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن سۆرەپ ئەكېلىپ كەنت قورۇسىدى-كى بىر ئېغىز ئۆيگە سولاپ قويدى. ئىككى سائەت ئۆتكەندە يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى بىر لاتا پىكاپ بىلەن كەنت قورۇسىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ھېلىماخۇننى سوراق قىلمايلا بىرمۇنچە ھاقارەتلەپ، قانۇننىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن-دىن كېيىن ھېلىماخۇنغا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارشىلاشقانلىق، پارتىيە، ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ نور-مال ئورۇندىلىشىغا قەستەن توسقۇنلۇق قىلغانلىق، كەنت كادىر-لىرىنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن ئىبارەت بىرقانچە تۇرلۇك جىنايەتنى ئارتىپ مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ـ دە، مۇشۇ پېشكەللىككە سەۋەب بولغان ھېلىقى قاشاڭ ساغلىق بىلەن ئىككى توقلىنى

جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكەتتى.
كەنتتىن يېزىغا ئېلىپ بارىدىغان ئاسفالت يولدا ئۈستىگە تۆت سېۋەت بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى ئېرەنسىزلىك بىلەن كې- تىپ باراتتى. ھارۋىغا قېتىلغان سۇر ھاڭگا مۈگدەپ ئولتۇرغان ھارۋىكەشنى ياراتمىغاندەك خۇشياقمىغان ھالدا قەدەم يۆتكەيتتى. ھارۋىكەش ناسىر كوسا بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالغاندەك ھارۋىنىڭ چوققىسىغا يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ قالغانىدى. سېۋەتتىكى قۇشقاچ- لارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ مۈگدىشىگە قىلچىلىك تەسىر يەت- كۈزمىگەنىدى. خۇددى ئىگىسىگە ئوخشاشلا ئېزىلىپ قالغان سۇر ھاڭگا باش ـ كۆزى ۋە كۆتىگە قونۇۋالغان كۆكۈيۈن، سالجىلارنى قورۇشقىمۇ خۇشياقماي ئېرەنسىزلىك بىلەن قەدەم ئالاتتى. ھە- ئە، ھارۋىكەش بەخۇدۇك مۈگدەيتتى. قۇشقاچلار توختىماي ۋى- چىرلايتتى، خۇددى دۈچ كەلگەن ناھەقچىلىكنى ئاللىكىمگە دادلا- ۋاتقاندەك.
قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدىن خۇددى ئۆزى بىلەن قىس- مەتداش، تەقدىرداش بىر دەردمەننىڭ نالىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ھېلىماخۇننىڭ ۋېلىسىپىت پېدالىنى كۆ- چەپ تېپىۋاتقان پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئاستىلاپ قالدى.
تۈنۈگۈنكى ناھەقچىلىكنى يېزا رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ، ساق- چىلار جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكەتكەن ئۈچ تۇياق قويىنى قايتۇرۇ- ۋېلىش مەقسىتىدە ئەتىگەندە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغان ھېلىما- خۇن دەردىنى تۆكۈش تۈگۈل بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە دەشنام ئىشى- تىپ، قورسىقى كۆپكەن ھالدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەئە، ھې- لىماخۇن ئەتىگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگەندە قورۇ ئىچى ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. ئاللىقانداق كاتتا مېھمانلارنى ھەشەم بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قورۇدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر جىددىي تازىلىق قىلىۋاتاتتى. بۇئىشقا يېزا باشلىقى شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ھېلىماخۇن يېزا باشلىقىنىڭ ئال-

دىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاڭجاڭ.

يېزا باشلىقى سالامنى ئىلىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا، «نېمە گەپ» دېگەننى قىلىپ سەت بىرنى گۆلەيدى. ھېلىماخۇن ھەم تەمتىرىگەن، ھەم تارتىنغان ھالدا ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، يېزا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى:

— تۇگمەنبېشىلىق ھېلىقى گەدەنكەش ساراڭ سەن شۇما؟

— ھە... بۇ... بۇ... شاڭجاڭ... بۇ...

— ئىسمىڭ ھېلىماخۇن شۇنداقما؟

— بۇ... بۇ... شۇنداق، شاڭجاڭ... سىلى تۈنۈگۈنكى ئىشتىن تولۇق خەۋەر تاپمىغان ئوخشايلا...

— ئاز گەپ قىل، ئاداش، ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار! — يېزا باشلىقى بىردىنلا ھېلىماخۇنغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىتى ئۇ قۇشقاچلارنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغانغا؟! كەنت كادىرلىرىغا بويانتاۋلىق قىلىسەن. سېكرېتارنىڭ گېپىنى ئىككى پۇلغا ئالمايسەن. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇدەك شۇنچە يوغان ئادەممۇ سەن؟! ماڭ ـ ماڭ، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي ئىشىڭنى قىلغاچ تۇر. سەن بىلەن ئايرىم بىر كۈنى ھېسابلىشىمەن تېخى. بىلىپ قوي، كەنت كادىرلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ئادەمنىڭ گېپىنى بىزمۇ ئاڭلىمايمىز.

ھېلىماخۇن يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، باشقىلار ئۇنى گەپ قىلغىلى قويمىدى.

— بۈگۈن يېزىغا يۇقىرىدىن مۇھىم مېھمانلار چىقماقچى. شاڭجاڭ بەكمۇ ئالدىراش. سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇدەك چولىسى يوق. تولا تالاشماي ھازىرچە كېتىپ تۇرۇڭ.

يېزا باشلىقىغا گېپىنى دېيەلمىگەن ھېلىماخۇن يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرىۋىدى، سېكرې-

تار ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا قول سىلكىدى:

— چىق - چىق، مەندە بۈگۈن مېھمان بار. نېمە گەپنى باشقا كۈنى كېلىپ دېسۇن.

يېزا ئورگىنىدىن خۇددى لالما ئىتتەك ھەيدەلگەن ھېلىماخۇن بارلىق دەرد - ئەلىمىنى ۋېلىسىپىت پېدالىدىن ئېلىپ، قورسىقى كۆپكەن ھالدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ تەگسىز خىياللىرىنى چالغىتتى. قۇشقاچلار تولىمۇ دەردلىك، نالىلىك ۋىچىرلايتتى. ھېلىماخۇن قۇشقاچلارنىڭ نالىسىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

«... سېكرېتار ئىككى كۈندىن بېرى تۇتقان قۇشقاچلىرىنى يېزىغا ئەۋەتكەن چېغى. بايا سېكرېتار بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ مېھمان بار دەپ پالاقلاپ كېتىشى بىكار ئەمەسكەن - دە. مېنى بار دۇنيالىق ئۈچ قويۇمدىن ئايرىغان، يەتكۈچە تىل - تاياققا قويغان ئاشۇ مېھمانلارنىڭ بالاخور قارنى ئۈچۈن چۈشۈرگەن قۇشقاچ تۇتۇش ئالۋىنىغۇ ئاخىر. تۇۋۋا جاھان نېمە بولۇپ كەتتى - ھە! ئادەمنىڭ قۇشقاچچىلىك قەدرى بولمىسا... بىراق ئاشۇ قۇشقاچلارنىڭ تەقدىرىمۇ مېنىڭكىدىن ياخشى ئەمەسقۇ ئاخىر. جۈپتىلىرىدىن، ئۇۋىسىدىن، باللىرىدىن، ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ يايراشتىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، ئاخىرقى ھېسابتا كۈتۈپ تۇرغىنى ئۆلتۈرۈلۈش، يۇڭزىلىنىش، كاۋاپ بولۇش... ئاشۇ بىچارە قۇشقاچلارنىڭ قۇربانلىق بولۇشى بەدىلىگە سېكرېتار بىلەن شاڭجاڭ يۇقىرىغا ياخشىچاق بولىدۇ. سېكرېتار بولسا يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىدۇ. بىزگە تېخىمۇ بەك كۈركىرەيدىغان، جەردمانىنى ئاشۇرۇپ قويىدىغان، بېشىمىزدا خالىغانچە ياڭاق چاقىدىغان بولىدۇ... ناۋادا ئاشۇ قۇشقاچلار بولمىسىچۇ؟»

ھېلىماخۇننىڭ كاللىسىدىن «يالت» قىلىپ كەچكەن بۇ خىيال ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى، خىياللىرى تېخىمۇ بەك

قاناتلاندى.

«··· توغرا، ئاشۇ تۆت سېۋەت قۇشقاچ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولمىسىچۇ؟ ئۇلار نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە! ئادەمگىمۇ ئارامچىلىق يوق. ئەمدى ئاشۇ قۇشقاچقىمۇ ئارامچىلىق يوقمىدۇ بۇ جاھاندا؟! ياز كۈنى قۇشقاچ تۇتسا، ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇنىدىن چىقماق تەس···»

قۇشقاچلار ۋىچىرلايتتى، خۇددى ئەرز ـ شىكايىتىنى ئاللىكىملەرگە دادلاۋاتقاندەك. ھەئە، شۇ تاپتا ھېلىماخۇننىڭ يۈرىكىمۇ قۇشقاچتەك ۋىچىرلايتتى···

ھېلىماخۇن ۋېلىسىپتتىن «تاققىدە» چۈشتى. ئېشەك ھارۋىسى ئۇنىڭدىن ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم ئۇزاپ كەتكەنىدى. سۇر ھاڭگا ئېرىنچەكلىك بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى. ھارۋىكەش ناسىر كوسا بولسا بەخىرامان مۈگدەيتتى. سېۋەتتىكى قۇشقاچلار بار ئاۋازى بىلەن توختىماي ۋىچىرلايتتى···

ھېلىماخۇن ۋېلىسىپتنى كەينىگە ياندۇرۇپ بىر سەكرەپلا مىندى ـ دە، دەقىقە ئىچىدە ھارۋىغا يېتىشىۋالدى. چاقماق تېزلىكىدە ۋېلىسىپتتىن چۈشۈپ، ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ، سېۋەتنىڭ شوينا بىلەن مەھكەم چىگىلگەن ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان سېۋەتلەردىكى يۈزلىگەن قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچقىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان ناسىر كوسا ھېلىماخۇننىڭ قۇشقاچلارنى قويۇۋەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ماڭ، بېرىپ سېكرېتار ئاكاڭغا قۇشقاچلارنى ھېلىماخۇن قويۇۋەتتى دە!

ھېلىماخۇن كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ قالغان ناسىر كوسىغا شۇنداق دېدى ـ دە، غالىبلارچە قاقاقلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ۋېلىسىپتىغا مىن-

دى ـ دە، ئۇدۇل مەھەللە تەرەپكە كەتتى. ئۇ ئۆيىدىن ئانىسى بىلەن ئايالىنى تاپالمىدى. ئۇلارنى ئىزدەپ ئېتىزلىققا يۈگۈردى. سېكرېتار قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈن جىگدىلەرگە تارتىپ قويۇپ يىغىۋالمىغان تورغا كۆزى چۈشۈۋىدى، ئويلىنىپ تۇرمايلا تورنى پاراسلىتىپ ئۈزۈپ تارتىۋالدى ـ دە، بىر يەرگە جۇغلاپ ئوت قويىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا غالىبلارچە بىر كۈلكە سۇس جىلۋە قىلاتتى.

— كەت، بالام! — دېدى گۆھەر ئانا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇپ، — خوتۇنۇڭنى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن ھازىرلا كەت. قۇشقاچلارنى ئۇر-كۈتۈۋەتكەن گۇناھىڭ ئۈچۈن يەتكۈچە تاياق يېگىنىڭنى ئاز دەپ ئۈچ قويدىن ئايرىلدۇق. شۇنچىۋالا قۇشقاچنى قويىۋەتكەن، تور-نى كۆيدۈرۈۋەتكەن گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۇلار سېنى ھەرگىز ئامان قويمايدۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. ياقا ـ يۇرتلارغا چىقىپ كەت. قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى. ئىككى بالاڭدىن غەم قىلما. ئۇلارغا مەن بار. سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، بالام.

ھېلىماخۇن ئايالىنى ئېلىپ شۇ قېچىپ كەتكىنىچە ھازىرغى-چە پەيدا بولمىدى. ئانا ئۇنىڭ بىرەر خەت ـ خەۋىرىنىمۇ ئالالمى-دى. سېكرېتار بىلەن يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىلىرى ئانىنى ئۈچ ـ تۆت ئايغىچە «ئوغلۇڭنى تاپ» دەپ خېلى ئاۋارە قىلدى. كېيىن ئۆيدىن پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى جەرىمانىگە ھېسابلاپ ئەكېتىپ بولدى قېلىشتى...

ئانا ھەسرەتلىك خىياللاردىن قۇتۇلۇپ كېۋەزلىرىگە قايتى-دىن نەزەر تاشلىدى. كېۋەزلەر يامان ئەمەس ئوخشىغانىدى. ھەربىر تۈپ كېۋەزدە سەككىز ـ ئون تالدىن غوزا بار ئىدى. ھازىر غوزىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېچىلىپ بولغان بولۇپ، ئانا ئېچىلغان پاختىلارنى تېردىپ، پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ

سېتىپ، پۇلىنى قەرزگە ھېسابلاپ بەرگەندى. شۇ تاپتا ئانىنىڭ
بارلىق ئۈمىدى ئېچىلماي تۇرغان ئاشۇ غوزىلاردا قالغاندى.
غوزىلار ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي خۇددى باتناپ قالغان نەۋرە-
لىرىنىڭ تۇمشۇق سوزۇشلىرىغا ئوخشاش شۇمشىيىپ تۇرۇشات-
تى. ئانا ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن
يەنە نىدا قىلدى:
«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»
ھەئە، كېۋەز خېلىلا ئوخشىغاندى. ئەمما، ئانا بۇنى ئەتى-
يازدىن باشلاپ سېكرېتار دېھقانلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئامانەت
قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز ئالدۇرۇپ، ئاشۇ قەرز ئالغان پۇللارغا
سېتىۋالغان خىمىيىۋى ئوغۇت، يالتىراق يوپۇق، كۇنجۇرە، دېھ-
قانچىلىق دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەرگە نورمىدىن ئاشۇ-
رۇپ سالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىمايتتى.
شۇنداق، يەرگە سالغان زىيادە كۆپ سېلىنمىغا يالغۇز گۆ-
ھەر ئانىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى
بار ئىدى. ئەتىيازدىكى كېۋەز تېرىلغۇسىغا ئىش باشلاش سەپەر-
ۋەرلىك يىغىنىدىلا ئۇلار نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكەندى.
— يەرگە سالىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن كۇنجۇرە يىل-
لاردىكىدىن زىيادە جىق بولۇپ كېتىپتۇ.
— شۇنداق، دەسلەپكى يىللاردا مولۇقىغا بەش - ئون كى-
لوگىرامدىن ئاشۇرماي ئوغۇت سالاتتۇق. جىقراق سالىلى دېسەك
تېخنىكىلار خىمىيىۋى ئوغۇتنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلەتسەك يەر
ئايلىنىپ كېتىدۇ، تۇپراق داشقاللىشىپ كېتىدۇ، دەيتتى.
— شۇنى بىر دېسىلە. مانا ئەمدى مولۇقىغا بىراقلا
ئەللىك - ئاتمىش كىلوگىرامدىن ئوغۇت سېلىۋىدۇق، يەرلا ئە-
مەس، بىزمۇ ئايلىنىپ كېتىپ بارىمىز. تۇپراق داشقاللىشىپ
بولغۇچە بىز داشقال بولۇپ كېتىپ بارىمىز.
— ماۋۇ دورىغا بولغان پىكرىمىزنىمۇ دەپ قويايلى، خالا-

يىق. كېۋەزگە چۈشكەن پىت ـ قۇرت قاتارلىق زىيانداش ھاشا-
راتلارنى ئۆلتۈرىدۇ دەپ دورا چاچقان بىلەن دورا كادىماي پىت
بىلەن قۇرتنى ئۆزىمىز تۇتۇۋاتىمىز. ھېچنېمىگە پايدىسى يوق
دورىغا پۇل تۆلەۋېرەمدۇق؟ بەرىبىر پىت ـ قۇرتنى ئۆزىمىز
تۇتقاندىكىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ دورا چاچمىغىنىمىز تۈزۈك.
بىكاردىن دورا پۇلى تۆلەپ كېتىپ بارىمىز ئەينا.

— قۇشقاچ كاۋىپى يېگەنما؟ قۇشقاچنىڭ ئورنىدا قۇرتنى
ئۆزىڭىز تۇتىسىز ئاشۇنداق.

— قۇشقاچ كاۋىپى يېگەن ئاكىڭىزغا دەڭ بۇ گەپنى.

— قۇشقاچنى بىز تۇتقان بىلەن كاۋىپىنى غوجام يەيدۇ.
قۇرتنى يەنە بىز تۇتىمىز.

— ئوغۇتنى بولدى دېگۈچە سالىمىز. مايسا بەك ئۆسۈپ
كەتسە ئۆسۈشىنى چەكلەيمىز دەپ يەنە دورا چاچىمىز. بۇمۇ
ئارتۇقچە سېلىققۇ بىزگە.

— ھەرقانچە قىلساقمۇ بىر مو يەردىن چىقىدىغان پاختا
تايىنلىق.

— شۇنى دېسىلە. نورمىدىن ئاشۇرۇپ سالغان ئوغۇت،
دورىغا تۆشلۈق پاختا چىقىسىدى، ئاندىن بولىدىكەن دېسەك.

— مىسالەنگە مېكىيانىنى ئالىدىغان بولساق، قورسىقىنى
نورمال باقساقمۇ بىر كۈندە بىر تۇخۇم كاكىلايدۇ. زىيادە بەك
بېقىۋەتسەكمۇ يەنە بىرنى كاكىلايدۇ. ئارتۇق يېگەن دېنى نىجاسەت-
كە ئايلانسا ئايلىنىدۇكى، ھەرگىز بىر كۈندە ئىككى تۇخۇم
كاكىلاپ بەرمەيدۇ. خۇددى يەرمۇ شۇنداق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتى تاق بولغان سېكرې-
تار دەرھال جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدى:

— ھەششى ـ ھەششى دەپ بەرسەم نېمە تولا ۋارى ـ ۋارى
بۇ؟! يەرنىڭ مولۇقىغا قانچىلىك ئوغۇت سېلىش، قانچىلىك دورا
چېچىش ھەققىدە يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بار. يۇقىرىنىڭ بەل-

گىلىمىسى دېمەكلىك، سىياسەت، يولىيورۇق دېمەكلىك، بۇنىڭغا
خىلاپلىق قىلىشقا ھەددىمىز ھەلەپ، ئېشىكىمىز سامان يېمەيدۇ
بىزنىڭ. شۇڭا داڭقان پۈتى، كوت - كوت گەپنى ئاز دەپ،
ئىشىمىزنى قىلايلى.

سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن سىياسەتكە، يولىيورۇققا تاقاپ چىد-
قىغۇاتقان گەپنىڭ سۈرى بار ئىدى. شۇڭا، دېھقانلار قايىنغان
قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا جىم بولۇپ قېلىشتى. يەرگە سالىدىغان
سېلىنما سېكرېتارنىڭ دېگىنىچە ئەمەلىيلەشتى. دېھقانلار كېۋەز
ئۇرۇقىنى يەرگە سالماي تۇرۇپ كۈزدە كېۋەز پىشقاندا تۆلەيدىغان
قەرزگە قۇلاققىچە كىرىلدى.

گۆھەر ئانىنىڭ كېۋەزلىرى راستىنىلا ئوخشىغانىدى. سېك-
رېتار دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدى-
كەن، بەربىر كېۋەزگە چۈشكەن پىت - قۇرتنى ئۆزىمىز تۈتىدى-
غان بولغاندىكىن پۇلنى بېزەپ قىلىپ دورا چاچمايلى دېگىنىگە
پەرۋا قىلماي ئىككى نۆۋەت دېھقانچىلىق دورىسى چاچقۇزدى،
ئەمما كېۋەزلەر چېچەكلەشكە ئەگىشىپ پىت بىلەن قۇرت ئاۋۇشقا
باشلىدى. بۇ بىر ئاپەتكە ئايلانغانىدى. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈ-
مەت پىت - قۇرت ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى
ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارلا ئەمەس، پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدى-
كى پونكىتلار ئىش توختىتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار دەرس
توختىتىپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى.

سېكرېتار كەنت تەۋەسىدىكى دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ ئېتىزلى-
قىدىكى كېۋەزلەرنىڭ پىت - قۇرتلىرىنى تېرىپ يوقىتىش ۋەزى-
پىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم كەنت
كادىرلىرىنى باشلاپ، كېۋەزلىكلەرنى ئارىلاپ پىت - قۇرتلارنى
تېرىپ يوقىتىش ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باراتتى. كېۋەزلەردىن
بىر تال پىت - قۇرت تېپىۋالسا شۇ كېۋەزلىكنىڭ ئىگىسىدىن
جەرىمانە ئالاتتى. دېھقانلار باھالاشنىڭ جەرىمانىسىگە ئوبدانلا بو-

غۇلۇپ قالغانىدى. ئەمما، سېكرېتار گۆھەر ئانىنىڭ ئىككى مو
كېۋەزلىكىنى ھەرقانچە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپمۇ جەرىمانە
قويغۇدەك پىت ـ قۇرت تاپالمىدى. تاپالمىغانسېرى ھەر كۈندىكى
باھالاشنى مۇشۇ ئىككى مو كېۋەزلىكتىن باشلايتتى. ئەگەشتۇ-
رۇپ كەلگەن باھالاش ئۆمىكىنى — كەنت كادىرلىرىنى تەپسى-
لىي، ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيتتى.

ھەئە، بۇ ئىشقا گۆھەر ئانا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇ ھەر
كۈنى تاڭ سەھەردە كېۋەزلىكىگە پىت ـ قۇرت تېرىگىلى چىققات-
تىيۇ، ئەمما شۇنچە ئىزدەپمۇ بىرەر تالمۇ زىيانداش ھاشارات
تاپالمايتتى. ئانا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى
ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بىر توپ قۇشقاچنىڭ كېۋەزلى-
كىگە «گۇررىدە» چۈشۈپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇچۇپ
كېتىدىغانلىقىنى دەسلەپتە چېلىقتۇرغاندا ئانچە پەرۋا قىلمىدى.
كېيىن بۇ قۇشقاچلارنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ كېۋەزلىكىگە چۈشىدى-
غانلىقىنى، باشقا كېۋەزلىكلەرگە چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلگەندە
قاتتىق ئەجەبلەندى. بىر توپ قۇشقاچ ئانىنىڭ كېۋەزلىكىگە كۈن-
دە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىۋاتات-
تى. ھەئە، قۇشقاچلار ئانىنىڭ كېۋەزلىكىنى زىيانداش ھاشارات-
لارنىڭ زىيىنىدىن، سېكرېتارنىڭ باھالىشىنىڭ جەرىمانىسىدىن
ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. ئانا قۇشقاچلارغا قاراپ ھاياجان بىلەن پى-
چىرلايتتى:

«ئېھ قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئۆزۈڭ بار، ئۆزۈڭگە ئاسان،
بەندەڭگە قىيىن...»

شۇنداق، ئانا كېۋەزلىرىنىڭ بېجىرىم ئۆسۈپ، بولۇق غوزا
بولۇشىنى يەرگە زىيادە كۆپ سالغان سېلىنىمدىن كۆرە، ئاشۇ
بىر توپ قۇشقاچنىڭ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ قىلغان
ياردىمىدىن دەپ چۈشىنەتتى. دېمىسىمۇ سېلىنىملارنى ئوخشاش
سېلىپ تېرىغان قوشنىلارنىڭ كېۋەزلىرىدە ئانىنىڭ كېۋەزلىرى-

دىكىدەك ئۇنچە كۆپ غوزا يوق ئىدى. قوشنىلارنىڭ كېۋەزلىر-
دىكى غوزىلار زىيانداش هاشاراتلارنىڭ كاساپىتىدىن قۇرۇپ،
يىگىلەپ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئەپسۇس، كۈز كىرگەندىن بېرى هاۋا تولىمۇ جۇدۇن بولۇ-
ۋالدى. ئەتىيازدىن مايسىلار سۇغا — يامغۇرغا تەشنا بولۇپ
تۇرغاندا توختىماي بوران چىقىپ، توپا ياغدى. يازدىن پىژغىرىم
ئىسسىقتا تۇرغىلى بولمىدى. مانا ئەمدى ئاپتاپقا تەشنا بولغاندا
هاۋا تۇتۇلۇپ خۇددى ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك توختىماي
يامغۇر ياغدى. هاۋا بىرەر - ئىككى ھەپتە ئېچىلىپ بەرگەن
بولسا، ئانىنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى غوزىلار ئېچىلىۋالاسمىدى؟
ئاشۇ غوزىلارنىڭ پاختىسىنى ئاپىرىپ ساتسا ئانىنىڭ قەرزى تو-
لۇق تۈگىمىگەندىمۇ خېلىلا يەڭگىللەيتتى ئەمەسمۇ. تېخى نەۋرى-
سىگە بىرەر قۇر قىشلىق كىيىم ئېتىپ بەرمىسە بولمايدۇ، يەنە
تېخى قىشلىق تەتىلدىن كېيىن تۆلەيدىغانغا كىتاب پۇلى غەملەپ
قويمىسا بولمايدۇ. ئەمما مۇشۇ غوزىلار بولسا ئېچىلاي دېمەكتە
يوق، شۈمشىيىپ تۇرغىنى تۇرغان خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلى-
رىنىڭ تۈمشۇق سوزۇشلىرىدەك. ئانا باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنى
«ئارپا پىشتى، بۇغداي پىشتى، سەن نېمىشقا پىشمايسەن. مۈ-
شۈك كۈلدى، چاشقان كۈلدى، سەن نېمىشقا كۈلمەيسەن» دەپ
غىدىقلىسا ئۇلار شۇ هامان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئەمما،
نەۋرىلىرىدەك شۈمشىيىۋالغان بۇ غوزىلارغا نېمە دېسە بولاركىن؟

ئانا ھەسرەت بىلەن پىچىرلىدى:

«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»

دېھقانلار سېكرېتارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن ھەر-
قانداق بۇيرۇقنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر -
پەرمانلىرى دەپ چۈشىنەتتى. تېگى - تەكتىنى، پايدا - زىيىنىنى
سۈرۈشتە قىلمايلا بويسۇناتتى.

سېكرېتار كەنتتىكى بارلىق دېھقانلارنى يىغىپ يىغىن

ئاچتى:

— ھەممەيلەن ئۆزى قولاقنى دىلك تۇتۇپ ئاڭلاشىسلا ئۆزى. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت كىلەر يىللىق پاختا مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئۆزى پاختا تېرىلغۇ يېرى بىلەن بۇغداي تېرىلغۇ يېرىنى ئۆزى ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى قارار قىلدى ئۆزى. بۇ يىللىق ئۆزى كېۋەز ئورنىغا پۇتۇنلەي ئۆزى، كۈزگى بۇغداي تېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزى بۇغداي تېرىش پىلانىغا توغرا كېلىپ قالغان ئويماتتىكى ئۆزى، كېۋىزى بارلار ھەپتە ئىچىدە كېۋەزلىرىنى يۇلۇپ يەرنى بىكار قىلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆزى ھەپتىدىن كېيىن تراكتور سېلىپ ئۆزى پۈتۈنلەي ھەيدەپ كۆمتۈرۈۋېتىلىدۇ ئۆزى...

بىر قىسىم دېھقانلار غۇدۇراشتى:

— بۇ قانداق گەپ، سېكرېتار؟ كېۋەزلىكتە ئېچىلمىغان غوزا ھەلەم تۇرسا.

— شۇ - دە. بۇغداي تېرىيدىغانغا يەنە ئون بەش - يىگىرمە كۈن بار.

— بۇغداي دېگەننى توڭغا تارتىپراق تېرىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭغىچە غوزىلار ئېچىلىۋالسا ياخشى بولاتتى.

سېكرېتارنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— گەپ بىر، قولاق ئىككى ئۆزى. مەن ئۆزى دەيدىغاننى دەپ قويدۇم. ھەپتىدىن كېيىن ئۆزى يەرگە تراكتور سېلىنىدۇ ئۆزى، يىغىن تامام.

دېھقانلار يىغىندىن غۇدۇراشقىنىچە تارقاشتى. ھەئە، سېكرېتارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، دېھقان دېگەن غۇدۇراشنى بىلىدۇ، قارشى چىقىشنى بىلمەيدۇ. بىرى باشلىغان كىچىككە ھەممىسى كىرىۋېرىدۇ خۇددى قويغا ئوخشاش. شۇڭلاشقىمۇ سېكرېتارنىڭ دېھقانلارنى بۇيرۇقفا كىرگۈزۈشكە تەدبىرى تولا. مانا

بۇ قېتىممۇ ئۇ كەنت تەۋەسىدىكى ھەربىر مەھەللىدىن كېۋەز يېرى بۇغداي تېرىشقا توغرا كېلىپ قالغان دېھقانلاردىن بىر - ئىككىسىگە تەربىيە ئىشلەپ، ئەمگەك ھاشىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ۋەدە قىلىپ كېۋەز يېرىنى بىكارلاتقۇزۇۋىدى، بۇنى كۆرۈپ باشقا دېھقانلارمۇ كەتمەن، ئورغاق، چالغىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېۋەزلىرىنى بولۇشىغا چېپىشقا باشلىدى. گۆھەر ئانىنىڭ ئىككى مو يېرىدىكى كېۋەزلەرنىمۇ قوشنىلىرى ھە - ھۇ بىلەن چېپىپ يەرنى بىكارلاپ بەردى. ھەربىر تۈپ كېۋەز شادىسىدىكى بەش - ئالتە تالدىن گىلدىڭلاپ تۇرغان غوزىلارنى كۆرۈپ، گۆھەر ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. كۆزىگە «مۆللىدە» ياش كەلدى. ئەمما، پاڭگىدە يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. قوشنىلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسى ئارقىلىق كېۋەز شادىلىرىنى ھويلىسىغا توشۇۋالدى - دە، باشقىلارغا ئوخشاش بىر چەتكە دۆۋىلەپ بېسىپ قويماي ھويلا ئىچىگە تەكشى يېيىتتى. غوزىلارنى ئاپتاپتا ئېچىلىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئانا توغرا ئويلىغانىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاپتاپ يېگەن غوزىلار ئاستا ئاجراشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ قەلبىدىكى ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد شامى سۇس پىلدىرلاشقا باشلىدى.

ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچە ئۈششۈك مېڭىپ، يەرلەر توڭلاپ كۈزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. شۇ كۈنلەردە ئۈششۈك يەر - زېمىنغىلا ئەمەس، گۆھەر ئانىنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىغىمۇ ماڭغاندەك قىلاتتى.

ھەئە، بۇغداي تېرىش ئۈچۈن كېۋەزلىرى مەجبۇرىي يۇلغۇزۇۋېتىلگەن دېھقانلار پاختا پونكىتىغا پاختا ساتقىلى بارالمىدى. ئەلۋەتتە ساتىدىغان پاختىسى بولمىسا يىل بېشىدا پاختا تېرىش ئۈچۈن ئالغان قەرزىنى تۆلىيەلمەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. گۆھەر ئانا ھېلىقى ئاپتاپقا قاقلىنىپ چالا ھىجىيىپ

تۇرغان غوزىلىرىغا كۈندە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر كۈندىلا تولۇق ئېچىلىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. غوزىلار بولسا ئاشۇ سۈس ھېجىيىشىدا تۇراتتى. بىرەر تال غوزىمۇ تولۇق ئاجراپ، پوتلىسى چۇۋۇلۇپ ئېچىلمىغانىدى. قەرزدار ئائىلىلەرنىڭ پاختا پونكىتىغا پاختا ساتقىلى كەلمىگەنلىكىنى، ئېتىزلىقتا كېۋەز قالمىغانلىقىنى بىلگەن سېكرېتار كەنت ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى، كەنت بوغالتىرى قاتارلىق ئون نەچچە كەنت كادىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ قەرز سۆيلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار قەرزدار ئائىلىلەر پۇل بەرسە پۇلنى، پۇل بىرەلمىسە پۇلغا يارىغۇدەك مال ـ مۈلۈك، چارۋىلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ باھالاپ، قەرزگە ھېسابلاپ ئەكېتىۋېرەتتى. ئۇلار گۆھەر ئانىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئاشۇنداق سۈر ـ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ھە، گۆھەر ئاچا، قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋەتسىلە ئۆزى. ئۇزاقلىشىپ كەتسە ئۆزى ئۆسۈممۇ بىرمۇنچە بولۇپ كەتمىسۇن ئۆزى.

— كېۋەزلەرنى يۇلۇۋەتكەندىكىن غوزىلار ئېچىلمىدى كۆرسىلە. مېنىڭغۇ قەرزنى تولۇق تۆلىۋەتكۈم بارتى كۆرسىلە. قولۇمدا شۇ سىنتىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق كۆرسىلە...

— قوللىرىدا ئۆزى پۇل بولمىغان بىلەن ئۆزى ئېغىلدا مال چارۋىلار باردۇ ئۆزى.

— شۇ بىر ئوغلاقلىق ئۆچكەم بار كۆرسىلە.

ئانا شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ قەرز سۆيلەپ كەلگىنىدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى سېكرېتارنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلغان گەپلىرى كۆڭلىگە كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر قىزىرىپ كەتكەنىدى، يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى.

— ئوغلاقلىق ئۆچكىسىنى ئۆزى ئاچىقىڭلار!

سېكرېتارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككىيلەن پاكارغىنە ئېغىلغا كىرىپ ئۆچكىنى ئىككى ئوغلىقى بىلەن سۆرەپ ئاچىقتى. ئانا

ئۆچكە ئۇزۇندىن بېرى ئېغىلدىن چىقمىغاچقىمۇ ياكى شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمدىن ئۇركۇدىمۇ توختىماي مەرەپ، تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمايتتى. پىچاققا يارىغۇدەك بولۇپ قالغان ئىككى ئوغلىقى ئانىسىنىڭ قورسىقىغا بېشىنى تىقىۋېلىشقانىدى. شۇ تاپتا بۇ بىر جۈپ ئوغلاق سېكرېتارنىڭ قىرقىمىغان ئوغلاق كاۋىپى يېيىش ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتكەنىدى.

— ئاشۇ قىرقىمىغان ئىككى ئوغلىقىنى دېمىسە ئۆزى بۇ قېرى ئۆچكىسىنى ئۆزى ھېچكىم ئالمايدۇ، بوپتۇ. قەرزدىن ئۆزى بىر يۈز ئەللىك كوينى كۆتۈرۈۋېتىڭلار.

ئانا بېشىنى «دىڭگىدە» كۆتۈردى - دە، توختىماي مەرەۋاتـ قان ئۆچكىسىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

سېكرېتار بوغالتىرنىڭ قولىدىكى قەرز دەپتىرىگە شۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— گەدەنلىرىدە ئۆزى يەنە ئالتە يۈز سەكسەن كوي قەرز قاپتۇ ئۆزى. بۇنى قانداق قىلىمىز ئەمدى ئۆزى؟

ئانا توخۇ كاتىكىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا قىزىل خوراز ئانا بىلەن قېرىشقاندەك سوزۇپ چىللىدى.

— كاتەكتىكى توخۇنى ئۆزى تۇتۇپ چىقىڭلار.

تۆت مېكيان بىلەن بىر خوراز ئۈچ - تۆت مىنۇت قاقاقلاپ جىم بولدى. ئۇلار پۇتۇنلەي باغلاقـقا چۈشكەن بولۇپ، ھەممىسىـ نىڭ پۇتى بىر شوينىغا چىگىلگەنىدى. ئۇلار بەش توخۇنى سەكـ سەن كوي نەرخىدە باھالىدى - دە، ئانىغا گەدىنىدە يەنە ئالتە يۈز كوي قەرز ئېشىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۆچكىنى مەردـ تىپ، توخۇنى قاقاقلىتىپ چىقىپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئانىنىڭ ھويلىسى تېخىمۇ چۆلدەرەپ قالـ دى. ئانا ئۆچكىنىڭ مەرىشىدىن، مېكيانلىرىنىڭ قاقىلدىشىـ دىن، خورىزىنىڭ چىللىشىدىن خۇددى قىش ئاپتىپىدەك ئاجىز

ئىللىقلىق ھېس قىلاتتى، ئەمدى مۇشۇ كىچىككىنە كۆڭۈل خۇش-
لۇقىمۇ يوق بولغانىدى. شۇ تاپتا ئانىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى
ھويلىسىدا تەكشى يېيىتىپ قويۇلغان كېۋەزلەرگە باغلىنىپ قال-
غانىدى. ئۇ ھاۋا ئېچىلىپ سەل ـ پەللا ئاپتاپ چىقسا، ئاپتاپ
ئىسسىنغاچ كېۋەز غوزىلىرىغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى، شېرىن
خىياللارغا غەرق بولاتتى.

... ھويلىسىغا تەكشى يېيىتىلغان ئاشۇ كېۋەز شادىلىرىدىكى
غوزىلار توختىماي ئېچىلىپ تۇرسا، ئانا ئاپئاق پاختىلارنى تېر-
رىپ، خالتىلارغا قاچىلاپ پاختا پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇر-
سا. پاختا ساتقان پۇللار بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىسە، غوزىلار
ئېچىلىپ تۇرسا، ئانا تېرىپ ئۆلگۈرتەلمىسە... نەۋرىسىنىڭ كى-
تاب پۇلىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا
بوينىنى قىسىپ قويمىسا، ھەئە، تېخى قىز نەۋرىسىنىمۇ شەھەر-
دىكى بالا باققىلى بەرگەن يەردىن قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالسا...

ئانا شېرىن خىياللار قوينىدىن ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن
رېئاللىققا قايتاتتى. خىيالىي تۇيغۇلىرىغا ئىشىنىپ ئالدىدىكى
كېۋەز شادىلىرىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئەمما، بىر قىسىم
غوزىلارنىڭ ئازراقلا ئاجراپ خۇددى دۈشمەننىڭ كۆلكىسىدەك
سۈس ھېجىيىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غوزىلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى خۇددى باتناپ قالغان نەۋرىلىرىنىڭ تۇمشۇق سوزۇشلى-
رىدەك شۇمشىيىپ تۇراتتى.

ئانا مەڭزىدە قېتىپ قالغان ئىككى تامچە ياشنى سۈرتۈۋې-
تىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھەسرەتلىك ندا قىلاتتى:

«ئېچىل پاختام، ئېچىل!»

# «دىۋان مەشرەپ»كە تۆكۈلگەن قان

مىلادىيە 1685 ـ يىلى قىش.

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان قار رەشىدىيە مەدرىسىسىنىڭ خارابىسىنى ئاپئاق پەردە بىلەن ھەم چۈمكەپ، مەدرىسە دەرۋازىسىدىن كۈتۈپخانا، دەرسخانا ۋە تالىپلار ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارغا ئاپئاق پاياندار سالغانىدى. ھەئە، تەبىئەتنىڭ ئىنئامى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىسكەتكە كىرىپ قالغان رەشىدىيە مەدرىسى يەنىلا غېرىبانە كۆرۈنەتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە بىنا قىلىنغان بۇ خانلىق مەدرىسىنىڭ تاكى سۇلتان ئىسمائىلخان دەۋرىگىچە بولغان بىر يۈز قىرىق نەچچە يىللىق شۆھرىتى، يۈزلىگەن تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى ئاشۇ ئاپئاق قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. زىمىستان يالغۇز رەشىدىيە مەدرىسىسىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاستانىنى تونگلىتىۋەتكەنىدى.

جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ خانى غالداننىڭ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ بۇيۇك سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى سۇلتان ئىسمائىلخاندىن تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئاپاق خوجا سەلتەنەت سۈرگە تايىنىپ، دەۋەتى ئىشقىيە سۇلۇك تەرغىباتى يۈرگۈزۈپ، ئەشەددىي رەقىبى سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى ۋە سۇلۇكتىن مۇستەسنا ئاددىي ئاۋامنى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنى دەھشەتلىك باستۇرغان، خانلىق تەۋەسىدىكى مەدرىسە، مەكتەپ قاتارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت يۇرتى

لەرنى سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىنىڭ خانىقا - تۇنەكخانىلىرىغا ئايلاندۇرغان، يۈزلىگەن مۇدەررىس، ئالىم - ئۆلىمالارنى، خەل-پەتلەرنى، مىڭلىغان تالىپ - تالىبەلەرنى ھەيدەپ چىقارغانىدى.

ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق ئىشان - سوپىلار-نىڭ تون - دەستارلىرىنىڭ رەڭگىدىكى ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. گويا ئاپاق خوجىنىڭ جىنايەتكارانە قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك، پۈتكۈل ئاستانە ئاپئاق قار ئاستىدا قالغانىدى. گويا ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغ-لىق خوجا - ئىشانلار بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق خوجا - ئىشانلارنىڭ نىزا - ئاداۋەتلىرى سەۋەبىدىن قىلىنغان سۇلۇك قىرغىنچىلىقىدا بىھۇدە تۆكۈلگەن قىپقىزىل قانلارنى يو-شۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك.

لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار رەشىدىيە مەدرىسىسىنىڭ كۆيۈپ كۇل بولغان خارابىلىرىنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ھەئە، جۇڭغار قالماق باسقۇنچىلىرىنى باشلاپ كەلگەن ئاپاق خوجا رەشىدىيە مەدرىسىگە قاپسىلىپ كېلىپ تۇرۇپمۇ باتۇرلارچە قار-شىلىق كۆرسىتىۋاتقان سەئىدىيە باھادىرلىرىنى بويسۇندۇرالماي مەدرىسىسىگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى. رەھىمسىز ئوت بۇ سەلتەنەت-لىك ئىلىم يۇرتىنى يالماپ يۇتقان؛ جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى - لەشكەرلىرى بولسا، مەدرىسە ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان سەئىدىيە ئەزىمەتلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلى-غانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەشىدىيە مەدرىسىسى ئۇنىڭ خارابە ھالىتى بىلەن ئاشۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى ئەسلىتىپ ئۈنسىز ئىندا قىلىپ تۇراتتى.

مەدرىسىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى بىر نەچچە ھۇجرا قايتىدىن ياسىتىلىپ تۈزەشتۈرۈلگەندەك قىلاتتى. چەتتىكى ھۇجرىنىڭ مو-رىسىدىن كۆكۈچ تۈتۈن كۆتۈرۈلەتتى. تۇيۇقسىز ھۇجرا ئىشىكى نالىلىك غىچىرلاپ ئېچىلدى - دە، ھۇجرىدىن ئوتتۇرا بوي،

ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت
چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كۆرپە
تەلپىكى كونىراپ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىدىكى
توننىڭ يىرتىقلىرىدىن پاختىلىرى چىقىپ قالغان، ئۇيەر - بۇ-
يەرلىرى قوپال يامالغانىدى، ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى ئۇپراپ قالمى-
غانىدى.

يىگىت يۇندى چېچىۋەتكەندەك بەدرەڭ ئاسمانغا بىرئازلىق
بىلەن شۇنداقلا قارىدى - دە، قاپقارا تۇماقچە بۇرۇتى تولىمۇ
ياراشقان، ئىستىن قارىداپ كەتكەن چىرايىنى پۇرۇشتۇردى.
قېلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ بېرىپ، قوشنا ھۇجرىنىڭ
ئىشىكىنى قاققاچ تۇۋلىدى:

— ھەي باللار، ناشتا قىلىۋېلىڭلار!

يىگىت بىرنەچچە قېتىم تۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا
قايتىپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز!

چوڭى ئون - ئون ئىككى ياشلىق، كىچىكى يەتتە - سەككىز
ياشلىق ئون نەچچە ئۆسمۈر ھۇجرىغا ئەدەپ بىلەن كىرىپ كەل-
دى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

يىگىت باللارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى.

مورا ئوچاقتا جىگدە ئوتۇنىنىڭ چوغى يېلىنجايتتى. ھۇجرى-
نىڭ ئىچى خېلىلا ئىسسىق ئىدى. ئوچاقتىكى قازاندا ئۇماچ
پىلتىقلاپ قايناۋاتاتتى. يىگىت ياغاچ تۇۋاق، ھجىرلارغا قازاندى-
كى چامغۇر، كاۋا، سەۋزىنى مول سېلىپ چالغان ئۇماچنى
ئۇستى، چوڭراق باللاردىن بىرى قاچىدىكى ئاشنى شىرەگە تو-
شۇشقا باشلىدى. يىگىت ئاشنى ئۇسۇپ بولغاندىن كېيىن ئاسقۇ-
دىكى سېۋەتتىن يەتتە - سەككىز دانە زاغرىنى ئالدى - دە،
داستىخانغا قويۇپ ئوشتۇدى.

— ئۇماچقا نان چىلاپ ئىچىڭلار.

— سىلىمۇ نان چىلىسىلا، دادىكا.

ئۇلار ئەدەپ بىلەن «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشىپ ناشتىغا تۇتۇندى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنىتى ئىلىم تەقىبىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئالىم - ئۆلىمالار ئوقۇتۇش، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغاندى. بولۇپمۇ شائىر بابارەھىم مەشرەپ ۋەقەسى[①] بىلەن قەشقەردىكى كاتتا ئۆلىما پالتۇ ئەلەم پاجىئەسى[②] يۈز بەرگەندىن كېيىن سەئىدىيە ئېلىدە مائارىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش، شۇنىڭدەك بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا ئىجاد قىلىش، تۈرلۈك كىتاب - رىسالىلەرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش، مۇزىكا، مەشرەپ قاتارلىق سەنئەت پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلەندى. «قۇرئانى كەرىم» بىلەن «ھەپتىيەك»تىن باشقا كىتاب، رىسالىلەر يىغىۋېلىنىپ تامامەن دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر كىتاب - رىسالىلەرنى يوشۇرۇن ساقلايدىغان، يوشۇرۇن ئىلىم مۇتائىلە قىلىدىغان بولۇشتى.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ رەشىدىيە مەدرىسىسىدە ئوقۇپ، تۈرلۈك ئىلىملەردە كامالەتكە يېتىپ، رەشىدىيە مەدرىسىسىدە خەلپەتلىك قىلىۋاتقان بۇ يىگىت رەشىدىيە مەدرىسىسىنىڭ خارابىسىگە ھېچكىمنىڭ دىققەت - نەزىرىنىڭ چۈشمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىرنەچچە ھۇجرىنى قايتا ياساپ، كوچا - كويلاردىكى ئىگە - چاقىسىز بالىلاردىن ئون نەچچىسىنى يىغىپ تۇرمۇ-

① مەشرەپنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن جازالىنىپ، ئاختا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە.

② قورچاق ئىشان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ چېكىدىن ئاشقان سۇلۇك تەرغىباتى ۋە زۇلمىغا چىدىمىغان ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما پالتۇ ئەلەم قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى بىر قېتىملىق جۇمە نامىزىدا ئاپاق خوجا بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، تۈرلۈك كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنى لەت قىلىدۇ. يېڭىلىپ قالغىنىغا چىدىمىغان ئاپاق خوجا شۇ كۈنى كېچىسى كاللا كېسەرلىرىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ پالتۇ ئەلەم قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق ئىلىم ئەھلىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى پالتۇ ئەلەم پاجىئەسىدۇر.

شىدىن خەۋەر ئالغاچ تەربىيىلەۋاتاتتى. يىگىتنى بالىلارنىڭ چوڭلىرى «ئۇستاز»، كىچىكلىرى «دادىكا» دەپ چاقىرىشاتتى.

خەلپەت يىگىت دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاستانىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى خېلى يامان ئەمەس قامداپ كەلگەنىدى. كېيىنچە كۈندىن - كۈنگە كۆچىيىپ كەتكەن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ تەقىبىدىن ۋە ھە دېسىلا «قارا مۇسۇلمان»، «مۇرتەت»، «ئازما ئىسھاقىيەچى» دېگەن بەتناملار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلەردىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئاستا - ئاستا ياردەملىرىنى توختاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خانىغا يىلدا تاپشۇرىدىغان تۆت يۈز مىڭ سەر سەئىدىيە كۈمۈش تەڭگىسى ھېسابىدىكى ئولپانلارنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئەۋەتىش ئۈچۈن سالغان ھېسابسىز ئالۋان - سېلىقلىرى يالغۇز ئاستانە پۇقرالىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل سەئىدىيە خەلقىنى تېزلا نامراتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن ئىشان - سوپىلارمۇ بىر توپ ھارامتاماق قۇرتتەك خەلقنىڭ يىلىكىنى شورىۋاتاتتى.

تۇرمۇشنى قامداشقا ئامالسىز قالغان خەلپەت يېقىندىن بېرى بالىلارنى كوچا - رەستىلەردە مەدىكارچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا چىقىرىۋەتكەنىدى. بالىلار ناشتىدىن كېيىن ساۋاق ئالاتتى - دە، بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك ئۈچۈن سىرتقا يۈگۈرەيتتى. كەچ تەرەپتە بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ھېساب، تىل - ئەدەبىيات، ئىلمىي تەجۋىد①، ئىلمىي رىيازەت②قاتارلىق پەنلەردىن دەرس بېرەتتى. ناچار شارائىت، جاپالىق مۇھىتتىمۇ ئەۋلادلارغا ئىلىم بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئوت يۈرەك يىگىت رەشىدىيە مەدرىسىسىنىڭ ئىلگىرىدىكى قاينام - تاشقىنلىق مەن-

---

① ئىلمىي تەجۋىد — قىرائەت ئىلمى.
② ئىلمىي رىيازەت — تەبىئەت ئىلمى.

ـزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئېغىر خۇرسىناتتى. خۇپىـ
يانە مەكتەپ ئاچقانلىقى سىزىلىپ قالسا، ئۇچرايدىغان جازاغىمۇ
كۆڭلىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

ناشتىدىن كېيىن دۇئا قىلىشىپ داستىخان يىغىشتۇرۇۋالدى.
باللار تەكچىدىكى بىرنەچچە كىتابنى ئېلىپ ئاستا ئوـ
قۇشقا باشلىدى.

— مۇنداقراق تۇتە، مەنمۇ ئوقۇي.

— ئەكېلە، بۇگۈن كىتابنى مەن تۇتىمەن.

بار - يوقى تۆت - بەش پارچە كىتاب باللارغا يېتىشمەيتىـ
تى. ئاپاق خوجىنىڭ تەلۋە مۇرىتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن
ئاران ساقلاپ قېلىنغان بۇ كىتابلارنى خەلپەت يىگىت بەكمۇ
ئاسرايتتى.

— تالاشماڭلار، كىتابنى يىرتىۋېتىسىلەر.

باللار شۇ ھامان جىم بولۇشتى. يىگىت باللارنىڭ قولىدىـ
كى كىتابقا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا رەشىدىيە مەدرىسىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى توم -
توم كىتابلار كەلدى. كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ تۈرىمۇ، سانىـ
مۇ كۆپ ئىدى. نەچچە يۈزلىگەن تالىپ پەقەتلا كىتاب تالىشىپ
قالمايتتى. كۇتۇپخانىدىن خالىغان ۋاقىتتا كىتاب ئاچىقىپ كۆرەـ
لەيتتى، ئوچۇق - ئاشكارا، ئەركىن - ئازادە مۇنازىرىلىشەتتى.
ئەپسۇس، ھازىر ئۇ كىتابلار يوق. ھەممىسى مەدرىسە بىلەن
قوشۇلۇپ كۈل بولدى. ھازىر ئاستانىدە كىتاب تۇتىيا، ئىلىم
ھەققىدە ئەركىن - ئازادە سۆھبەتلىشىش، مۇنازىرىلىشىش مۇمـ
كىن ئەمەس.

ھېيىقىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان شاگىرتلىرىغا قاراپ خەلپەت
يىگىت ئاستا سۆزلىدى:

— ئېسىڭلاردا بولسۇن، كىتاب — ئالىملار پىكرىنىڭ پاـ
ناھگاھى، دانالار بوستانىنىڭ چىمەنى، ئۇ ھېچكىمى يوق كىشىـ

لەرگە كۆڭۆل ئاچىدىغان باغ، غەمكىن كىشىلەرگە رەھنامىدۇر، دەردلىكلەر دىلىغا داۋادۇر، كىمكى كىتابنى كۆپ كۆرسە، زېھنى ئۇچۇق، سۆزگە چېچەن كېلۇر. كىشى ئۇچۇن كىتابتىن ئەزىز ۋە يېقىملىق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب پاساھەت، بالاغەت، لاتاپەتتە تەڭداشسىز ۋە مۇناپىقلىقتىن خالىي ھەمراھدۇر. ئاپاق خوجىنىڭ ئىشان خانلىق سەلتەنىتى ئىلىم - مەرىپەتنى پايمال، ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلىپ، ئالىم - پازىللىرىمىزنى چىدىغۇسىز بالالەرگە مۇپتىلا قىلدى. ئىلىم نۇرلىرى خىرەلەشتى. ئەمما، ئىلىم - مەرىپەت ئەل - رەئىيەت ئۇچۇن خۇددى ئاش بىلەن نانده‌كلا زۆرۈردۇر. كىمكى ئىلىم نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يو- رۇتمىسا، نادانلىق ۋە زۇلمەت كوچىسىدا قالىدۇ. كىشى قەلبى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قۇۋۋەتلىنۇر. ئىنساننىڭ قەدرى ئىلىم بىلەن ھاسىل بولۇر. دانىشمەن ئەۋلىيالىرىمىز شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇلەركى، ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولسا، ھەر ئۈچىلىسىگە ئىلىم ئۆگەتسۇن. ناۋادا بۇنداق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولمىسا، بىرىگە ئىلىم ئۆگەتسۇن، بىرىگە ھۇنەر، يەنە بىرىگە دېھقانچىلىق ياكى تىجارەت ئۆگەتسۇن. ئومۇمەن ئۇلارنى بىرەر ياخشى ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىپ، بىكارچى ۋە قەبىھ كىشىلەر بىلەن ئۇلپەت، ھەمسۆھبەت بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن. يەنە دانىشمەن ئەۋلىيالار شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇلەركى، تۆت نېمەر- سىكى ئۆلۈك دىلنى تىرىلدۇرىدۇ، يەنى ئىلىم ئەھلى، ياخشى دوست، ۋاپادار يار ۋە دۆلەت - ئىقبال سەۋەبچىسى بولىدىغان دانا ئەقىل...

بالىلار ئۇستازىدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ سىرتقا چىقىشقا تەرەددۇتلەندى. خەلپەت يىگىت كىچىكرەك ئىككى بالىنىڭ قو- ڭالتاق كىيىۋالغان، تۇمشۇقى ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان ئۆتۈ- كىنى سالدۇرۇپ، پايتىمىسىنى ئوچاقتا قاقلاپ ئىسسىتتى، ئاند- دىن ئۇنى پۇتىغا ئوراپ ئۆتۈكىنى كىيدۇردى، پاختىلىق چاپىند-

نى ئوبدان يۆگەپ، بىلىدىن قۇ بىلەن مەھكەم چىگدى، تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيدۈردى.

— ھاۋا سوغۇق، سىرتتا بەك ھايال قالماڭلار، لاي ـ پاتقاقلارنى دەسسىمەڭلار.

ھۆجرا ئىچى يەنە تىمتاسلىقتا چۆمدى. يىگىت بىر چەتتىكى پاكار شىرەنى ئوچاقنىڭ قىشىغىراق يۆتكىدى ـ دە، ئويۇقتىن قەغەز، سىياھدان، قەلەمنى ئەكىلىپ شىرەگە مۇكچەيدى. ئۇ يېقىندىن بېرى مەشرەپنىڭ «شېئىرىي دىۋانى» نى ئىشلەۋاتاتتى. رۇقئە خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلۈۋاتقان شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قەغەزگە ئېلىنىپ بولغانىدى. يىگىت خېلى بۇرۇنلا مەشـرەپ شېئىرلىرىدىن بىرەر دىۋان تۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەشرەپكە ئاجايىپ ھۆرمەت ـ ئىخلاسى بار ئىدى. بىر كۈنى ئاستانىگە مەشرەپنىڭ ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ئۇسۇلدا جازالىنىپ ئاختا قىلىنغانلىق خەۋىـرى يېتىپ كەلدى. يىگىت بۇ خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈدى. كېـيىنچە ئەل ئارىسىدا «شاھ مەشـرەپ ئەۋلىيا» ھەققىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالدى. ئەمما، مەشرەپ بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭـلىگە پۈككەن ئارزۇسى بويىچە مەشرەپنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقالـغان ھەربىر پارچە شېئىرىنى تولۇق خاتىرىلىۋالدى ياكى يادلىۋالـدى. مانا شۇ كۈنلەردە ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مەشـرەپنىڭ شېئىرىنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغاچ كۆچۈرەتتى:

«ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىپ دىۋانە بولغان ئۆزگەنىم،
كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇپ، بىريانە[1] بولغان ئۆزگەنىم،

---

① بىريانە — قورۇلۇپ كەتكەن، كۆيگەن.

ئاشىقى دىدارىمەن، ئەي يار، بىلمەسسەن مەگەر،
مەنسۇرى ھەللاجدەك[1] دارغا ئېسىلغان ئۆزگەنىم.
كۆيە - كۆيە كۈل بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بارمىكىن،
ئىشق يولىدا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بار تىرىلگەن ئۆزگەنىم.
چاك سىينەمنى قىلىپ، مەھشەردە ئەيلەرمەن پىغان،
ئول كۈنى دىدار دەپ مەھشەرنى بۇزغان ئۆزگەنىم.
ئول سىراتۇل مۇستەقىم ئالدىدا بارچە يىغلاشۇر،
ئىشقىنى رەھبەر قىلىبان ئاندىن ئۆتكەن ئۆزگەنىم.»
......

* *

بۈگۈن قار توختاپ ھاۋا ئېچىلدى، سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدە پارقىراپ تۇرغان قۇياش ئاجىز تەپتى بىلەن ئاستانىنى ئاستا - ئاستا ئىللىتماقتا ئىدى. سوغۇقتىن دۈگدەيگەن كىشىلەر پاختىلىق تونلىرىغا، كۆرەك جۇۋىلىرىغا مەھكەم قىمدالغىنىچە قوللىرىنى يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يۈرۈشەتتى.

قايسىبىر ساخاۋەتچى يېقىنىنىڭ ئۆيىگە بالىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا خىراجەتلىرى ئۈچۈن ياردەم سوراپ ماڭغان خەلپەت يىگىتنىڭ دىققىتىنى مۇڭلۇق مۇقام ساداسى چالغىتتى. ئاستانە كوچىلىرىدا مۇقام كۈيلىرىنىڭ ئاڭلىنىشى بۇ بەش - ئالتە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى يېڭىلىق ئىدى. چۈنكى، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىشان خانلىق سەلتەنىتىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانى ۋە ئاستانە رەستىلىرىدە قۇرتتەك مىغىلداپ كەتكەن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى خۇپىيانە پايلاقچىلار، سوپى مىرشەپلەرنىڭ دەستىدىن ھېچكىم ئۇنلۇك ناخشا ئېيتىشقا

① مەنسۇر ھەللاج — تارىخىي شەخس. «ئەنەل ھەق» — مەن ھەقمەن، دېگىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان.

پېتىنالمىغانىدى. پەقەت ئاڭلىنىدىغىنى ئىشان ـ سوپىلارنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ خەلقنى ئىشقىيە سۆلۆكىگە كىرىشكە، ئاپاق خوجىنى پىر تۇتۇشقا دەۋەت قىلىپ ئوقۇغان ھۆكمەت ـ تەلقىنلىرى، ھۇ ـ ھۇلىغان جەررە ـ ساما سادالىرى ئىدى، خالاس.

خەلپەت يىگىت مۇقام ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ئىلدام ـ ئىلدام مېڭىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق مۇقام ساداسى ئەتراپقا ئاجىز تارقىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يىگىتنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى مۇقامنىڭ تېكىستىنى ئېنىق پەرق قىلاتتى. «شاھ مەشرەپ ھەزرىتىمنىڭ شېئىرلىرىنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇۋاتقان قايسى زاتى مۇبارەكتۇر؟» يىگىت ھاياجان بىلەن پىچىرلىغاچ قەدىمىنى تېخىمۇ ئىلداملاتتى.

......
«يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمىكىن؟
بىر ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن بارمىكىن؟
يار ۋەسلىنى ئىزدەپ چەرخ[1] ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمىكىن؟
قەتىل قىلماققا ھۆكۈم ئەتكەنىدە،
يالۋۇرۇپ بوينىنى سۇنغان بارمىكىن؟
شاھبازى[2] لامەكان[3] سۇلتانى ئىشىق،
تەبىل ئۇرۇپ دالبايغا[4] قونغان بارمىكىن؟»
......

يىگىتنىڭ قۇلىقىغا مۇقام ئەمدى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئالدى تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر توپ كىشى ئولىشىۋالغا-

---

① چەرخ — ئايلىنىش، پەلەك، تەقدىر.
② شاھبازى — لاچىن، كۆكۈل ئوۋلىغۇچى.
③ لامەكان — ماكانسىز، جايسىز.
④ دالباي — ئوۋ قۇشىغا بېرىلىدىغان گۆش.

نىدى. راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان مۇقام ئاشۇ ئالامان
ئارىسىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

«نەچچە يىل ئاپاق خوجام خىزمىتىدە،
شول خوتەن دەشتىدە يۈرگەن بارمىكىن؟
مەن كەبى تەرسايۇ رەسۋالار بولۇپ،
بوينىغا زۇننار سالغان بارمىكىن؟»
......

يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق ئارىلى-غان بىر بوۋاي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇقام ئېيتىۋاتاتتى. كىشى-لەر بوۋاينى ھالقا شەكلىدە ئورىۋېلىشقانىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى قاتتىق تەقىب ئاستىدا مۇقام - ناخشىسىز، مەشرەپ - نەغمىسىز ياشاپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن كىشىلەر مۇقامغا مەھلىيا بولۇپلا قالغانىدى. خۇددى ئۇزۇن مەزگىل يوقىتىپ قويغان نەرسىسىگە تۇيۇقسىز ئېرىشكەندەك، مۇقامچى بوۋاينىڭ ئاۋازى سەل بوغۇق ئىدى. ئەمما، راۋابنىڭ تارلىرى ئاجايىپ زىل جاراڭلايتتى. خۇددى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان پەررەندە بىر يەرگە توپلىشىپ سايراۋاتقاندەك.

«مەھشەردە يىغلىسا جۇملە خەلق،
كۆز يېشى جەيھۇنچە ئاققان بارمىكىن؟
داد ئېتەر مەشرەپ خوتەن سەھراسىدا،
بىر زامان دەردىگە يەتكەن بارمىكىن؟»

تۇيۇقسىز كىشىلەر توپى ئەنسىز تەۋرەندى. مۇقامغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن خەلپەت يىگىت بۇ ئۆرتۆپىدىن ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا قارىدى. بىر توپ سوپى چوماقچىلار سوپى مىرشەپنىڭ

باشچىلىقىدا قوللىرىدىكى دەررە - كالتەكلىرى بىلەن تاماشىچىلارنى ئۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر تاياق زەربىسىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ قېچىشىۋاتاتتى. سوپى مىرشەپ يۇگۇرۇپ كېلىپ مۇقامچى بوۋاينىڭ قولىدىن راۋابنى يۇلۇۋالدى - دە، راۋابنىڭ دەستىسىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە زەرب بىلەن ئۇردى. شۇ هامان راۋابنىڭ بېشى چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى.

— باغلاڭلار، شەيتان نەغمىسى قىلغان ئول مۇرتەتنى!

چوماقچىلار دۇررىدە بوۋايغا ئېتىلدى - دە، قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى.

— هەپسىگە سېلىڭلار! — بۇيرۇق قىلدى سوپى مىرشەپ.

— جىندەك تەخىر قىلىشسىلا، تەخسىرلىرىم.

بۇ ئادالەتسىزلىككە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالمىغان خەلپەت يىگىت بوۋاينى ئېلىپ مېڭىشقا تەرەددۇتلەنگەن چوماقچىلارنىڭ ئالدىنى توستى. سوپى مىرشەپ يىگىتكە سەت گۆلەيدى:

— خوش؟

يىگىت سوپى مىرشەپنىڭ كۆزلىرىگە دادىللىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتسىلا، مىرشەپ بېگىم، ئول كىشىنىڭ گۇناهى نېمە ئىكەن؟

— گۇناهى شۇكى، — دېدى سوپى مىرشەپ ئەتراپتىكى قورقۇمسىراپ تۇرغان جامائەتكە كىبىر بىلەن قاراپ، — ئۇلۇغ قۇتبىل ئەختابى ئاپاق ئىشان خان خوجامنىڭ مۇقەددەس يارلىقىغا سەرگەشتىلىك قىلىپ، مۇسىقى - مۇغەننىلىككە بېرىلىپ، ئەل - رەئىيەتنىڭ كۆڭلىگە شەيتان لەئىنىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سالغانلىقىدۇر.

— كىشى قەلبىگە شادلىق، هۇزۇر بېغىشلىغۇچى مۇسقى بىلەن شەيتان ۋەسۋەسىسىنىڭ قانداق باغلىنىشى باركىن؟

ئاپاق خوجا قورچاق ئىشان خان بولغاندىن كېيىن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرىتلىرىنى تاللاپ خانلىقىنىڭ ھەرقايسى يۇ-قىرى - تۆۋەن ئورۇنلىرىغا مەنسەپكە قويغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ سوپى مىرشەپ ئۇنداق ئاددىي سۇلۇكى ئىشقىيە مۇرىتلىرىدىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ خەلپەت يىگىتنىڭ سوئالىغا تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— سائادەتمەن سۇلۇك ئەھكاملىرىمىزدا مۇسۇلمان ئۇممەت-لەر ئۈچۈن مۇسقى ھارام قىلىنغاندۇر. مۇسقى بائىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ناخشا - ساز، مەشرەپ - بەزمىلەر ئەل - رەئىيەتنىڭ قەلبىدىكى ھەققە بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، مۇسقى - مۇقاملارغا مەھلىيا بولغۇچى رەئىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇرتەتلىك قۇترىغان بولىدۇ. ئەنە ئاشۇ قۇترىغان مۇرتەتلىك ئىمانى سۇس، سۇلۇكتىن يىگانە ئازغۇن رەئىيەتنىڭ قولىقىغا يېقىملىق سادا بولۇپ سىڭىپ كىرىپ، شەيتان لەئىنىنىڭ ئېزىتقۇ ۋەسۋەسىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئەل - رەئىيەتنى ھەزرىتى ئاپاق ئىشان خان خوجىمىزنىڭ ھىدايەت ئاپتىپى چۈشكەن سۇلۇك يول-لىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، — سوپى مىرشەپ جامائەتكە يۈزلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئى ئەھلى جامائەت، ئى ھەزرىتى ئاپاق ئىشان خان خوجامنىڭ ئۇممەتلىرى، شۇنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلاركى، جانابىي پىر بۇزرۇك ۋەلىيۇللا خوجىمىز ئەھلى تەرىقەتنىڭ بىناسىنى قۇرغۇچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇچى، جاھالەتنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقۇچى، ئەدلۇ ئادالەتنىڭ خالىس شەمشىرى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ شاھ تاجى، جىمى مۇسۇلمان ئۇممەت-لەرنىڭ يەكتا رەھنەمىسىدۇر. جانابىي ئىشان خان خوجامنىڭ پەرمانىغا سەرگەشتىلىك قىلغۇچىلار، ئۇل زاتى مۇبارەكىنىڭ ھى-دايەت ئاپتىپى چۈشكەن سائادەتمەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە ئىرادەت

قىلمىغۇچىلار مۇتلەقا، مۇناپىقلاردۇر. سولۇكىمىز هارام قىلغان مۇسقى ـ مۇغەنىيلەرگە، نەزمە ـ قوشاقلارغا مەھلىيا بولغۇچىلار شەيتان بىلەن ئوخشاش لەنەتكە قالغۇسىدۇر، — سوپى مىرشەپ نەزىرىنى خەلپەت يىگىتكە ئاغدۇرۇپ مەغرۇرلۇق بىلەن سورىدى، — ئېيتە، ئى ئازغۇن بەندە، ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىبلىسنىڭ بەتبەشىرە شەيتانغا ئايلىنىپ جەننەتۇل مۇبارەكتىن ھەيدىلىپ كېتىشىنىڭ بائىسى نېمەدۇر؟

خەلپەت يىگىت تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— جانابىي ئاللا ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ئېسىلى قىلىپ ياراتقان ۋە يۈكسەك ئىلىم ـ پەزىلىتى بىلەن بارلىق مالائىكىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئادەم ئاتىغا كىبىر ۋە ھەسەت قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك مالائىكىلەر ئارىسىدا تەپرىق پەيدا قىلىدىغان تۆھمەت، بوھتان بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋەجىدىندۇر.

خەلپەت يىگىتنىڭ جاۋابىدىن قۇسۇر تاپالمىغان سوپى مىرشاپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇل شەيتاننىڭ ئالامىتى نېمەدۇر؟

— ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلمەسلىكىدۇر.

— ئۇل شەيتاننىڭ بېشارىتى نېمىدىن ئىبارەتتۇر؟

سوپى مىرشەپنىڭ بۇ سوئالىغا خەلپەت يىگىت بىرنەچچە دەقىقە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، كېيىن قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— شەيتاننىڭ بېشارىتى شۇلكى، نادانلىق ۋە جاھىلىيەتكە مۇپتىلا بولغان ئەل ـ رەئىيەتتىن چىققان هارام تاماق ئىشاننىڭ نادانلىقىنى تەرغىب قىلىپ رىياكارلىق پەيدا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

يىگىتنىڭ مەردانە جاۋابى سوپى مىرشەپنى تەمتىرەتتى. كىشىلەر پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ خىرىلداپ كۈلۈشتى.

— سە ... سەن ... ، تۇتۇڭلار بۇ مۇرتەتنى!

چوماقچىلار مۇقامچى بوۋاينى تاشلاپ قويۇپ خەلپەت يىگىتكە ئېتىلدى. ئاڭغۇچە كىشىلەر يىگىتنى دۈررىدە ئارىغا ئېلىۋالدى. چوماقچىلار كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى غەزەپنى كۆرۈپ «لاسىدە» بوشاپ قېلىشتى. بۇ چاغدا باغلاقتىن بوشانغان مۇقامچى بوۋايمۇ غايىب بولغانىدى.

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەن ئازغۇن مۇرتەتلەرنىڭ ئەددىپىنى ئالدىرماي بېرىمەن!

سوپى مىرشەپ شۇنداق دېگىنىچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

* *

ئاستانىنىڭ خانىقا دەرۋازىسى تەرىپىدىكى مىرشەپ بەگ قەسرى گۈگۈم قوينىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئىچكىرىكى قورۇنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ساراي ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدىن سۇس چىراغ نۇرى پىلىلدايتتى. سۇپىدىكى قىپقىزىل گىلەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان قات ـ قات كۆرپىدە ئولتۇرۇپ پۇتىنى سەندەلگە تىقىۋالغان مىرشەپ بەگ بايىلا چەككەن نەشىنىڭ كەيپىدە كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. سەندەلدىكى چوغنىڭ تەپتىدە ئۆيىنىڭ ئىچى باھاردەك ئىلىلىپ كەتكەنىدى. پەگاھ تەرەپتە خەلپەت يىگىت بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغان سوپى مىرشەپ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ، قول باغلاپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ خىزمەتكار بىر سوپى پايلاقچىنى باشلاپ كىردى. سوپى مىرشەپ ئاللىقانداق خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان بەگ خوجىسىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ ئالدىراپ سورىدى:

— ھە، قانداق بولدى؟

— تۇرالغۇسىنى بىلىپ كەلدىم.

— نەدىكەن؟
— رەشىدىيە مەدرىسىسىدە.
بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ مىرشەپ بەگ كۆزىنى «لەپپىدە» ئاچتى، قاپىقىنى تۈردى، تەئەددى بىلەن سورىدى:
— رەشىدىيە مەدرىسىسىدە؟
— شۇنداق، مىرشەپ بېگىم، — دېدى سوپى پايلاقچى.
— رەشىدىيە مەدرىسىسى كۆيۈپ كۈل بولغان ئەمەسمىدى؟
— ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما، ئۇل مۇرتەت مەدرىسىنىڭ بىرنەچچە ھۇجرىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ماكان تۇتۇۋاپتۇ. تېخى قېشىدا سەككىز - ئوندەك تالىپچاقلىرىمۇ باردەك قىلىدۇ.
مىرشەپ بەگ سوپى مىرشەپكە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى:
— بۇ قانداق گەپ سوپۇم؟! ئاستانىدە بىرمۇ مەدرىسە، مەكتەپ قالمىدى. ئوقۇتۇش، تەربىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇدەررىس، تالىپلار تامامەن تارقىتىۋېتىلدى، دەپ مەلۇمات يوللىغان ئەمەسمىدىلە؟
— بۇ ... بۇ ...، — سوپى مىرشەپ دۇدۇقلاپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدى، — بولمىسا ئۇل گەدەنكەش مۇرتەتنى ھازىرلا تۇتۇپ كېلەيلى.
— ھاجەتسىز، — دەپ قول سىلكىدى مىرشەپ بەگ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — شۇ تاپتا زىندان - ھەپسىلىرىمىز ئەشەددىي ئەغيارلىرىمىز بولمىش ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق مولختلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئىشان خان خوجامغا ھاقارەت قىلغان ئۇل مۇناپىقنى ھەپسىگە ئېلىپ، سوراق - سوئال قىلىمىز دەپ يۈرمەي ماكانىدىلا بىر تەرەپ قىلسۇنلار.
— ھەزرەتلىرىنىڭ دېمەكچى بولغىنى...
سوپى مىرشەپنىڭ كالۋالىقىدىن بىزار بولغان مىرشەپ بەگ قولىنى گېلىغا سۈركەپ تۇرۇپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:
— ھەلقۇم تىغ قىلىپ تاشلىسۇنلار!

*　　　*

قىشنىڭ سوغۇقى كۈندۈزدىن كېچىدە بەك ئەدەيدۇ، بولۇپمۇ قار ياغقان كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ھۇجرىنىڭ ئىچى ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خەلپەت يىگىت پاكار شىرەگە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ «دىۋان مەشرەپ» نى ئىخلاس بىلەن كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ بولغان شېئىرلارنىڭ ئىملاسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالاتتى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشقا ئالدىرىمىدى. شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى ئۈستىدە ئۇزاق خىيال سۈردى. توققۇزىنچى ئەۋلاد سەئىدىيە خاقانى سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش يېغىلىقلىرى، ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق خوجا ـ ئىشانلار بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى قارا تاغلىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى ئۇلغايتىشى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ دادىسىنى قوغلىۋېتىپ ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننى ئۆلتۈرۈپ تەخت تارتىۋېلىشى، ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمرى بولۇپ تۇرغان سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ جىيەن ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن تەخت تالىشىپ ئېلىپ بارغان يېغىلىقلىرى، سۇلتان ئىسمائىلخان يارلىق چۈشۈرۈپ سەئىدىيە تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئەزەمى ئاپاق خوجىنىڭ تىبەتكە بېرىپ «دالاي لاما — 5» كە بەيئەت قىلىپ، «دالاي لاما — 5» نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جۇڭغار قالماقلىرىنى سەئىدىيە زېمىنىگە باشلاپ كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى جۇڭغار قالماقلىرىغا مۇنقەرز قىلىشى، قور-

چاق ئىشان خان ئاپاق خوجىنىڭ ئاق تاغلىق مۇرىتلىرىنىڭ قارا تاغلىق ئىشان - سوپىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىشلىرى، خەلققە كەلتۈرگەن چىدىغۇسىز بالايىئاپەتلىرى خەلپەت يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتتى. ھەئە، رەھىمسىز ئوت دېڭىزىدا كۆيۈپ كۈل بولغان رەشىدىيە مەدرىسىسى، جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى لەشكەرلىرىنىڭ ئەجەل قىلىچىدا مەدرىلەرچە جان بەرگەن سەئىدىيە ئەزىمەتلىرى، خورلانغان ئىلىم ئەھلىلىرى، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئەل - يۇرتنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى. ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتكەندى. مەشرەپنىڭ ئىسيانكار نەزمىلىرى تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى قايناتتى. ھۇجرا ئىچى مۇزدەك سوغۇق، ئەمما خەلپەت يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى بىر پارچە ئوت ئىدى. جىنچىراغ ئاجىز پىلىلدايتتى. قومۇش قەلەمنىڭ خوتەن قەغىزىگە سۈركىلىشىدىن شىرت - شىرت ئاۋاز چىقاتتى. يىگىت مەشرەپ شېئىرلىرىنى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇغاچ كۆچۈرەتتى:

«چۇن قولۇم بىرلە ئاياغىم باغلىماق ھاجەت ئەمەس،
مەن ئۆلۈمگە رازىدۇرمەن، تۇرغىلى تاقەت ئەمەس.
مۇنچە شىددەت بىرلە باشىم كەسكىلى زور ئەيلىمە،
بەسكى، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس.
ئۆمرى چۇن پەرقى ھەۋادىس، غاپىل ئادەم بىلمىدىم،
ئايۇ كۈن ئارامىغا بىر لەھزەئى پۇرسەت ئەمەس.
لەشكەرىي خۇنرىز بولسا سەبرۇ ئارام قايدا بار؟
مەجنۇنى دىۋانىلەردىن شاھىغا راھەت ئەمەس.
چۇن مۇبارەك بولسۇن ئەي مەشرەپ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
خوپ ئىش بولدى ساڭا، جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.»
......

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شېئىر كۆچۈرۈشكە بېرىلىپ كەتكەن يىگىت ھۇجرا ئىشىكى تۈۋىدە پەيدا بولغان كۆلەڭگىلەرنىڭ مۇدھىش ئاياغ تىۋىشىنى پەقەت ئاڭلىمىدى. بىر - بىرىدىن بەستلىك گەۋدىلەر ھۇجرا ئىشىكىگە بىر پەس قۇلاق يېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھۇجرىدا بىرلا ئادەم بارلىقىنى پەملەشتى - دە، ئىشىكنى زەرب بىلەن ئىتتەردى. ئىشىك ئىچىدىن تاقالمىغانىدى. گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن بىرنەچچە گەۋدە ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى - دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي چۆچۈپ كەتكەن يىگىتكە يىرتقۇچلاردەك تاشلاندى. بىرلىرى يىگىتنىڭ بېشىدىن شىرەگە نىقتاپ باستى. بىرلىرى قولىغا، بىرلىرى گەۋدىسىگە ئېسىلدى. شىرە تۆرىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان يىگىت پەقەتلا قىمىرلىيالمىدى. ھەئە، قاتىللارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى خەنجەر غۇۋا چىراغ نۇرىدا سوغۇق يالتىرىدى. يىگىت غولىغا ئۇرۇلغان خەنجەر زەربىسىدىن قاتتىق ئىڭرىدى، بار كۈچى بىلەن تېپىرلىدى. خەنجەر يىگىتنىڭ بوينىغا ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلدى. يىگىتنى شىرەگە مەھكەم بېسىپ تۇرغان قاتىللار ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ھۇجرىدىن شەپىسىزلا چىقىپ كەتتى.

جىنچىراغ ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. خەلپەت يىگىتنىڭ جانسىز گەۋدىسى شىرەگە ئارتىلىپ قالغان بولۇپ، خۇددى قاتتىق چارچاپ ئۇخلاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شىرە ئۈستىدىكى تېخى تولۇق كۆچۈرۈلۈپ بولۇنمىغان «دىۋان مەشرەپ»نىڭ بەتلىرى يىگىتنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغانىدى. زىمىستاننىڭ مۇدھىش سوغۇقى تالادىمۇ، ھۇجرا ئىچىدىمۇ ئەنسىز ھۇۋۇلدايتتى…

# تاۋۇس ئەللەيىن (1)

«ئىشەكمۇ ئۇچامدۇ؟
ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ.»
— نۇرمۇھەممەت توختى

راستىنى دېگەندە بوز ھاڭگا ئادەتتىكىچىلا بىر ئىشەك ئىدى. بوي - بەستى، رەڭگىرويى، يول يۈرۈشى ئۆز جەمەتىدىكىلەردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئەمما، ھارۋا سۆرىگەن، يۈك كۆتۈرگەندىكى ھۇرۇنلۇقى سەۋەبىدىن سەپرا ئىگىسى ئاياۋسىز ساۋاپ ئوك قۇلىقى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغاچقا، تەقى - تۇرقى خېلىلا كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. جەمەتىدىكى باشقىلارنىڭ ئىككى قۇلىقىنى تىك تۇتۇپ، سۆلەت بىلەن ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ ھەسىتىنى قوزغايتتى. ئۇ ئىككى قۇلىقىنى ھەرقانچە تىك قىلىپ بېقىشقا تىرىشسىمۇ شورى قۇرغۇر ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەپتەر قونىدىغان پەغەزدەك قىڭغايغىنى قىڭغايغاندى، ئەمما ئۇنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يەم - خەشەككە كەلگەندە جەمەتىدىكى ھەرقانداق بىرىدىن ئىشتىھالىق ئىدى. سەپرا ئىگىسى پىخسىقلىق قىلماي ئوقۇرغا تۆكۈپلا تۇرسا بوغۇز بىلەن سامانىنى كوسۇلدىتىپ يەپلا تۇراتتى. مىنگەندە ئانچە - مۇنچە ھالۋۇزلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەپكەك، چىشلىگەك خۇيى يوق ئىدى. ئاۋازى ئاجايىپ ياڭراق بولۇپ، بىر ھاڭرايدىغان بولسا پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيەتتى. ھەئە، ئۇ ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھاڭرايتتى: بىرىنچىدىن، كېچىچە

قورسقى ئېچىپ كېتىپ تېخى تاڭ يورۇمىغان قاق سەھەردە
ئىگىسىنى قوپۇپ تېزرەك بوغۇز بېرىشكە ئالدىرىتىپ ھاڭرايت-
تى؛ ئىككىنچىدىن، قورسقى تويغاندىن كېيىن ھاڭراپ قوياتـ-
تى. ئەلۋەتتە، بۇ توقلۇقتىن شوخلۇق چىققانلىقىنىڭ ئالامىـ-
تى ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، جەمەتىدىكى يات جىنسلارنى —
مادا ئېشەكنى كۆرگەندە ھاڭرايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئەتراپىدا
ئادەم بار - يوق دىمەي، ھارۋا سۆرەۋاتقان، يۈك كۆتۈرۈۋاتقانلىـ-
قى بىلەن ھېسابلاشماي، ھارغان - ئاچقانلىقى بىلەنمۇ كارى
بولماي بارلىق ئاۋازى بىلەن ھاڭرىغىنىچە ئۆزىنى جان - جەھلى
بىلەن ئاشۇ جانىۋارغا ئاتاتتى. ئەڭ چوڭ ئەيىبى — ئالدىراش
يۈك ئارتىپ ياكى ھارۋا سۆرەپ كېتىپ بارغاندا تۇيۇقسىزلا
سۈيدۈك پۇراپ توختىۋېلىشى ئىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا تاياق
كار قىلمايتتى. ھەرقانچە ئالدىرىتىپ ئۇرغان بىلەنمۇ جاھىللىق
بىلەن تىرەجەپ، سۈيدۈكنى قېنىپ - قېنىپ پۇراپ تۇمشۇقلىـ-
رىنى ھۇزۇرلۇق پۈرۈشتۈرەتتى.

شۇنداقلىقىغا قارىماي بوز ھاڭگىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق
ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى. كونا كوملاچ تاملىق بولسىمۇ،
ئەمما ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتمەيدىغان ماكانى — ئېغىلىنى ياراتـ-
مايتتى. سەپرا ئىگىسىنىڭ پات - پات ئايىغىغا تۆشەك تاشلاپ
قۇرۇقداشلىرىدىن، تۇياقلىرىنى ئۇپراپ كەتمىسۇن دەپ تاقىلىـ-
تىپ قويۇشلىرىدىن، تامىقىنى قىيىشىپ قالمىسۇن دەپ ھەر
كۈنى ئەتىگىنى ئوقۇرىغا ئىششەك[1] بوغۇز — قوناق تۆكۈپ بېرد-
شىدىن، سامانىنى سۇغا چىلاپ پاكىز يۇيۇپ، لاي - توپىلىرىنى
چىقىرىۋېتىپ بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپىكى بىلەن كۈنجۈرە ئارىلاش-
تۇرۇپ ھەلەپ ئېتىپ بېرىشلىرىدىن ئۇ يەنىلا رازى ئەمەس
ئىدى.

«بىر پۇرسەت بولسا بۇ يەردىن قۇتۇلسام، كەڭرى بىر

---

① ئىششەك — يەرلىك ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، تۆت جىڭ دېگەن مەنىدە.

ئورمانغا بارسام، بارلىق ھايۋانلار ماڭا پەرمانبەردارلىق قىلسا، خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خىيالىمغا كەلگەننى قىلسام، چىرايلىق مادا ئېشەكلەر ماڭا ھەمراھ بولسا…»

بوز ھاڭگا ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى ھاياجانلىناتتى ـ دە، ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك، تۆت تېمىنى ئۆرۈۋەتكۈدەك، نوختا ـ چۇلۋۇرنى ئۈزۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھاڭرايتتى. ئۇنىڭ ھاڭراشلىرىدىن بىزار بولغان مەھەللە ئىتلىرى نالىلىك ھۇۋلايتتى.

* *

راستىنى ئېيتقاندا، نۇسرەتجان ئادەتتىكىچىلا بىر ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئىدارىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلىشىپ خەۋەر قىلىشتى ـ دە، كىيىنىشى، بوي ـ بەستى ۋە چىراي ـ شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ۋاي دەپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى تۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. نۇسرەتجان ئانچە تارتىنچاقلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. چىرايىغا يېقىملىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بېلىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، چاققان ـ چاققان قەدەم ئالغىنىچە ھەممە بۆلۈم ـ ئىشخانىلارغا كىرىپ خىزمەتداشلار بىلەن بىر قۇر كۆرۈشۈپ چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم نۇسرەتجان، ئىدارەڭلەرگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلدىم. ئىجادىيەت ـ تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان بولدۇم. خىزمەتتە ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىشىمۇ شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك مۇلايىم ئىدى. بىر قېتىم سالام ـ سەھەت قىلىشىپلا ھەممەيلەن

ئۆرلىرىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.
— بولىدىغان يىگىتكەن - ھە!
— ئاجايىپ قىزغىن...
— خۇشخۇيلۇقىنى دەيمىنا...
— نېمىدېگەن مۇلايىم، كەمتەر...
— ئۆزىمۇ ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىتكەن.
— ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدىم دەمدۇ نېمە؟
— قانداق دەيلا؟
— ئىدارىمىزنىڭ ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسىغا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجادىيەت - تەتقىقات نەتىجىلىرى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭمۇ ئۆلچەمگە شەرتلىرى توشماي يۆتكىلىپ كېلەلمىگەننىدى. مانا ئەمدى بۇ نۇسرەتجان دېگىنى بىر كېچىدىلا سالامىنىڭ يوغىنىنى بېرىپ، پىخسىق ئېرىگە ھېيتلىق كىيىم ئالدۇرغان خوتۇن كىشىدەك ھىجىيىپ، زاڭدىن سۆڭەك چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا قاراپ دەيمىنا.
— بەلكىم ئۇنىڭ بىز بىلمەيدىغان ئىجادىيەت - تەتقىقات نەتىجىلىرى باردۇر.
— شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىن بىلىپ قالارمىز.
— نېمىلا دېگەنبىلەن كىشىگە خېلىلا يېقىملىق تەسىرات بېرىدىغان يىگىتكەن.

ھەپتە ئۆتكەندە نۇسرەتجاننىڭ تۇركۇمگە بۆلۈپ قىلغان مېھماندارچىلىقىغا داخىل بولغان بىر قىسىم خىزمەتداشلار ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. باشقىلار بىلەن ھال تارتىپ كۆرۈشىدىغان، قاپىقى يامان، مۇز چىراي ئىدارە باشلىقى بىلەنمۇ چاقماق تېزلىكىدە ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن قاراشتى.

نۇسرەتجاننىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئارتۇقچىلىقىنى خىزمەتداشلار ئاسانلا سېزىۋېلىشتى: بىرىنچى، يان تېلېفونى توختىماي سايراپ تۇراتتى. ئۇ باشقىلار بىلەن قىزغىن سالام - سەھەت قىلىشقىنىغا ئوخشاش تېلېفوندىمۇ چىرايىغا مىڭ خىل كۈلكە يۈگۈرتۈپ قىزغىن سۆزلىشەتتى؛ ئىككىنچى، ئىدارىنىڭ تازىلىق، سىياسىي ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە تولىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشاتتى؛ ئۈچىنچى، ھەرقانداق مېھماندارچىلىقتا قىزلار كەم بولمايتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل قاتلىمىدىكى قىزلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشاتتى.

ئەلۋەتتە، نۇسرەتجاننىڭ مۇز چىراي باشلىق بىلەن زىيادە يېقىن بولۇپ كېتىشى بىر قىسىم خىزمەتداشلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغىمايمۇ قالمىدى.

— قانداق يېتىم بۇ نۇسرەتجان دېگەن؟

— باشلىقنىڭ قۇيرۇقىدەكلا.

— قۇيرۇقى ئەمەس قولى دەڭلا قولى.

— باشلىققا ئىتتەكلا سادىق نېمىكىنا ئۇ.

— ئۇنىڭ كۈن بويى ئىشخانىسىغا كىرگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

— قاچان قارىساڭ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدا تۇرغىنى تۇرغان.

— ھەر كۈنى رېستوران، بەزمىخانىلاردا ئىككىسى بىللە.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياتىدىغاندۇ ئۇ يېتىم.

— كىم بىلىدۇ، ئاخشىمى باشلىقنىڭ خوتۇنى بىلەن يوتقان تالىشىپ باشلىقنىڭ يېنىدا يېتىۋالامدۇ تېخى.

— باشلىقمۇ بۇ يېتىمنىڭ تاماشىسىغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— زادى ئادەمنىڭ چالا ھېجىيىپ، بىكاردىن - بىكار سالام

قىلىپ يۈرگىنىدىن قورقماي بولمايدۇ.

*            *

بۇ بوز ھاڭگىنىڭ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرىشى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنى سەپرا ئىگىسى پات - پات بىرەر ھارۋا ئوتۇن ياكى ئىككى - ئۈچ تاغار قوناق - تېرىق دېگەندەك نەرسىلەرنى باسقان ھارۋىغا قېتىپ، شەھەرنىڭ ئوتۇن - ياغاچ بازىرى، جوۋۇ[①] دېگەندەك يەرلىرىگە ئاپىرىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ شەھەرنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، سەپرا ئىگىسىنى جورۇتمايلا شەھەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا ئازماي ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم شەھەر كوچىسىدا بوز ھاڭگا ئىگىسىنى ئەمەس، ئىگىسى بوز ھاڭگىنى باشلاپ ماڭدى ھەم بوز ھاڭگىنى بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق تىللىدى، دەشكۈشلىدى، ھەتتا سالپىيىپ قالغان ئوڭ قۇلىقىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم قامچىمۇ سالدى. بوز ھاڭگا بۇ تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىنىڭ ئۈستىدە يۈزىنى چۈمبەل بىلەن ئورىۋېلىپ ئولتۇرغان ئايال خوجايىنىدىن كۆردى. چۈنكى، سەپرا ئىگىسى بۇ قېتىم ھارۋىغا ئوتۇن ياكى ئاشلىق باسماي ئايالىنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە كىرگەن، بوز ھاڭگىنىڭ شەھەردە تولا مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن كوچىلىرى خېلى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

شەھەرنىڭ ماتا - چەكمەن، شايى - ئەتلەس بازىرىغا كېلىپ ھارۋا ئۈستىدىكى ئايالنىڭلا ئەمەس، بوز ھاڭگىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئالا - چەكمەن بولۇپ كەتتى. بۇ بازاردا بابكار، بوياقچى، گەزلىمە سودىگىرى بىللە تىجارەت قىلاتتى. بابكارلار توقۇپ ئەكەلگەن ھەر خىل ماتالارنى گەزلىمە سودىگەرلىرى سېتىۋېلىپ بوياقچىلاردا ھەر خىل رەڭدە بوياتتى. بوياقچىلار ھەر يوغان

① جوۋۇ — ئاشلىق بازىرى.

بوياق كۆلچەكلىرىدە ماتا ـ رەختلەرنى تۈرلۈك رەڭلەردە بوياپ، گۈل بېسىپ، موما ياغاچنىڭ ئىككى بېشىغا باغلىغان تانىلارغا يېيىپ قوياتتى. تۈرلۈك رەڭلەردە بويىلىپ، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ماتالار، شايى ـ ئەتلەسلەر بۇ بازارنى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

سەپرا ئىگىسى بوز ھاڭگىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ھارۋىنىڭ چاقىغا باغلاپ قويدى ـ دە، ئالدىغا بىر باغ بېدە تاشلاپ بېرىپ، ئايالى بىلەن گەزلىمە سودىگىرىنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى.

بوز ھاڭگا ئالدىدىكى بېدىنى ئەمدىلا كوسۇلدىتىپ چايناپ تۇرۇشىغا بۇرنىغا يېقىملىق بىر پۇراق ئۇرۇلدى. بوز ھاڭگا ئۈچۈن بۇ تولىمۇ شېرىن ھەم ھاياجانلىق بىر پۇراق ئىدى. بوز ھاڭگا دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى پۇراق كەلگەن نىشاننى ئاسانلا بايقىۋالدى. يۈز قەدەم يىراقلىقتا بىر مادا ئېشەك قۇلاقلىرىنى تىك تۇتۇپ، قۇي-رۇقىنى نازاكەتلىك شىپاڭشىتقىنىچە، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ ـ چوڭ قارا كۆزلىرىنى بوز ھاڭگىغا تىكىپ نازلىنىپ قاراپ تۇراتتى. بوز ھاڭگىنىڭ كۆزلىرى سۇر مادىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ھامان ۋۇجۇدى تەڭداشسىز بىر ھاياجاندىن سىلكىنىدى ـ دە، ياڭراق ناخشىسى ئارقىلىق سۆيگۈ ئىزھار قىلماقچى بولغاندەك بار ئاۋازى بىلەن ھاڭرىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن سۇر مادا بېشىنى نازاكەت بىلەن كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى تىك-لەپ، لەۋلىرىنى نازلىق پۇرۇشتۇرۇپ ماك چايناشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ بوز ھاڭگا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى ـ دە، ھاڭرىغان پېتى ئۆزىنى باغلاقتىن بوشىتىش ئۈچۈن زەرب بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە بوز ھاڭگىنىڭ نوختىسىنىڭ ھال-قىسى بوشاپ قالغان بولۇپ، سەپرا ئىگىسى ئۇنى بايقىماي قالغا-نىدى. ئۇنىڭ چۇلۋۇرى شۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ كەتتى. باغلاقتىن بوشانغان بوز ھاڭگا ھاڭرىغان پېتى سۇر مادىغا قاراپ ئوقتەك

ئېتىلدى.

شۇ پەيتتە سۇر مادا بوز هاڭگىنىڭ قاراملىقىدىن چۆچۈدىمۇ ياكى نازلانغان قىلىپ قېچىپ باققۇسى كەلدىمۇ ۋە ياكى ئەتراپىدىكى مىغ - مىغ ئادەملەردىن هايا قىلىپ خالىيراق يەرگە كەتكۈسى كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بوز هاڭگىدىن ئون نەچچە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ بەدەر قاچتى. شۇ تاپتا بوز هاڭگىنىڭ كۆزىگە سۇر مادىدىن باشقا هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. «پولتوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بوز هاڭگا ئۆزىنى بىر كۆلچەكتە كۆردى. ئۇنىڭ ئەس - يادى سۇر مادىنى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ بوياقچىنىڭ كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بوز هاڭگا كۆلچەكتىن چۆچۈگەن پېتى سەكرەپ چىقتى - دە، بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا يەنە بىر كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بەدىنى خېلىلا قىزىق بىر هارارەتنى سەزدى. بوياق كۆلچىكىگە بىر ئېشەكنىڭ سەكرەپ چۈشكىنىنى كۆرگەن بوياقچى شاگىرتلىرى بىلەن قوللىرىغا بىر تالدىن دۇمبا ئالغىنىچە ئۇنى ئەدەپلەش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. بۇ دەهشەتنى كۆرۈپ بوز هاڭگا شۇنچىلىك قورقتىكى، جان - جەهلى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ئۇ قانچە ئالدىرىغانسېرى بوياق تۇڭىغا شۇنچە بەك سەكرەيتتى، شۇ تەرىقىدە بوز هاڭگا ئون نەچچە بوياق تۇڭىغا سەكرەپ چىقتى. بوياقچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن دۇمبە - يانپاشلىرىغا بىرنەچچە دۇمبا يەپمۇ ئۈلگۈردى.

شۇ تاپتا بوياقچى بوز هاڭگىنى تۇتۇۋالسا تېرىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇۋالماي قويمايتتى. بوز هاڭگا بۇ دەهشەتنى سېزىپ ئۈلگۈردى. شۇڭا ئۇ هېلىقى سۇر مادىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ، هايات قېلىش ئۈچۈن جان - جەهلى بىلەن تىرمىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىنچى تۇتۇلۇپ قالماسلىق، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جاڭگالغا قېچىپ بېرىپ ئارامخۇدا ياشاشنى نىيەت قىلىپ جان - جەهلى بىلەن قاچماقتا ئىدى.

*            *

بۇ تۆت قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى باشقا ئىدارە ـ ئورگانلار-
نىڭ خىزمەت بىناسىدىن پەقەت سۇرلۇكلۇكى بىلەنلا پەرقلىنىپ
تۇراتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشخانىلارغا پۈتىنىڭ ئۈچىدا
دەسسەپ كىرىشەتتى. خىزمەت ئۈستىدىمۇ پىچىرلىشىپ سۆزلە-
شەتتى. ئىش بېجىرىشتىن قولى سەل بوشىغان خىزمەتچىلەرمۇ
ئۈستەلگە بىر پارچە گېزىتنى قويۇۋېلىپ ئەستايىدىل گېزىت
كۆرگەندەك، سىياسىي ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرد-
ۋالاتتى. دېمىسىمۇ باشلىقنىڭ خىيالىغا كەلگەندىلا قەرەلسىز
ئاچىدىغان يىغىنلىرى ۋە يىغىندا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئول-
تۇرۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش،
قىسقارتىش ھەققىدىكى تەلەپپۇزى، قاتتىق سۆزلىرى ئۇلارنىڭ
يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى. ئەمما، نۇسرەتجان كېلىپلا بۇ ئىدارد-
نىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى. باشلىقنىڭ خىيا-
لىغا كەلگەندە ئاچىدىغان يىغىنلىرى ئازلاپ، ھېلىقى پات ـ پات
كۆرستىپ خىزمەتچىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرىدىغان «قارا
مۇشۇك» لىرى يوقىلىپ، ئادەم تىللىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.
نۇسرەتجانىنىڭ شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ
كارىدورىدا پەيدا بولۇشى ھامان ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ چە-
رايىغا كۈلكە يۈگۈرەيتتى. چۈنكى، نۇسرەتجان باشلىق ئىشخانە-
سىغا كىرىشى ھامان ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار ئىدارىنىڭ
ماشىنىسىغا چىقىپ ئاللىقاياقلارغىدۇر يۈگۈرەيتتى.

باشقا خىزمەتچىلەر ئۈچۈن خان ئوردىسىدەك سۇرلۇك بول-
غان باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى نۇسرەتجان ئۈچۈن خۇددى
ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىدەكلا ئىدى. ئۇ باشلىق ئىشخانىسىنىڭ
ئىشىكىنى ئەركىلىگەن قىياپەتتە «تاك ـ تاك» قىلىپ ئىك-

كى چېكەتتى ـ دە، ئىجازەت ئالمايلا ئۇسۇپ كىرىۋېرەتتى.

نۇسرەتجاننى كۆرۈپ باشلىقنىڭ چىرايىغا «پاللىدە» كۈلكە يۈگۈردى. نۇسرەتجان يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە باشلىقنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم قىسقىنىچە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراشقا باشلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باشلىق، ئاخشامقى تاماشىنىڭ خې-لى پەيزى بولدىمۇ ـ يا؟ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ، كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا كېچىچە ئۇخلىمىغاندەكلا قىلىلا، «ۋاي قېرىپ قالدىم» دەپ قويىلا تېخى. دېگەنبىلەن يىلىكلىرى تولۇق، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ماغدۇرى بار جۇمۇ سىلىنىڭ. سىلى بىر كېچىدە قىلغان ھۇنەرنى بىز ئۈچ كېچىدىمۇ قىلالمايمىز. يېشىمىز كىچىك بولغان بىلەن بىز دېگەن نېمىتى ھېلىقى...

— خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغداينىڭ لەززىتىنى يەپ چوڭ بولغان باللار،— دەپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى باشلىق نۇسرەتجاننىڭ قەستەن تاپالمىغان گېپىنىڭ ئايىغىنى دەپ بېرىپ.

پېنسىيە يېشىغا يېقىنلاپ قالغان باشلىق مۇشۇ گەپنى قى-لىشقا، شۇ ئارقىلىق ياشلاردىن يەنىلا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئامراق ئىدى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن نۇس-رەتجان بۇ گەپنى باشلىقنىڭ ئاغزىغا قەستەن سېلىپ بېرەتتى. دېمىسىمۇ نۇسرەتجاننىڭ كىشىلەرنى ماختاشتا ئالاھىدە تالانتى بار ئىدى. ئۇنى كامالەتكە يەتكەن ماختاشۇناس دېسە ئارتۇق كەت-مەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ باشقىلارنى قانداق سورۇندا قانداق ماخ-تاش ھەققىدە توختىماي باش قاتۇراتتى، خىيال سۈرەتتى...

نۇسرەتجان باشلىقتىن ئاشۇرۇپراق ھۇزۇرلىنىپ كۈلگەندىن كېيىن، باشلىقنىڭ ئىش ئۈستىلىدىكى ئاغزى ئوچۇق تۇرغان بىر قاپ ئالىي دەرىجىلىك تاماكىنى قولىغا ئالدى ـ دە، باشلىققا بىر تال تۇتۇپ چاقماق ياققاندىن كېيىن ئۆزى بىر تالنى تۇتاشتۇردى.

— ھەرقاچان ئەتىگەندە ئىشقا ئالدىراپ ناشتا قىلمىدىلىغۇ دەيمەن؟ — نۇسرەتجان باشلىقنىڭ ئىپادىسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ، باشلىق، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا دەيمەن. تەنلىرى سالامەت بولسا خىزمەتنىمۇ قىلىشۇالغىلى بولىدۇ. خىزمەتكە كېچىكىپ قالىمەن، دەپ ناشتا قىلمىسىلا قانداق بولىدۇ؟

باشلىق خۇشياقمىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— بېشىم سەل ئاغرىپ تۇرىدۇ. چىشلىشۇالدىمىكىن كاساپەت.

— قايسىسى؟ ھاراقمۇ ياكى ئاخشامقى چىرايلىق خېنىممۇ؟ — سورىدى نۇسرەتجان باشلىقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ غىلجىڭ بىر خىل كۇلكە بىلەن.

— ھەر ئىككىلىسى، — دېدى باشلىق مەغرۇرلۇق بىلەن.

— تېتىسا ئاشۇنداق چىشلىشۇالىدۇ، — دېدى ئېپىدە كەلگەن پۇرسەتتە ماختاشنى قولدىن بەرمەي كۈنۈپ قالغان نۇسرەتجان، — دېگەنبىلەن پەيزىلىرى بار جۇمۇ، باشلىق سىلىنىڭ ئاشۇنداق تېتىپ، قاندۇرۇپ، كۆڭلىنى تولۇق ئېلىپ ھۇنەر قىلغاندىكىن، ئەلۋەتتە چىشلىشۇالىدۇ ـ دە، قوپسىلا، بۇگۈن سىلىنىڭ ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان كۈنلىرى ئەمەس، يۇرسىلە، راسا ئارام ئالدۇرۇپ قوياي سىلىنى.

— ئارام ئالامدۇق؟ قانداق ئارام ئالساق بولار؟ — دېدى باشلىق نۇسرەتجاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ رايىش كىچىك باللارغا ئوخشاش.

دېمىسىمۇ شۇ تاپتا باشلىقنىڭ ھۇزۇرلىنىپ بىر ئارام ئېلىۋالغۇسى بار ئىدى. موللا تاپقاق نۇسرەتجان بۇگۈنمۇ باشلىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى. ئۇ ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— ئىدارىمىزنىڭ ئامىۋى ھاجەتخانىسىنى رېمونت قىلىشنى ھۆددىگە ئالغان لاۋبەن: «باشلىققا بىر پىيالە چاي قويۇۋالسام»

دەپ يۈرگەندى. ئاشۇنى ئېلىۋېلىپ ئاۋۋال ھورداقخانىغا باراي-لى. تازا بىر ھوردىنىپ بىرەر سائەت قېنىپ ئۇخلىۋالسىلا، ئاندىن كېيىن ئۇيانقى دوقمۇشتا يېڭىدىن تايلاندچە بەدەن ئۇۋۇلاش مەركىزى ئېچىلىپتۇ. شۇ يەرگە كىرىپ بەدەنلىرىنى راسا بىر ئۇۋۇلىتايلى. ئاندىن كېيىن كۆڭۈللىرى تارتىپ قالسا قىزلاردىن بىرنەچچىنى تۇۋلاپ، مۇزىكا ئاڭلىغاچ تانسا ئويناي-مىز.

— بوپتۇ، مۇشۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى باشلىق رازىمەنلىك بىلەن.

نۇسرەتجان ئۈكىلىگەن كاللىدەك ھىجايغىنىچە ئۈستەل ئۈس-تىدىكى تېلېفونغا قولىنى ئۇزاتتى.

*     *

چەكسىز ئورمانلىق تىمتاسلىققا چۆمگەندى. يولۋاس پادى-شاھنىڭ چۈشلۈك ئارامىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بارلىق ھاي-ۋانلار شەپە چىقارماي ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ غېمىدە يۈرۈشەتتى. يولۋاس پادىشاھ كۆلنىڭ بويىدىكى قۇچاق يەتكۈسىز يوغىنىغان دەرەخنىڭ سايىسىدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئۇنىڭ ئوي-غىنىشىنى كۈتۈپ پەرمانبەردارلىق بىلەن تۇرۇشاتتى.

بوز ھاڭگا ماتا - گەزلىمە بازىرىدا بوياقچىنىڭ ئون نەچچە بوياق كۆلچىكىگە كىرىپ سەكرەپ چىققاندىن كېيىن، بوياقچى-نىڭ شاگىرتلىرىنىڭ قولىدىكى غولدا - دومبالاردىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ قاچقىنىچە توختىماي ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈگۈردى. قورسىقى ئاچسا ئازراق ئوت - چۆپ يېدى، ئۇسسىسا سۇ ئىچتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغدا توختاپ قالمىدى. يۈگۈرگەچ ئادەمزات ئاياغ باسمىغان، تىپتىنچ بىر جاڭگالنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئەنە

ئاشۇنداق يۈگۈرۈپ مانا بۇ چەكسىز ئورمانلىققا كېلىپ قالغانلى-
قىنى بىلمەيلا قالدى. ئورمانلىق ھەقىقەتەن چەكسىز ھەم تىپ-
تىنچ، خۇددى بوز ھاڭگا ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان
جاينىڭ نەق ئۆزى ئىدى. تىپتىنچ چەكسىز ئورمانلىق، ئورمان-
لىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك، لىپمۇلىق سۈيى بار كۆل،
ياپيېشىل يۇمران ئوت - چۆپلەر... ئۇ ئەمدى ئەتىگەندىن -
كەچكىچە ھارۋا سۆرىمەيدۇ، يۈك كۆتۈرمەيدۇ، جۇۋاز چۆرگىلەت-
مەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىنى
ئاڭلىمايدۇ، تاياق - قامچىلىرىنى يېمەيدۇ. ئىسىت، ئۇنىڭ
شۇنچە چىرايلىق، دۇنيادىكى ھەرقانداق ھايۋانىنىڭكىدىن ئۇزۇن،
تۇرقىغا سۆلەت بېغىشلايدىغان چىرايلىق قۇلىقى تاياق - قامچا
زەربىسىدىن مانا مۇشۇنداق قىڭغىر بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ تېخى
بۇ تاياقلارنى ئاز دېگەندەك ھېلىقى سەپرا ئىگىسى ھە دېسىلا ئۇنى
ھاقارەتلەپ كېتىشلىرىچۇ. ئىسىت، شۇ تاپتا ھېلىقى كونى بازار-
دا ئۇچرىغان سۇر مادا مۇشۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالسىچۇ؟ ئاھ!
نېمىدېگەن قالتىس ئىش بولاتتى - ھە!

ئاخىر ئارزۇسىدىكىدەك ماكانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس
قىلغان بوز ھاڭگا ھېرىپ - ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ خۇشاللىقتىن
بارلىق ئاۋازى بىلەن ھاڭراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ھاڭرىشىدىن
تىپتىنچ ئورمانلىق لەرزىگە كەلدى. خىرامان ئۇخلاۋاتقان يولۋاس
پادىشاھ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئاۋازدىن ئاجايىپ بىر دەھ-
شەتنى ھېس قىلىپ شۇنچىلىك چۆچۈپ ئويغاندىكى، سەكرەپ
ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ھامان جايىغا «گۈپپىدە» يىقىلدى. يولۋاس
شاھنىڭ يۈرىكى بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن يېرىلىپ كەتكەنىدى.
تۈلكە، قاپلان، يىلپىز، بۆرە قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار يولۋاس
شاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ «لاغ - لاغ» تىترەشكىنىچە
ئۆزلىرىنى ئۆلۈك شاھنىڭ دالدىسىغا ئالدى. بوز ھاڭگا بولسا
قانغۇدەك بىر ھاڭراپ پۈتكۈل ئورمانلىقنى پاتىپاراققا سېلىۋەت-

كەندىن كېيىن، سۇ ئىچكىلى بەخىرامان كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ سۇ ئىچىش ئۇچۇن شۇنداقلا ئېگىشىپ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە تۈكلىرى نەچچە مىڭ خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بوز ھاڭگا «كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋا-تامدۇ نېمە؟» دەپ سۇغا قايتا نەزەر تاشلىدى. بوي - تۇرقى، چىراي - شەكلى ئۆزىگە ئوخشايدىغان، ئەمما رەڭگى، تۈكلىرى ئاجايىپ رەڭدار بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. «كىمدۇر بۇ؟» بوز ھاڭگا ئىككى تەرىپىگە قارىدى. كۆل بويىدا ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوق. تۈيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ يۈرىكى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھېس - تۇيغۇدا دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىمۇ بايا كۆل ئاستىدا ئايان بولغان ھېلىقى مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشاش ئاجايىپ رەڭدار ئىدى. غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىۋاتامدۇ نېمە؟ قېنى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان، قوتۇرلىرىنىمۇ ياپالمىغان، ھېچقانداق جۇلا-سى يوق بوزرەڭ تۈكلەر. شۇ تاپتا بوز ھاڭگا ئۆزىنىڭ ماتا - گەزلىمە بازىرىدا بوياقچىنىڭ ھەرخىل بوياق قاچىلانغان كۆلچەك-لىرىگە چۈشۈپ كېتىپ بىر - بىرلەپ سەكرەپ چىققانلىقىنى زىنھار ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ كۆل سۈيىدىكى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ رەڭدار تۇرقىنى تاماشا قىلغاچ خىيالغا كەتتى.

«ئەسلىدە مېنىڭ بوي - تۇرقۇم، رەڭگىرويىم مۇشۇنداق چىرايلىق ئىكەندۇق. ھېلىقى سەپرا ئىگەم ماڭا بىر كۈنمۇ ئارام بەرمەي ھېلى ھارۋىغا قاتسا، ھېلى تاغار ئارتىپ، ھېلى جۇۋازغا قاتسا، ھېلى سۆرەم سۆرىتىپ توختىماي تىللاپ - دۇمبالاپ ئاخىر ئاشۇنداق كۆرۈمسىز، قىرچاڭغۇ قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويى-غانىكەن - دە. خۇداغا مىڭ شۈكرى، قاچمىغان بولسام ئۆزۈم-نىڭ بۇنچىلىك كېلىشكەن، سۇمباتلىق ئىكەنلىكىمنى مەڭگۈ بىلەلمەس ئىكەنمەن. ئەسلىي تۇرقۇمنىڭ بۇنداق چىرايلىق، كې-

لىشكەن بولغىنىغا قارىغاندا ئىسمىمۇ «ئېشەك»، دېگەن بۇنداق سەت نام بىلەن ئاتالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەملەر جەمەتىمىزنى ئارام ئالدۇرماي ئىشلىتىپ، دۇمبالاپ مۇشۇنداق رەزگى، قوتۇر ھالەتكە كەلتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن «ئېشەك»، دېگەن مۇشۇنداق سەت ئىسىمنى قويۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بارچە مەخلۇقات ئاجايىپ چىرايلىق، رەڭدار دەپ تەرىپلىشىدىغان تاۋۇسنىڭ رەڭگىمۇ شۇ تاپتا مېنىڭ رەڭگىم بىلەن تەڭلىشەلمەس...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تەڭداشسىز پالۋان ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا.

تۇيۇقسىز بىلدۇرۇلگەن بۇ كاتتا ئېھتىرامدىن بوز ھاڭگىنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ بەش قەدەم يىراقلىقتا ئۆزىگە تىزلىنىپ، باش ئۇرۇپ تۇرغان تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچلارنى كۆرۈپ ھەم قورقۇنچ، ھەم گۇمانسىراش، ھەم تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟» بوز ھاڭگا قورقۇنچىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئېھتىرامىنى ئىلىك ئالدى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، سىلەر كىم بولىسىلەر، ماڭا نېمىشقا بۇنچە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرىسىلەر؟

— بىز، — دېدى تۈلكە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ھەممە ئەزالىرىدىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن، — مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ خاقانى يولۋاس پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى بولىمىز. بايام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تارتقان تەڭداشسىز، ھەيۋەتلىك نەرىلىرىدىن قورقۇپ يولۋاس پادىشاھىمىزنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەل - يۇرت بىر كۈنمۇ باشپاناھسىز، پاسىبان - يولباشچىسىز قالسا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلىۋېلىش قارارىغا كەلدۇق.

— يولۋاس پادىشاھنىڭ ۋەلىئەھدىسى يوقمىدى؟ — دەپ

سورىدى بوز ھاڭگا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— بولۇشىغۇ بار ئىدى، — دېدى يىلپىز ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — بىز ھازىرغىچە بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى، باھادىر پالۋانى يولۋاس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنى پاسىبان پادىشاھىمىز دەپ بىلىپ كەلگەنىدۇق. ئەپسۇس، ئۇ ئۆزلىرىدەك باھادىر ئەزىمەتنىڭ تارتقان بىر نەرىدىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى. سىلىدەك تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتلىك بىر ئەزىمەت تۇرغان يەردە، ئەمدى ئاشۇ قورقۇنچاقنىڭ ۋەلىئەھدىسى بىزگە پادىشاھ بولسا ئەقىلگە سىغامدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ھاقارەت. ئىلتىماسىمىزنى رەت قىلماي بىزگە پادىشاھ بولغايلا تەڭداشسىز پالۋان ئالىيلىرى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى قاپلانمۇ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ئېگىلىپ، — بىز ھازىرغىچە يولۋاسنىڭ ئۈچىسىدىكى تون - سەرپايىنى خانۇ خاقانلارغا خاس ھەقىقىي شاھانە تون - سەرپاي دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمىز. مانا شۇ تاپتا ئالىيلىرىنىڭ ئۈچىسىدىكى تون - سەرپايىنى كۆرۈپ كۆزىمىز ئېچىلىۋاتىدۇ. ياراتقان ئىگىسى ئۆزلىرىنى پادىشاھلارغا خاس ئاجايىپ رەڭدار، جۇلالىق، گۈزەل تون - سەرپاي بىلەن ياراتقانىكەن ئەمەسمۇ.

بۆرىمۇ باشقىلاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، بوز ھاڭگىغا سالام بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپى كىم بولىدىكىن؟ بىلىۋالساق ئالىيلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى سەلتەنەتلىك نامىشەرىپلىرى بىلەن جاكارلىساق ياخشى بولاتتى.

شۇ تاپتا بوز ھاڭگا ئۆزىنى خېلىلا توختىتىۋالغان بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچلار ئاللىقاياقلارغىدۇر تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ پادىشاھلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— بوپتۇ، سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلارنى قوبۇل قىلىپ پادىشاھ بولسام بولاي، نامىشەرىپىمنى تاۋۇس ئەللەيىن دەپ ئاتىساڭلار بولىدۇ.
— خوش، دەرھال جاكارچى چىقىرىلسۇن، تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئورمانلىقتىكى بارلىق ھايۋانلار تولۇق قاتناشسۇن.
شۇنداق قىلىپ بوز ھاڭگىنىڭ «ئېشەك» دېگەن نامى «تاۋۇس ئەللەيىن»گە ئۆزگىرىپ، ئۆزى ئورمانغا پادىشاھ بولۇپ قالدى.

*　　　　*

مۇز چىراي باشلىق خېلىلا ياشىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلاپ قالغان چاچلىرى ھازىر قۇندۇزدەك پارقىرايتتى. چەت ئەلنىڭ داڭلىق ماركىلىق، ئوچۇق رەڭلىك كىيىملىرى باشلىقنى ئۆز يېشىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن تەڭتۇشلىرى ھەيران. باشلىق بولسا خۇشال ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھەممىسى نۇسرەتجاننىڭ تۆھپىسى ئىدى. شۇ كۈنلەردە باشلىق تولىمۇ رايىش كىچىك بالىغا، نۇسرەتجان بولسا ئەستايىدىل، تەلەپچان، كۆيۈمچان ئانىغا ۋە ياكى ساداقەتمەن ئاغۋاتقا ئوخشاپ قالغانىدى.
— چىك ئا... قارىسىلا ئىشتانلىرى بىلەن كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگى تازا ماسلاشماپتۇ. بىرئاز ساقلاپ تۇرسىلا، مەن ئۆيگە كىرىپلا ھېلىقى چىغ يوللۇق قىزىل كۆڭلەكلىرىنى ئاچىقاي، ئىشخانىدىلا ئالماشتۇرۇۋالسىلا.
— پاھ ـ ھۇي! ... يىگىت ـ يىگىت. قارىسىلا ماۋۇ كىيىملىرىنىڭ يارىشىپ خۇددى تويى بولىدىغان يىگىتكىلا ئوخشاپ قالغانلىرىنى، ئاخشاملىقتا سورۇنغا كەلگەن قىزلار سىلىنى ئا-

لىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققىلى ئۈچ - تۆت يىل بولغان بالاڭىزا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، «ئۆيلەندىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ يۈرمىسۇن يەنە.

— قارىسىلا، مۇنۇ فرانسىيىنىڭ ئەڭ يېڭى مودىدىكى مۇراسىم ۋە دالا كىيىملىرى. ئاياغ كىيىملىرىدىن تارتىپ ئىچ كىيىملىرىگىچە تولۇق بىر يۈرۈش. تېخى تۈنۈگۈن كەلگەن مال ئىكەن. ماۋۇسى يەڭگەمنىڭ، ماۋۇسى سىلىنىڭ... ھېلىقى ئۆتكەن يىلى قىشتا ئىدارىمىزنىڭ پار قازىنىغا كۆمۈر توشۇپ بەرگەن ئاداش ئۇچراپ قېلىپ پۇلىنى تۆلىۋەتتى. «باشلىققا دەپ باقسىڭىز، بۇ يىل قىشنىڭ كۆمۈرىنىمۇ مەن توشۇپ بەرسەم» دەيدۇ. بۇلار كىچىككىنە كۆڭلىمىش، «چوڭراق كۆڭلۈمنى باشلىققا ئايرىم بىلدۈرىمەن» دەيدۇ. يەڭگىمىز بىلەن بىللە بارىدىغان بۈگۈن كەچتىكى قاتار چايغا مۇشۇ كىيىملەرنى كىيىپ بېرىڭلار، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتسۇن.

شۇ كۈنلەردە نۇسرەتجانغا باشلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئامراق بولۇپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىرەر ۋاخ تاماقنى بىللە يېگەچ كوچا ئايلانغىلى چىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا نۇسرەتجاننىڭ ئايالى باشلىقنىڭ ئايالىنى يۆلەپ پەپىلەپ ماڭاتتى. نۇسرەتجان بولسا بىر كۆزىنى يولدىن، بىر كۆزىنى باشلىقتىن ئۈزمەي، باشلىقنىڭ ھەربىر سۆزىنى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىغاچ، ئاغزى يۇمۇلماي كۈلگىنىچە ماڭاتتى.

نۇسرەتجان تىك سىزىق بويىچە ئۆسۈۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ يۆتكىلىپ كەلگەن «ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسى»غا بىر قېتىم بېشىنى تىقىپ قويمايلا ئاۋۋال ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىغا، ئاندىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. «ئىجادىيەت - تەتقىقات ئىشخانىسى»نىڭ ئىشكى بولسا دۈملەنگەن

پېتى تۇرۇۋەردى.

مۇز چىراي باشلىق نۇسرەتجاننى چوڭ ـ كىچىك يىغىنلاردا «ئىقتىدارلىق»، «قابىلىيەتلىك»، «ئىختىساسلىق»، «ئۈمىدلىك»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن پات ـ پات ماختاپ تۇراتتى. باشقا خىزمەتچى خادىملارنى نۇسرەتجاندىن ئۆگىنىشكە، نۇسرەتجاننى ئۈلگە قىلىشقا چاقىراتتى. نۇسرەتجانمۇ باشلىقنى «قابىلىيەتلىك»، «پىششقان»، «ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن»، «بىلىملىك»، «يىراقنى كۆرەر»، «ئىختىساسلىقلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ» دەپ ئۇچۇراتتى. ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بايقىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىدارە باشلىقلىق ئورنىدىن مىدىرلىيالماي بېسىلىپ قالدى، دەپ ئەپسۇسلىناتتى.

ئىدارىدىكى خىزمەتچى خادىملار نۇسرەتجاننىڭ باشقا خۇي ـ مىجەزىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ئۆكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ تەبەسسۇم قىلىشىغا، سالام ـ سەھەتنى چوڭقۇر قىلىپ ئەھۋال سورىشىغا قايىل ئىدى.

— ھەي، مۇشۇ نۇسرەتجاننى كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ ھىجايغان پېتى ئۇخلامدىكىن، دەيمەن.

— تاس قالدۇ ـ دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىت ـ مۈشۈككىمۇ ھىجىيىپ سالام بەرگىلى.

— نۇسرەتجاننىڭ ئانچە ـ مۇنچە قاپاق تۈرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ باردۇ؟

— ھەي تاڭەي.

— كىمدەكىم نۇسرەتجاننى قاپاق تۈرگۈزەلىسە، مۇز چىراي ئىدارە باشلىقىمىزنى كۈلدۈرەلىسە بەش يۈز يۈەندىن مىڭ يۈەن تىكتىم.

— ھېلىغۇ مىڭ يۈەنكەن، بىر تۈمەن تىكسەڭمۇ مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ بۇ ئىش.

*            *

بوز هاڭگا — تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بۇ چەكسىز ئورمانىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق بىلەن ۋەھىمە تەڭلا چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل - تايىقىدىن، ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەشتىن قۇتۇلغانلىقى، نوختا - چۇلۋۇرسىز، باغلاق- سىز ئەركىن - ئازادە ياشىشى ئىدى. ۋەھىمىسى بولسا پادىشاھ- لىق سەلتەنىتىنىڭ قانچە ئۇزۇن داۋاملىشىشىغا كۆزىنىڭ يەت- مەسلىكى ئىدى. ئۇ بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنىڭ «ئېشەك» جەمەتىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بوياق- چىنىڭ كۆلچىكىدىكى بوياقلاردا بويىلىپ رەڭدار تۈسكە كىرگەن ئاجايىپ - غارايىپ تۇرقىغا ھەۋەسلىنىپ ھەمدە پۈتكۈل ئورماننى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىشىدىن قورقۇپ كېتىپلا بۇ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ رەڭدار، جۇلالىق تۇرقىنى باشقا ھايۋانلارغا كۆز - كۆز قىلىشنى ۋە كۈنىگە بىرنەچچە قېتىم ئورمانلىقنى زىلزىلىگە سېلىپ بار ئاۋازى بىلەن ھاڭراپ قويۇشنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمايتتى.

تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بۇ ئورمانلىقتىكى ئاجىز ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك ھايۋانلارغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئا- جىز ھايۋانلارنىڭ ئوت - چۆپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنى يەيدىغانلىقىنى، كۈچلۈك ھايۋانلار بولسا ئاشۇ ئاجىز ھايۋانلارنىڭ گۆشىنىلا يەيدىغانلىقىنى بىلگىنىدە، ۋۇجۇدى- نى ۋەھىمە بېسىپ قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ شاھلىق تەختىنىڭ ئالدىغا تۈلكە، قاپلان، يىل- پىز، بۆرە قاتارلىق ۋەزىرلىرى توشقان، كېيىك، بۇغا، قىرغا- ۋۇل، ئۆلار... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تىزىپ قوياتتى. يېگى، ئىسسىق پېتى تۇرغان بۇ گۆشلەرنى

كۆرگەنلىكى يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئىشتىهاسى ئېچىلىپ، شۆل-
گەيلىرى ئېقىپ كېتەتتى. تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بولسا
ئەزەلدىن گۆش يەپ باقمىغانىدى. ئەمما، بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا
بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ سۇدىكى تۇرقىغا بىر قاراپلا ئۆزىگە «تا-
ۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئىسىم قويۇشقا ئۈلگۈرگەن بۇ قوتۇر ئې-
شەكنىڭ قورسىقىدا خېلىلا هۈنىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانچە
قىينالمايلا ئامال تاپتى.

— جانابىي ئەمىرلىرىم، — دېدى ئۇ ۋەزىرلىرىگە قاراپ
مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — مەن بۇ ئورمان مەملىكىتىدە ھەق - ئادا-
لەت ئورنىتىپ، ئورمانلىقتىكى بارلىق چوڭ - كىچىك هايۋانلار-
نى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىل گۆش
يېمەي، پەرھىز تائاملارنى يەپ روزا تۇتۇپ، ئىبادەت قىلىشقا
تەڭرىگە ۋەدە بەرگەنمەن. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۈچ
ۋاخ غىزايىم ئۈچۈن گۆش ئەكەلمەي ئوت - چۆپ، دەل -
دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى، پىشقان
مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكېلىڭلار. گۆش تۇرىدىكى بۇ شاهانە غىزا-
لارنى سىلەر ساداقەتمەن ۋەزىرلىرىمگە ئىلتىپات قىلدىم.

تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ قەدەر تەقۋادار، ئاق
كۆڭۈل، سېخىي، مەردلىكىنى كۆرۈپ ۋەزىرلەر دەرھال تىزلى-
نىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا، ياشىغايلا،
ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا.

ئەزەلدىنلا چېچەنلىكى بىلەن نام چىقارغان تۈلكە شاھ ئالىي-
لىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىدى:

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئول روزا ئىبادىتىدىن، پەرھىز
غىزا مۇددىتىدىن قاچان پارىخ بولىدىلا؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى بوز هاڭگا — تاۋۇس
ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى ئويلانغان قىياپەتتە، — قاچانكى قىلغان

ئىبادىتىم، تۇتقان روزام تەڭرىگە مەقبۇل بولۇپ، مېنى بۇ ئىشلاردىن پارىغ بولۇشقا ۋەھىي كەلمىگۈچە مەن ئۇل گۆش-سىز — پەرھىز تائام يېيىشنى چەكسىز داۋاملاشتۇرىمەن.

ئۇلار تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرا-دىسىگە قايىل بولۇشۇپ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۈچ ۋاخ غىزاسى ئۈچۈن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى، دەل - دەرەخلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ دانلىرىنى ھەمدە تۇر-لۇك مەي باغلاپ پىشقان مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكەلدۇرۇپ بەردى. تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى بولسا بۇ نېمەتلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى، ۋەزىرلىرى يەۋاتقان گۆشكە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى.

«توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك خاتىرجەملىك ۋە مول نېمەتلەر تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنى پات - پات قوزغاپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ماتا - گەزلىمە بازىرىدا ئۇچرىغان گۈزەل سۇر مادا كېلەتتى - دە، پۇتكۇل ئەزايى ھاياجاندىن تىترەيتتى، ئىشقى - پىراقىنى ئاشۇ مەشۇقىغا يەتكۈزمەكچى بول-غاندەك بار ئاۋازى بىلەن ھاڭرايتتى...

* *

نۇسرەتجاننىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ ئىدارە باشلىقى ئاخىر ئۆستى. ئۇنىڭ ئورنىغا نۇسرەتجان تەيىنلەندى. ئۇ ئىدارە باش-لىقلىق ۋەزىپىسىگە رەسمىي ئولتۇرۇپ ھەپتە ئۆتكەندە ئىدارىدى-كى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خادىملارنى تەشكىل-لەپ، شەھەرنىڭ ئەڭ كاتتا بەزمىخانىسىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ مەنسىپىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى قۇتلۇقلاش ھەمدە يېڭى خىزمەت ئور-نىغا ئۇزىتىش يۇزىسىدىن سورۇن ئۇيۇشتۇردى.

— ئالدى بىلەن مۆھتەرەم باشلىقىنىڭ ئەزىز تېنىنىڭ مەڭگۈ - مەڭگۈ ساغلام تۇرۇشىنى تىلەيمەن، باشلىقىمىز ئىدارى-دىن كەتكەن بىلەن يىراققا كەتمىدى. بەلكى، يەنە بىر بالداق يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ، خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كەڭ قوللاپ، يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆستى. بۇ بىز-نىڭ بەخت - تەلىيىمىز. شۇغىنىسى باشلىقنىڭ بۇنىڭدىن كې-يىنكى باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ، خىزمىتى جاپالىق، شۇنداق-تىمۇ بىزدەك شاگىرتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، تىككەن كۆ-چەتلىرىنى سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن.

نۇسرەتجاننىڭ سۆزىگە ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى. باشلىق نۇسرەتجان تۇتقان بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، نۇسرەتجاننىڭ ئىقتىدارىنى، ئالىملارچە بىلىمىنى، تالانتىنى بىرھازا ماختىغاندىن كېيىن نۇتقىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

— تىرىشىپ ياخشى ئىشلەڭ، نۇ جۇيجاڭ، سىلەر ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ئۈمىد سىلەردە. مەن سىزنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈپ يۇقىرى ئۆرلىشىڭىزگە تىلەكداشمەن ھەم سىزنى قەتئىي قوللايمەن.

مەدھىيە سۆزلىرى ھېلى مۇز چىراي باشلىقنىڭ، ھېلى كۈلگۈنچەك نۇسرەتجاننىڭ شەنىگە توختىماي يېغىپ تۇردى. ئۈستەلدىكى چوكا تېگىشكە ئۈلگۈرمىگەن قورۇمىلار يېڭىلىنىپ تۇراتتى. سۈپسۈزۈك شارابلار تولدۇرۇلغان رومكىلار يېقىملىق جىرىڭلايتتى. يېڭىدىن يېڭى ھەيۋەتلىك سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشاتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىدارىدىكى بۆلۈم دەرد-جىلىكلەر نۇسرەتجاننى قۇتلۇقلاپ سورۇن تەييارلىدى. شۇنىڭ-دىن كېيىن شەخسلەر بويىچە نۇسرەتجاننى قۇتلۇقلاش زىيا-پىتى بەس - بەستە باشلاندى. ئۇلار نۇسرەتجاننى خۇددى شار

پۈۋلىگەندەك پۈۋلەيتتى، ئۈچۈراتتى.
نۇسرەتجاننىڭ كۆلكىسى ئىدارە باشلىقلىق مەنسىپىگە ئول-تۇرغاندىن كېيىنمۇ پەقەتلا ئۆزگەرمىدى، قول ئاستىدىكى خىز-مەتچىلەرگە ئۈكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ قارايتتى، قىزغىن سالام ـ سەھەت بىلەن ئەھۋال سورايتتى، يىغىنىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئاچاتتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، خىزمەتتىن توختى-تىش، جەرىمانە ئېلىش... قاتارلىق تەدبىرلەرنى كۈلۈپ تۇرۇپ تەكىتلەيتتى. شۇنداقتىمۇ خىزمەتچىلەرنىڭ يۈرىكى گال پىچاقتا تىلغاندەك سىرقىرايتتى. ئۇلار نۇسرەتجاننىڭ ئاشۇ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىنى يىراقتىن كۆرسىلا بىئارام بولۇپ، ۋەھىمە بېسىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

*　　　*

كۆز باغلانغان مەھەلدە تۇيۇقسىزلا چېلەكتە قۇيغاندەك ياغ-قان يامغۇر ئەتىسى تاڭ سۇزۇلۇشكە يېقىن چىپپىدە توختىدى. ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياش چەكسىز ئورمانلىقتا ئالتۇندەك نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىشقا باشلىدى. كې-چىچە ياغقان يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھايۋانلار ئاستا مىدىرلىشىپ بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكنىڭ غېمىگە چۈشۈشتى.
ئەتىگەندىلا تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگەن تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە قاتارلىق ۋەزىرلەر شاھ تەختىدە جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان بوز ھاڭگىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قېلىشتى، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇر-لاتتى.
— كىمسەن؟ تەپ تارتماستىن پادشاھىمىزنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگاي-

تىپ.

بۇ قوپال ئاۋازنى ئاڭلاپ بوز ھاڭگا — تاۋۇس ئەللەيىننى بىردىنلا سۈر باستى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شاھلارغا خاس سالاپەت بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر كىچىدىلا ئەقلىڭلاردىن ئادىشىپ قالمىغانسىلەر، مۆھتەرەم ئەمىرلىرىم. مەن سىلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانىڭلار تاۋۇس ئەللەيىن بولىمەن...

بوز ھاڭگا شۇنداق دېگەچ ئالدىدىكى يامغۇر سۈيى جۇغلىنىپ قالغان كۆلچەككە شۇنداقلا قاراپ، مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ، پۈتكۈل ئەزايىنى سوغۇق تەر باستى. شۇ تاپتا ئالدىدىكى يامغۇر سۈيىدە ئۇنىڭ كۆزىگە ھەربىر تۈكلىرى ھەر خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ تاۋۇس ئەللەيىن ئەمەس، سەپرا ئىگىسىنىڭ تىل - تايىقى ئاستىدا غىڭ قىلماي ھارۋا سۆرەيدىغان، جۇۋاز چۆرگىلىتىدىغان، يۈك كۆتۈرىدىغان ئەبگار بوز ھاڭگا — كۆرۈمسىز قوتۇر ئېشەك تۇراتتى. ھەئە، كىچىچە ياغقان يامغۇر بوز ھاڭگىنىڭ بەدىنىدىكى ھەرخىل بوياقلارنى پاك - پاكىز يۇيۇۋەتكەن بولۇپ، كۆرۈمسىز، پاخپىيىپ تۇرغان تۈكلىرى تۇرقىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

— بىزنى ئالداشقا پېتىنىۋاتامسەن تېخى، — دېدى قاپلان خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ خىرىس قىلغىنىچە، — بىلىپ قوي، تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش كۆرۈمسىز ئەبگار ئەمەس. ئۇنىڭ ئاجايىپ رەڭدار تون - سەرپايىنى، جاھاننى لەرزىگە سالغۇچى ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى ھېچكىمنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ بىزنىڭ تەڭداشسىز پاسىبانىمىزدۇر. ئېيتە، ئۆزۈڭ زادى كىم؟ تەپ تارتماستىن ئۆزۈڭنى تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى دەۋېلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟

بوز ھاڭگا مۇدھىش بىر ۋەھىمە چاڭگىلىدا تىپىرلايتتى، قورقۇنچتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تاڭلايلىرى قۇرۇپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغانىدى.

— مە... مە... ن... را... راستىنىلا... تا... ۋۇس ئەللەيىن. ئىشەنمىسەڭلار ما... ما... نا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

بوز ھاڭگا شۇنچە كۆچىگەن بولسىمۇ كانىيى قۇرۇپ، لەۋلىرى تىترەپ تۇرغانلىقتىن ھاڭرىيالماي ئاۋازى بوغۇلۇپ خارقىراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتكۈل ئورمانلىقنى لەرزىگە سالغۇچى ياڭراق ئاۋازى ئۆچكەندەك قىلاتتى. ئۆزىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان يىرتقۇچ ۋەزىرلىرىنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، تېنىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالدى.

— خۇدا ھەققى ماڭا ئىشىنىڭلار، — دېدى بوز ھاڭگا يىغلامسىرىغان ھالدا، — مەن راستىنىلا تاۋۇس ئەللەيىن شۇ. كېچىچە ياغقان لەنتى يامغۇر بەدىنىمدىكى بوياقلارنى يۇيۇۋېتىپتۇ...

زېرەك تۈلكە بوز ھاڭگىنىڭ بۇ بىچارە ھەم كۆرۈمسىز تۇرقىغا قاراپ ئاللىقاچان بىرنەرسىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بوز ھاڭگىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئادەملەر بىزلەرنى ھەر خىل خاسناملار بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن، مېنى تۈلكە، ماۋۇ ۋەزىرلەرنى يىلپىز، قاپلان، بۆرە... دېگەندەك. ئېيتە، سېنى نېمدەپ ئاتايتتى؟

بوز ھاڭگا ئۈچۈن بۇ جاۋاب بېرىش بەكمۇ تەس سوئال ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

— مېنى... مېنى...، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئادەملەر ئېشەك دەپ ئاتايتتى...

— ئېشەك؟! — تۈلكىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى. ئەسلىدە ئادەملەر، «گۆشى ھارام، كۈچى ھالال» دەپ

ئاتايدىغان قوتۇر ئىشەك سەن ئىكەنسەن ـ دە؟
تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىلار ھەيران بولۇپ، بوز ھاڭگىغا قارىدى. ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارىلانغان بوز ھاڭگا بولسا جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئاران ـ ئاران يەر دەسسەپ تۇراتتى.
— ۋەزىرلەر، — دېدى تۈلكە ھەمراھلىرىغا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ ئەبلەخ بىزنى ئالداپتۇ. جاھاندا «تاۋۇس ئەللەيىن» دەيدىغان مەخلۇق بولغان ئەمەس. بۇ ئەبلەخ ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تۈرلۈك رەڭدە بويىغاننى ئاز دەپ، بىزنىڭ كۆزىمىزنىمۇ بوياپ بىزگە پادىشاھ بولۇۋاپتۇ. بۇ لەنەت تەگكۈر مەن سىلەرگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان، گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھېلىقى ئېشەك دېگەن مەخلۇق دەل شۇ. ناشتىلىق پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيلى. قېنى، مەرھەمەت.
بىچارە بوز ھاڭگا قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن بېجىرىپ كەلگەن بۇ يىرتقۇچ ۋەزىرلىرى ئۇنى بىردەمدىلا خامتالاش قىلىپ يەۋەتتى.

*　　　　*

شەھەردە ئۈچ كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن نۇرغۇن ئادەملەر يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ، قوللىرىدىغا دالدىلانغۇدەك ھېچنېمە ئالماي بەخىرامان يۈرۈشمەكتە. ئەمما، بىر قىسىم ئادەملەر كۆڭلۈك كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، كۆڭلۈكنىڭ دالدىسىدا كىيىملىرى تىرناقچىلىكمۇ ھۆل بولمىغاندى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ. ئۈچ كۈندىن بېرى ياغقان يامغۇر شەھەردىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ خېلى پۇختا يېپىلغان ئۆگزى-

لىرىنى تېشىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنۇ ئاز بىر قىسىم كە-
شىلەر كۆتۈرۈۋېلىشقان كۆنلۈكنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئامالسىز. ئا-
شۇ كىچىككىنە كۆنلۈك ئۇلارنى قوغداپ قالغان.

ئەنە يىراقتىن نۇسرەتجان كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قولىغا بىر تال
كۆنلۈك ئېلىۋالغان بولۇپ، شۇنچە ھەيۋە بىلەن تاراسلاپ چۇشۇ-
ۋاتقان يامغۇر ئۇنى ھېچنېمە قىلالماپتۇ. ئۇ كۆنلۈكنىڭ دالدىسى-
دا ئاشۇ يېقىمسىز ھىجىيىشى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. ئۇچىسىدىكى
چەت ئەلنىڭ داڭلىق ماركىلىق كىيىملىرى ئازراقمۇ ھۆل بولمى-
غان، كۆلكىسىدە بولسا ھېچقانداق مەنە يوق.

ئويلاپ قالدىم. ھېلىقى بوياقچىلىق كۆلچىكىگە چۈشۈپ
كەتكەن بىچارە قوتۇر ئېشەك — تاۋۇس ئەللەيىن شاھ ئالىيلىرى-
نىڭ نۇسرەتجانغا ئوخشاش كۆنلۈكى بولغان بولسا، كۆنلۈكى
بىلەن ئاشۇنداق يامغۇردىن دالدىلانغان بولسا بەلكىم ھازىرغىچە
ھېلىقى ئورمانغا پادىشاھلىق قىلىۋەرگەن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ
كاتتا يايلاقتا خاقانلىق قىلغان، تۈلكە، يىلپىز، قاپلان، بۆرە
قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا، شىر، يولۋاسلارمۇ قېتىلىپ
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولارمىدى.

يەنە ئويلاپ قالدىم، كۆنلۈكلەر ئاستىغا كىرىۋالغانلىكى ئا-
دەملەرنى يامغۇردىن مەڭگۇ دالدا قىلىپمۇ بولالماس.

ئاخىرىدا يەنە ئويلىنىپ قالدىم، بىر كۈنى ھەرقانداق كۆن-
لۈكنى تېشىپ ئۆتكۈدەك شۇنداق بىر قۇدرەتلىك يامغۇر ياغىدۇ-
كى، ئاي - ھاي…

# تاۋۇس ئەللەيىن (2)

تاسادىپىي پۈرسەتتە بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، دۇمبالىنىشتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتكەن قوتۇر ئېشەك — بوز ھاڭگىنىڭ، ھەر خىل رەڭدە بويالغان تۇرقىنى كۆز - كۆز قىلىپ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن يىراق ئورماندىكى ھايۋانلارغا پادىشاھ بولۇۋېلىپ، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بوياقچى، ئۆزىنىڭ بوياقچىلىقتىن ئىبارەت ئاشۇ ئاددىي ھۈنىرىنىڭ شۇ قەدەر كارامەتلىكىنى بارلىقىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى. ئەمما، باشقىلارغا شۇنچىلىك كارامەت، ئامەت ئەكەلگەن ھۈنىرىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق بەخت ئەكەلمىگەنلىكىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىچىلا نامرات، غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ ھۈنەرگە پۇختا ھەم كامىل بوياقچى بەكمۇ نامرات ئىدى، كۈن بويى شاگىرتلىرى بىلەن جاپا تارتىپ ئىشلىسىمۇ تاپاۋىتى سالغان دەسمايىسىنى چىقىرىۋەتكەندە بىر كۈنلۈك روزغاردىنى قامداشقا ئاران - ئاران يېتەتتى.

ئۇنىڭ بوياقچىلىق ھۈنىرىگە تايىنىپ باي بولۇش، ھېسابسىز پۇل تېپىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ شۇنچە ياشقا كىرىپ، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، مۇشۇ يۇرتتىكى خېلى داڭقى بار بوياقچى ئاتىلىپمۇ ئاشۇ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالمىدى، ھەمىيىنىنى ئاختۇرسا ئارتۇق تۆت تەڭگە ھەرگىز چىقمايتتى.

بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ چىققاندىن كېيىن تاۋۇس ئەللە-

يىن ئاتلىپ بىر ئورمانلىقنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان قوتۇر ئېشەك ھېكايىسى ئۇنىڭ باش - ئاخىرى يوق ئوي - خىياللىرىنى چاقنىتىپ، تەپەككۇرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرى بىلەن يالغۇز ماتا - چەكمەن، شايى - ئەتلەسلەرنىلا ئەمەس باشقا نەرسىلەرنىمۇ بويىسا بولىدىغانلىقىنى، ئەقلىنى ئىشقا جورۇتسىلا باي بولۇش ئارزۇسىغا چوقۇم يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتتى.

* *

ھايت - ھۇيت دېگۈچە خۇددى خىمىيۋى ئوغۇت سالغان زىرائەتتەك تېز ئۆسۈپ، بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ قالغان نەۋرە ئاكىسى نۇسرەتجاننىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇشلىرىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، غالىبجاننىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ بەكمۇ راھەتسىزلىنەتتى، كەيپسىزلىنىپ، خۇيلىنىپ قالاتتى، قايىل بولمىغان ھالدا ئۆزىنى نەۋرە ئاكىسىغا سېلىشتۇراتتى.

دېمىسىمۇ بوي - بەستىنى، چىراي - تۇرقىنى سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسىدىن قالغۇچىلىكى يوق ئىدى، ھەتتا بىلىم سەۋىيىسىمۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئىچى تېخىمۇ بەك ئاداپ كەتتى. راست - دە، ئاشۇ نەۋرە ئاكىسى تېخى ئادەتتىكى خىزمەتچى ۋاقتىدا ئۇ ئاللىقاچان يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. گەرچە ئىككى يىل ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئارام ئېلىشقا چىقىپ مۇدىرلىق ئورنى بوش قالغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تەشكىل بۇ ئورۇننى ئاشۇ بوش پېتى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تا بۈگۈنگىچە مۇئاۋىن مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە

رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاشۇ بوش ئورۇننى ئاللىكىملەرگە تارتتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ يۈرىدىكىنىڭ بىر بەرلىرى دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. «ئېرىدىن تۇل قالغان خوتۇنغا قاش ئاتقىلى ئەر چىقىدۇ يۇ، قىز بالىدىنمۇ جەلپكار ئاشۇ بوش ئورۇنغا كۆز تىكىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟...» ئەندىشىلىك خىياللار ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى، ھەر خىل ئامال ـ چارە ئىزدەش ئۈچۈن ئالدىرايتتى، تېپىرلايتتى، باش قاتۇراتتى.

ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ تېز ئۆسۈشىدىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزاق كۆزەتتى. ھېس قىلغانلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. نەۋرە ئاكىسىغا ئوخشاش ئۆكىلىگەن كاللىدەك غىلجىڭلاپ كۈلۈشنى، ساداقەتمەن ئاغۋاتلاردەك قۇلچىلىق قىلىشنى ئۆگەندى. ئاشۇ ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىدارە باشلىقىنى كاتتا رېستوراننىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئايرىم خانىسىغا باشلاپ، تانسىكەش قىزلارنى ھەمراھ قىلدى. ئەپسۇسكى، باشلىقنىڭ غىتتاڭ تانسا مۇزىكىسى بىلەنمۇ، قىزلارنىڭ بېلىنى تۇتقاندىن باشقا ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوق ئويىنىلىدىغان گىلدىڭ ـ گىلدىڭ تانسا بىلەنمۇ خۇشى يوق چىقىپ قالدى.

— تانسا مۇزىكىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇزىكىمىزنى ئاڭلايلى، — دېدى باشلىق بىر قول تانسا ئاخىرلىشا ـ ئاخىرلاشمايلا كەسكىنلىك بىلەن، — خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى نېمىدېگەن يېقىملىق ـ ھە! ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئىختىيارىي ئۇسسۇل ئويناڭلار. قالغانلار ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكىدىن بىللە ھوزۇر ئېلىپ ئولتۇرۇڭلار. مانا مەن سىلەرگە بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي.

باشلىقنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ قولىنى بۇركۇتنىڭ قانىتىدەك مەغرۇر تۇتۇپ، خۇددى چاپچىپ تۇرغان ئايغىردەك مەردانە قەدەم ئېلىپ، ئۆزىگە جور بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ گاھ ئوڭ يېنىدىن، گاھ

سول يېنىدىن چىقىپ، گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ، ماھارەت بىلەن ئۇسسۇل ئويناشلىرى غالىبجاننى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. غالىبجاننىڭ تانسا ئويناشقا خېلى ئېپى بولسىمۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالمايتتى. بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ خېلىلا قىزىپ قالغان باشلىق، قىزلارنى بىرەر پەدە ئۇسسۇلغا تارتماي ئۈكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ ئولتۇرغان غالىبجاننى ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلدى.

— غالىبجان! پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ ئولتۇرماي ئاۋۇ قىز بالىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئىككى پەدە دەسسەڭلار دەيمەن.

بۇ تۇيۇقسىز تەكلىپتىن غالىبجان تەمتىرىدى.

— مە... مە... ن... ئويناشنى... بىلمەيمەن...، باشلىق.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئويناشنى بىلمىسەڭلار، بىزنىڭ ئوينىغىنىمىزنى ئوبدان كۆرۈپ ئولتۇرۇڭلار، قوپاڭلا، ئاغىنىلەر، قىز بالا جىم ئولتۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكى قىزلارمۇ ۋە باشقا ئەرلەرمۇ «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەرلىك غۇرۇرى ئىنزا تارتقان غالىبجان چاندۇرمايلا بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىگە ھىجايغان پېتى قېتىلدى.

باشلىق غالىبجاننىڭ بۇ مېھماندارچىلىقىغا بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە بىرقانچە غوللۇق مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرىنى بىللە ئەكەلگەنىدى. غالىبجان بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇلارمۇ ئۇسسۇلنى ئىدارە باشلىقىغا ئوخشاش ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايتتى. غالىبجان ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئىدارە باشلىقىغا يېقىنلاشقىلى، ئۇسسۇل بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ يېقىنىغا، ھەمتاۋاقداشلىرىغا ئايلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى - دە، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ شۇ ياشقا كىرگۈچە

ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەنمىگەنلىكىگە، تۆت ئادەم بار سورۇندا
قول كۆتۈرۈپ باقمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

* *

بوياقچى نىمىنى بوياش، قانداق بوياش ھەققىدە ئۇزاق باش
قاتۇردى. ئەلۋەتتە بوياش ئوبيېكتىنى ياخشى تاللىمىغاندا پۇل
تېپىپ، باي بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايتتى. ئۇيان ئوي-
لاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر دىققىتىنى ئېشەككە مەركەزلەشتۈردى.
ئەلۋەتتە، خالىغان بىر ئېشەكنى ھەر خىل رەڭدە بوياپ «تاۋۇس
ئەللەيىن» دېگەن نام بىلەن ئورمانلىققا پادشاھ قىلىپ، شۇ
ئارقىلىق نەپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوياقچى كاللىسىدا
بىر يۇرۇش پىلان تۈزۈپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بوياقچىلىق
ھۈنىرىگە دەسمايە قىلىدىغان ئازغىنە پۇلنى ھەمىنىغا سېلىپ،
ئۇدۇل مال بازىرىغا قاراپ ماڭدى.
ھەر يەكشەنبە كۈنى سودا بولىدىغان مال بازىرى بۈگۈن
باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. بوياقچى قوي بازىرى، كالا بازىرىدىن
ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېشەك بازىرىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئېشەك
سودىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئاش پىشىم كۆزەتتى. ساتارمەنلەر
ئېشەكلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. ئالارمەنلەر
ئېشەكنىڭ كالپۇكىنى يېرىپ چىشىغا قارايتتى، ئالدى ـ كەينىگە
ئۆتۈپ بوي ـ تۇرقىنى سىلايتتى، قۇيرۇقىنى تارتىپ تەپكەك ـ
تەپكەك ئەمەسلىكىنى، مىنىپ بېقىپ ھالۋۇز ئاتىدىغان ـ ئاتماي-
دىغانلىقىنى، چاپتۇرۇپ مېڭىشىنى، يورغىسىنى، كۈچىنى سى-
نايتتى. تەجرىبىلىك بېدىكلەر گەپدانلىقىغا تايىنىپ ئالارمەن
بىلەن ساتارمەننى ئىمكان بار سودىدا كېلىشتۈرۈشكە تىرىشاتتى.
چىشى يېڭى، ياش، مېڭىشلىرى چەبدەس، يورغىسى چىرايلىق،
خۇيلۇق ئەمەس، بويلۇقراق ئېشەكلەرنىڭ باھاسى ئۆرە، چىشى،

قېرى، مۇدىرگەن، سوكسوك، خۇيلۇق، جۇغى كىچىك ئېشەك-لەرنىڭ باھاسى تۆۋەنرەك ئىدى.
ئېشەك بازىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كۆڭۈل توختاتقان بوياقچى، قېرى بولسىمۇ بويلۇقراق كەلگەن، رەڭگى بوزغا مايىل ھاڭگا ئېشەكتىن ئىككىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى.

*　　　　*

غالىبجان ئەتىسى مەكتەپكە چىقىپلا ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىگە ئۇسسۇل ئۆگىتىشكە تەشكىللىدى. مەكتەپتە ئىككى نەپەر سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ھەر ئىككىلىسى ياشىنىپ ھەم سەمرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خانىملار ئىدى. شۇنداقتىمۇ يېزا ۋە مەكتەپنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئۇسسۇل ئويناش مۇشۇ ئىككى خانىمنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.
— ئەمىسە ئىككىلىرىگە ۋەزىپە، — دېدى غالىبجان ئىككى خانىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، — بىر ھەپتە ئىچىدە مەن راۋۇرۇس بىر ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىمەن. ئىككىلىرى مېنىڭ مەخسۇس ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىم بولىلا.
— دەرسىمىزنى قانداق قىلىمىز، مۇدىر؟
— مېنىڭ بۇ ھەپتىلىك دەرسىم جىقراق ئىدى.
— دەرسىڭلار تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — بىرەر ھەپتە دەرس ئۆتمىگەنگە ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىز بولۇپ قالمايدۇ. قانداق، ئۇسسۇل دەرسىنى ھازىرلا باشلامدۇق؟
غالىبجاننىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغىلىپلا كەتكەنىدى. بىچارە ئىككى خانىم ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ ئۇسسۇل ئۆگىتىپمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. لېكىن، چىلىق - چىلىق

تەرلەپ كەتكەن غالىبجان بولسا مەشىق قىلىپ هارمايتتى.

— كەچتە داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىزنىڭ VCD پلاستىنكىلىرىنى تېپىپ كۆرۈپ كۆزلىرىنى پىشۇرسىلا، مۇدىر. ئۇسسۇل پلاستىنكىلىرىنى كۆپرەك كۆرسىلە ئۇسسۇلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالالايلا، — دېدى ئىككى خانىم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن غالىبجانغا تاپشۇرۇق بېرىپ.

غالىبجان ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى خېلى ئەستايىدىل ئىشلىگەندەك قىلاتتى. هەر كۈنى ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماهارىتىنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ئىككى خانىم تۈنىچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا ئۆزلىرىچە قۇسۇر ئىزدەپ قالدى.

— مۇدىر، قوللىرىنى كۆتۈرگەندە بىلەكلىرىنى، بارماقلىرىنى قاتتىقراق تۇتسىلا ئۇسسۇل هەرىكەتلىرى مەردانە كۆرۈنىدۇ.

— هازىرقىدەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم تۇتسىلا نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ قالىدىكەن.

— ئەرلەر ئۇسسۇلى ئادەتتە مەردانە ئوينىلىدۇ. ئاياللار ئۇسسۇلى بولسا نازاكەتلىك ئوينىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غالىبجاننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى:

— نېمە، مېنى خوتۇن خەقتەك ئۇسسۇل ئوينىدىڭ دېمەكچىمۇ؟

— ياق - ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مۇدىرنىڭ رەنجىپ قالغىنىنى كۆرگەن خانىم هودۇققان هالدا.

— ئەسلىدە سىلىنىڭ ئۇسسۇل تالانتلىرى بار ئىكەن، مۇدىر، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى خىزمەتدىشىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — مانا تۆت كۈن ئىچىدىلا ئۆمەكنىڭ كەسپىي ئۇسسۇلچىلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇپ كەتتىلە. قاراپ باقسام سىلىنىڭ ئۇسسۇللىرىدا مەردانە

ئۈسسۈل، نازاكەتلىك ئۈسسۈلدىن باشقا يەنە ھىندىستانچە، پا-
كىستانچە، ئەرەبچە ۋە تولغىما، چاقماق ئۈسسۈللىرىنىڭمۇ ئېلې-
مېنتى بار ئىكەن.

بۇ ماختاش غالىبجانغا خۇددى توك تەپكەندەك تېز تەسىر قىلدى.

— ئەلۋەتتە، بۇ ھەر كۈنى كەچتە داڭلىق ئۈسسۈلچىلارنىڭ VCD پلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈسسۈل ھەرىكەتلى-
رىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسىدە، — دېدى غا-
لىبجان مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئىككىلىرىنىڭ ئۆگىتىشلىرىگە قاراپ ئولتۇرسام بۇ يېقىنلاردا ئۈسسۈل سورۇنلىرىغا چۈشەلمەي-
دىغاندەك قىلىمەن.

— راست، راست، ئوقۇغۇچىنىڭ تالانتى بولمىسا ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ ھەرقانچە ئەجىر قىلغىنى بىكار.

— بۈگۈن - ئەتە ئوبدان مەشىق قىلىۋالسىلا، ئۆگۈنلۈككە بىرەر رېستورانغا كىرىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈز-
مەيمىزمۇ، مۇدىر، سىلىمۇ دوكلات ئويۇنى كۆرسەتكەن ھېسابتا بىر پەدە ئۈسسۈل ئويناپ بەرسىلە.

بۇ ماختاش سادالىرى غالىبجاننى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇ-
ۋەتتى.

— شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ زادى، شۇ باھانىدە مەنمۇ چوڭ سورۇندا ئۈسسۈل ئويناپ ئازراق قاشىرىۋالاي.

* *

بوياقچى قىلىۋاتقان كەسپىگە يارىشا قۇۋ، ھىيلىگەر، تەد-
بىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىككى قېرى ھاڭگىنى ئېغىلغا سولاپ، ئالدىغا ھەلەپ، بېدە، قوناق، كۈنجۈرە قاتارلىق يەم - بوغۇزلار-

نى ئايىماي تۆكتى، ئۇسسۇزلۇقىغا قوناق ئۇنىدا تۇزنى ئۆتكۈزۈپ ئاداپ چىلىپ بەردى. ھەپتە ئۆتكەندە خېلى ئوبدان بېقىش تاپقان ئىككى قېرى ھاڭگىنىڭ تۇكلىرى پارقىراپ، قۇيرۇقىدا چىۋىن قورۇيدىغان، مۈگدىمەيدىغان، ئانچە - مۇنچە ھاڭرايدىغان، ئېغىناتقىلى ئاچىقسا سۇيدۇك پۇرايدىغان بولدى.

بوياقچى ئەمدى پىلاننى قەدەم - باسقۇچ بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ھېلىقى — ئۆزىنى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتىۋېلىپ ئورمانلىقتا پادىشاھ بولۇۋالغان قوتۇر ئېشەكنىڭ بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئۇستىۋېشىنىڭ رەڭدار بويىلىپ كېتىشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇنىڭ قانداق رەڭدار تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. شۇنداقلا، بوياقچىنىڭمۇ ئېغىلدىكى ئىككى قېرى ھاڭگىنى بوياق كۆلچەكلىرىگە سەكرىتىپ، بىرەر ئورمانلىقتا تاۋۇس ئەللەيىن دېگەن نام بىلەن پادىشاھ قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى پەقەت بۇ ئىككى قېرى ھاڭگىنى خېرىدارلارغا ھەم شاش، ھەم كۆركەم قىلىپ كۆرسىتىش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىككى ئېشەكنى ئىسسىق سۇ بىلەن سوپۇنداپ ئىككى قېتىم پاكىز يۇيدى. قۇشقۇن، تۆشۋاغ، جۈمبۈيالاپ تۇكلىرى چۈشۈپ قوتۇر بېسىپ كەتكەن يەرلەرگە خۇددى شال مايسىسى كۆچۈرگەندەك تۇجۇپىلەپ تۇك چاپلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېشەكنىڭ قېرىلىقىنى ئاشكارىلاپ قىرچاڭغۇلىشىپ ئەسلىي رەڭگىنى، پارقىرىقىنى يوقاتقان تۇكلىرىنى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بوياشقا باشلىدى. بوياقچىنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى قېرى ھاڭگا ياشىرىپ ئەمدىلا مىنىككە، ھارۋىغا كۆندۈرۈلگەن تەخەي سىياقىغا كىردى. ئەڭ ئاخىرىدا بوياقچى قېرى ھاڭگىنىڭ ئېزىق چىشلىرىدىن تارتىپ ئۈنتۈر چىشلىرىغىچە تۇجۇپىلەپ كاسىۋال سىيىلىپ چىقتى. شۇ تاپتا ھەرقانداق تەجرىبىلىك بېدىكمۇ بۇ ئىككى

ئېشەكنىڭ چىشىغا قاراپ تەخەي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە بوياقچى ئىككى ئېشەكنىڭ تۈيىقىنى ياسىتىپ تاقىلاتتى ـ دە، ئەتىگەنلىك بوغۇزىغا نەشە، ئادىپىغا شاراب ئارىلاشتۇرۇپ قورسىقىنى راسا تويدۇرغاندىن كېيىن ئۇدۇل مال بازىرىغا ھەيدەپ ماڭدى. نەشە بىلەن شاراب مال بازىرىغا كەلگەندە ئىككى قېرى ھاڭگىغا ئوبدانلا تەسىر قىلدى ـ دە، پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ ھاڭراشقا باشلىدى. بىچارە بوياقچى ئىككى ھاڭگىنى باشقۇرۇپ بولالماي ئوبدانلا ھالسىرىدى.

ئىككى ھاڭگا ھاڭراپ يۈرۈپ مال بازىرىدىكى پۈتكۈل خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. خېرىدارلار تۈكلىرىنىڭ ئېقى كۆمۈشتەك، قارىسى قۇندۇزدەك، سېرىقى ئالتۇندەك، قىزىلى شەلپەردەك، ئالىسى ئالا، قارىسى قارا، كۆن نۇرىدا خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالاپ تۇرغان ئىككى ھاڭگىغا قاراپلا قېلىشتى.

— تۇۋا، ئېشەكنىڭ نەسلىمۇ مۇشۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق بولىدىكەن ـ ھە!

— تۈكلىرىنىڭ پارقىرىشىغا قاراڭلار، خۇددى ئەينەكتەك.

— ھەسەن ـ ھۈسەندەك كۆز قاماشتۇرىدىكەن تېخى.

— ئېشىكىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئىكەن ـ دە جانىۋارنىڭ.

— نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئېشەكلەردىن ئەمەستەك قىلامدۇ، نېمە؟

— ھە، شۇنداقتەك قىلىدۇ.

— ......

بوياقچى ئەتىگەن ئېشەكلەرنىڭ يەم ـ بوغۇزىغا ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەن نەشە بىلەن شارابتىن ئۆزىمۇ ئىستېمال قىلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ ئاشۇ ئىككى قېرى ھاڭگىدەك خۇش كەيپ

ئىدى. مانا ئەمدى خېرىدارلارنىڭ ماختاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ مەست قىلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنىڭمۇ سەزمىگەن ھالدا پو، لاپ دېگەننى ئۆگزە بويى، تېرەك بويى ئېتىشقا باشلىدى:

— بۇ ھاڭگىلارنىڭ نەسلى بۇ يۇرتتىكى ئادەتتىكى ئېشەكلەرنىڭ نەسلىدىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ئەجدادى ئۆز زامانىسىدا پادىشاھ، ھۆكۈمران بولغان كاتتا ئېشەكلەردىن. سىلەر سەلتەنەت نامى «تاۋۇس ئەللەيىن» دەپ ئاتالغان ئېشەك پادىشاھنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھە، مانا بۇلار دەل ئاشۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەسلىدىن بولىدۇ. ئازراقمۇ ئارىلاشمىسى يوق.

ئىككى ھاڭگا بوياقچىنىڭ گېپىنى تەستىقلىماقچى بولغاندەك پۈتكۈل مال بازىرىنى بېشىغا كىيىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھاڭراشقا باشلىدى.

ئىككى ھاڭگىنىڭ سودىسىنىڭ چوقۇم ياخشى بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن بېدىكلەرمۇ بوياقچىنىڭ دۈمبىقىنى چېلىپ خېرىدارلارنى باز ـ بازغا سېلىشقا باشلىدى.

سودا تېز لا پۈتتى. بوياقچى ئاشۇنداق قېرى ھاڭگىدىن يۈزنى سېتىۋالغۇدەك پايدىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ بېدىكلەرگە مەردلىك بىلەن دەللاللىق پۇلى ئايرىپ بېرىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

* *

ئادەتتە مەكتەپلەر مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمى يوق نامرات ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، غالىبجان ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىندەك كۆرىدىغان، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا مەركىزىگە جايلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ بولسا بىقىنىنىڭ خېلىلا «يېغى» بار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرگەندە بۇنىمۇ غالىبجاننىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ھەر يىلى ئالتىنچى

ئايدىكى ئورما مەزگىلىدە ۋە توققۇزىنچى، ئونىنچى ئايلاردىكى پاختا يىغىۋېلىش مەزگىلىدە غالىبجان مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇت-قۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى «ئەمگەك دەرسى ئوقـۇتۇشى» پائالىيد-تىـگە تەشكىللەيتتى - دە، يىلللىقلار بويىچە ئۆلچەم، سىنىپلار بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ، ئاشقان ۋە كەملىگەن قىسمى بويىچە مۇكاپات - جازا تۈزۈمى بېكىتىپ پۇل تېپىشقا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئورما مەزگىلىدە ئون بەش كۈن، پاختا يىغىۋېلىش مەزگىلىدە بىر ئاي دەرس توختىتىپ ئىشلەپ، مەكتەپكە زور ئىقتىسادىي كىرىم يارىتاتتى. غالىبجان بۇنى «تى-رىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باش-قۇرۇش» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوقۇتۇش ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈمدە قاتتىق بولۇش» دېگەننى كۆ-تۈرۈپ چىقىپ، ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن جەرىمانە قويۇپ ئوقۇتقۇچىلاردىن پۇل تۇتاتتى. ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇ پۇللارنى تۆلىمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، قايسىبىر ئوقۇتقۇچى غالىبجان بىلەن زاكونلاشسا ئۆزىنى ئەتىسىلا يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى شۆبە مەكتەپلەردە كۆرەتتى. شۆبە مەك-تەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يۆتكەش غالىبجانىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ئىدى. كىمنىڭمۇ شەھەرگە، ئۆيگە يېقىن مەكتەپتىن چەت، يىراق مەكتەپكە بېرىپ ئىشلىگۈسى بار دەيسىز؟

ئەسلىي گېپىمىزگە قايتساق، غالىبجان ھەر يىلى ئوقۇتقۇ-چىلار بايرىمى مەزگىلىدە مەكتەپ مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى رېستورانغا باشلاپ، بىر قېتىم مېھمان قىلىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلارغا مەك-تەپنىڭ سىنت پۇلىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى.

ھەئە، ئۇ بۇ قېتىم ئۆگەنگەن ئۇسۇلنى دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن، گەپىنىڭ ئۇچۇقىنى قىلغاندا، چوڭ سورۇندا ئۇس-سۇل ئويناپ قاشىرىۋېلىش ئۈچۈن، قائىدىنىڭ سىرتىدا بىر

قېتىم مەردلىك قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۇلىدا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى رېستوراندا مېھمان قىلدى. ئىچىپ تەڭشىلىۋېلىپ سەھنىدىن چۈشمەي ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ باشقىلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، چاۋاك چالغىنىنى كۆرۈپ قىلچىلىك غەيرىيلىك ھېس قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئۇسسۇل ئۆگەنگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئالدىدا راۋۇرۇس ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك بولدۇم دەپ ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى يۇرەكلىك چەكتى:

— ۋاقتىلىرى بولسا بىرەر - يېرىم دەم ساز تىڭشاپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچايلىمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا.

— بولىدۇ، — دېدى باشلىق بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ، — ياز ۋاقتىدا رېستورانغا تىقىلىۋالمايلى. بىرەر باغقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى غالىبجان ئۆكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ، — ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىلا.

— ئالدىرىماڭلار، — دېدى باشلىق بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ، — باغ سەيلىسىگە شۇنداقلا چىقساق تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. يېقىندا ناھىيە تەۋەسىدىكى بىرقانچە مەكتەپنى ئارىلاپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بارىمىز. سىلىنىڭ مەكتەپمۇ ئاشۇ باھالاش دائىرىسىدە بار. بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. باھالاشنىڭ ھاردۇقىنى سىدلى تەييارلىغان باغدا چىقىرايلى. شۇنىمۇ دەپ قوياي، ئادىشىم، باھالاش باشقا، باغدا ئويناش باشقا. تەييارلىقىڭلار پۇختا بولماي، باھالاش نەتىجەڭلار چۈشۈپ كېتىپ قالسا ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلمايمىز. نەتىجەڭلار يۇقىرى چىقسا ئىستىقبالىڭلىغىمۇ پايدىسى بار.

— خاتىرجەم بولسىلا، باشلىق، ئىشەنچلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز.

غالىبجان شۇنداق دېگىنىچە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن ئار-قىچىلاپ مېڭىپ يېنىپ چىقتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي توختىدى. مەكتەپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن تارتىپ مۇدىر ئىشخانىسىغىچە، دەرسخانىدىن تارتىپ ھاجەتخانى-غىچە بىر قېتىم تازىلاندى، تام - تورۇسلار ئاقارتىلدى، سىنىپ - ئىشخانا، مەكتەپنىڭ قورۇق تاملىرىغا چاپلانغان شو-ئار، ئۆزۈندە، قائىدە - تۈزۈملەر، تۈرلۈك سخېمىلار، تەشۋىقات رەسىملىرى، نەتىجە - كۆرسەتكۈچلەر... سۆكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، شەھەردىكى ئېلان - بېزەكلىك مۇلازىمەت شىركەتلىرىگە لايىھە يەتكۈزۈلۈپ، ئېسىل رامكىلارغا ئالدۇرۇلۇپ قايتا ئاسقۇزۇلدى. خېتى چىرايلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن كاتىباتلىق گۇرۇپپىسى يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئۆلچەملىك خاتى-رە دەپتەرلەرگە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىسى، ئۆگىنىشتىن تەسىرات يېزىش خاتىرىسى، ئۆز - ئۆزىنى پاش قىلىپ تەكشۈرۈش خاتىرىسى... قاتارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ تەييارلىدى. يوقلىما، پىلان، تەييارلىقلار تولۇق ئالماشتۇرۇلدى، تۈرلۈك ئارخىپلار قايتىدىن رەتلەندى.

غالىبجاننىڭ ھەربىر كىچىك ھالقىلارغىچە پۇختا تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان بۇ تەييارلىقى مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى باشقىچە تۈس-كە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. تەييارلىقلار پۈتۈپ تۈرۈشىغا ئىدارە باشلىقى يېتەكچىلىكىدىكى باھالاش گۇرۇپپىسمۇ يېتىپ كەلدى. غالىبجان چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بۇ باھالاشقا تولۇق تەييارلىق كۆرگەنىدى. باھالاش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى، «ھەي ئىسىت، بىزنىڭ ھەممە مەكتەپلىرىمىز مۇشۇ مەكتەپتەك سۈپەتلىك بولۇپ كەتكەن بولسا - ھە» دەپ قايىللىقىنى ئىپادىلەپ تىللىرىنى

چاكىلدىتىشتى. ئىداره باشلىقى بولسا غالىبجاننىڭ دولىسىغا ئىككى قېتىم رازىمەنلىك بىلەن شاپىلاقلىدى. غالىبجاننىڭ كۆتـ-
كىنىمۇ، ئېرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۇپىتى، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسـ-
بىتىدىن باشقا بارلىق ھالقىلار ئالا قويماي ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلدى. باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالاھىدە تەييارلاذـ-
غان باغدا ھاردۇق چىقىرىش باشلاندى. غالىبجاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەكتەپتىكى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلار ئارقا سەپكە — قازان بېشىغا، ياش ئەر ئوقۇتقۇچىلار مۇلازىمەتكە — داستىخانغا نازۇ نېمەت توشۇشقا، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلار ھەمراھ بولۇشقا — مېھمانلارغا چاي قۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۈرلۈك - تۈر-
لۈك نازۇ نېمەتلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىنغانىدى. ئېسىل شارابـ-
لار رومكىلارغا بۇلدۇقلاپ قۇيۇلاتتى ۋە ئاللىقاندىاق ياخشى تىلەكـ-
لەرگە قوشۇلۇپ ئۇدۇل كانايغا تۆكۈلەتتى. يۇقىرى ھەق بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۆمەكنىڭ سازەندىلىرى سورۇن ئەھـ-
لىنىڭ كەيپى تەڭشىلىپ بولغۇچە ئىشتىھا نەغمىسى چېلىۋاتاتتى. باشلىقمۇ، غالىبجانمۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىدى.

— ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىڭلار، ئۇسسۇل ئوينايمىز، ئۇسسۇل! — سازەندىلەرگە قول شىلتىپ بۇيرۇق قىلدى غالىبـ-
جان.

باشلىق ياش خانىمنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى. باشلىقتىن كېيىن باشقىلارمۇ سورۇنغا چۈشتى. رومـ-
كىلار قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئايلىناتتى. مېھمانلار سورۇنغا پاتماي پىرقىرايتتى. بىر ۋاقىتتا مېھمانلار ئۇسسۇل ئويناپ ھېـ-
رىپ قالدىمۇ نېمە، سورۇن خېلىلا سېلىكىپ قالدى. سورۇننىڭ ساقىيلىقىنى قىلىۋاتقان غالىبجان ئىككى رومكا ھاراقنى كۆتۈـ-
رۈپ باشلىقـىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، رومكـىنى قوش قـوللاپ تەڭلىدى:

— باشلىق، ئۆزلىرىنى مۇشۇ بىر رومكا هاراق بىلەن ئۇسسۇلغا تارتىمەن.

هاراق تەسىرىدە چىرايى قىزىرىپ، خېلى ئوبدان تەڭشىلىپ قالغان باشلىق دەلدۈگۈنۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئىلگىرى ئىقتىدارىڭىزنى تۆۋەن چاغلاپتىكەنمەن، غالىب مۇدىر، — دېدى باشلىق ئاغزىدىن گەپ چۇشۇپ كېتىپ تۇرسىمۇ غالىبجانغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، — خىزمەتنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەڭ، هەرقانداق قىيىنچىلىق، تەلەپ - پىكرىڭىز بولسا ئۇدۇل ماڭا دەۋېرىڭ. بۇ بىر رومكا هاراقنى سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نەتىجىڭىز ئۈچۈن ئىچەي، — باشلىق رومكىسىدىكى هاراقنىڭ يېرىمىنى غالىبجاننىڭ رومكىسىغا قۇيۇپ بېرىپ، رومكىسىنى سوقۇشتۇردى، — قېنى خوشە!

— ساز باشلانسۇن!

غالىبجان هاراقنى ئىچىپ بولۇپلا سازەندىلەرگە بۇيرۇق بېرىۋېتىپ سورۇنغا چۈشتى - دە، باشلىقنى ئۇسسۇلغا تارتتى. باشلىقمۇ دەلدۈگۈنگەن پېتى ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. مەست بولۇپ قالغان غالىبجان بارلىق ماهارىتىنى چىقىرىپ، باشلىقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەل تولغاشلىرى، كاسسا ئېتىشلىرى، كۆكرەك لىغىرلىتىشلىرى، بىلەك - بارماقلىرىنى ئەۋرىشىم تۇتۇپ، نازاكەت بىلەن تال چىۋىقتەك ئېگىلىشلىرى، قىيا كۆز تاشلاشلىرى سورۇندىكىلەرگە قاتتىق كۈلكە چىقىرىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما، خېلىلا مەست بولۇپ قالغان باشلىققا ئۇنىڭ بۇ هەرىكەتلىرى باشقىچە تەسىر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. هەئە، غالىبجاننىڭ نازاكەتلىك قىلىقلىرىغا مەھلىيا بولۇپ قالغان باشلىقنىڭ كۆزىگە غالىبجان كېلىشكەن بىر ئۇسسۇلچى قىزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى بولغاي، قايتىدىن جانلاندى - دە،

غالىبجاننى گاھ قوغلاپ، گاھ ئالدىنى توسۇپ، گاھ ئوڭ يېنى-
دىن، گاھ سول يېنىدىن چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.
غالىبجان بولسا باشلىق بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنىڭ
خۇشاللىقىدا تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىق چىقىرىشقا تىرىشاتتى.
نېمە ئۈچۈندۇر باشلىقنىڭ قولى غالىبجاننىڭ كاسىسىسى ئەتراپىدا
ئىختىيارسىز پىرقىراشقا باشلىدى. باشلىقنىڭ كۆزلىرى خۇمار-
لىشىپ كەتكەنىدى. ھەئە، باشلىقنىڭ قولى بىرىنچى قېتىم
غالىبجاننىڭ كاسىسىسىنى يەڭگىل سىيپاشتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئىككىنچى قېتىم شاپىلاق بولۇپ تەگدى. ئۈچىنچى قېتىم باشلىق
غالىبجاننىڭ كاسىسىسىنى ئوتاپ - ئوتىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەز-
مەيلا قالدى. شۇ ھامان سورۇن ئەھلى تېشىغا چىقىرىپ كۈلەل-
مەي ھېقىلاشقا باشلىدى. قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەن باشلىق
بۇ كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى تازا ئاڭقىرالماي خىرقىراپ كۈلدى.
غالىبجان بولسا كاسىسا ئويىنىتىپ، كۆكرەك لىغىرلىتىپ، ئۈك-
لىگەن كاللىدەك ھىجايغىنىچە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

*　　　　*

«تاۋۇس ئەللەيىن» شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان
قوتۇر ئېشەكلەر بىلەن تەڭ بوياقچىنىڭمۇ داڭقى چىقىپ كەتكەنىد-
ى. ھېلىگەر بوياقچى ئېشەكلىرىنى مۇقىم بىر بازاردا ساتمايت-
تى. قايسى يۇرتنىكى بازارغا بارمىسۇن سودىسى ئاجايىپ ئىتتىك
ئىدى. خېرىدارلار ئېشەكلەرنىڭ بوياق تەسىرىدە جۇلالاپ تۇرغان
رەڭدار تۇرقىغا، نەشە - شاراب تەسىرىدە توختىماي ھاڭراپ
تۇرۇشلىرىغا قىزىقىپ بەس - بەستە سېتىۋالاتتى.
بوياقچى ۋە ئۇنىڭ ياللىۋالغان بېدىكلىرى بولسا بۇ ئېشەك-
لەرنىڭ بىر زامانلاردا پادىشاھ، ھۆكۈمران بولغان ئېشەكلەرنىڭ
نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن ماخ-

تاپ ئۆچۈراتتى. بۇ مەنزىرە شۇنداقلا قارىماققا ئىشەكلەرمۇ، بوياقچىمۇ، بېدىكلەرمۇ تەڭ ھاڭراۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بوياقچى بۇ ئاجايىپ كەشپىياتنىڭ يۇرت بېگىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، شۇ كۈنلەردە خان ئوردىسىدىن ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەڭ داڭلىق، ئەڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى ئوردىغا يوللاش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى. يۇرتنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى تاللىيالماي تۇرغان يۇرت بېگىگە چاپارمەنلەر «تاۋۇس ئەللەيىن شاھ» نەسلىدىن بولغان ئېشەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ مەلۇمات يەتكۈزگەنىدى. خان ھۇزۇرىغا باشقا بەگلەرنىڭ سوۋغىسىدىن ئالاھىدىرەك سوۋغا ئەۋەتىپ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە، شۇ ئارقىلىق مەنسەپ كۆلاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالدىراپ تۇرغان بەگكە بۇ مەلۇمات ياغدەك ياققان ھەمدە بوياقچىغا يۈز تۇياق «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەك تەييارلاش پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، ئالدىن مىڭ تىللا زاكالەت ئەۋەتكەنىدى.

ئۆمرىدە مىڭ تىللا كۆرۈپ باقمىغان بوياقچى نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بۇيرۇقنى ئورۇنداشقا كىرىشتى ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بىر ئاي مۆھلەتنىڭ قانداق توشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى.

— بەگ ئالىيلىرىدىن پەرمان، — دېدى پەرمانچى بوياقچىغا بەگنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ، — ئەتە چاشگاھ ۋاقتىدا خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدىغان «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك ئېشەكلەر بەگ سارىيىغا كەلتۈرۈلسۇن! بەگ ئالىيلىرى ساراي ئالدىغا چىقىپ، ئېشەكلەرنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتكۈل يۇرت خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ بوياقچىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن بەگ سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىچە بولغان يولنى پاكىز سۈپۈرۈپ، خۇددى يالىغاندەك قىلىۋەتتى. ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۇختا پۈتكۈزگەن بوياقچى يۈز تۇياق

ئېشەكنى ھەيدەپ دەبدەبە بىلەن بەگ سارىيىغا قاراپ ماڭدى.
بەگ سارىيىنىڭ ئالدى ئېشەكلەر كۆرىكىنى كۆرۈشكە كەل-گەن مىڭلىغان پۇقرالار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. سارايىنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا ئېشەك باغلايدىغان يۈز قوزۇق قېقىلغان بو-لۇپ، ھەربىر قوزۇقنىڭ تۆۋىگە قوناق، بېدە، ھەلەپ، ئاداپ قاتارلىق يەم بوغۇزلار رېتى بىلەن قويۇلغانىدى. نەچچە يۈزلىگەن قورۇقچىلار مۇراسىم سورۇنىنى ياي شەكلىدە قوغداۋاتاتتى. ئې-شەكلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەگ سارىيى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرگەندەك قىلاتتى.
ھەيۋەتلىك ئوركېستىرغا ئوخشاش بەس - بەستە ھاڭراشقى-نىچە بەگ سارىيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەن ئېشەكلەرنى خىزمەتكارلار ساراي بىكاۋۇل ئەمىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزۇق-لارغا ئىززەت - ئېكرام بىلەن باغلاشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەييار بوغۇز يەپ كۆنۈپ قالغان ئېشەكلەر يول مېڭىپ قورسىقى ئېچىپ قالدىمۇ نېمە، ھاڭراشنى توختىتىپ ئالدىدىكى يەم - بوغۇزنى ئىشتىھا بىلەن چايناشقا كىرىشتى. بوياقچىنى بولسا بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ياسىغان شاھانە مۇراسىم سۇپىسى ئۈستىدىكى قات - قات سېلىنغان كۆرپىگە باشلاشتى.
ئەنە شۇ دەقىقىدە بەگ سارىيىدىن ھۆدەيچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بەگ ئالىيلىرى قوبۇلغا چىقتى!
شۇ ھامان ئىختىيارى ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان ساراي ئەمىرلىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى. باياتىن ئېشەكلەرنىڭ شەرىپىگە بىر قېتىم چېلىنىپ توختىغان ناغرا - سۇنايلار يەنە قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى. ئالدىدىكى يەم - بوغۇزنى ئانچە-كىم يەپلا قورسىقى تويدىمۇ ياكى ئەتىگەن يەم - بوغۇزغا ئارىلاش-تۇرۇلغان نەشە بىلەن شاراب كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدىمۇ، ياكى تۇيۇقسىز چېلىنىشقا باشلىغان ناغرا - سۇنايلار ئىشقى -

ھەۋەسىنى قوزغاپ قويىدىمۇ ئەيتاۋۇر يۇز ئېشەك خۇددى ناغرا ـ سۇنايغا جور بولغاندەك بەس ـ بەستە ھاڭراشقا باشلىدى.
يۇرت بېگى مانا مۇشۇنداق ئاسماننىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتـ-كۇدەك سادالار ئىچىدە بوياقچىنى قوبۇل قىلىپ، ئېشەكلەرنى مۇبارەك نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. بوياقچى بۇ قېتىم بارلىق ھۈنىرى-نى چىقارغاندەك قىلاتتى. ئېشەكلەرنىڭ رەڭدار تۇرقى قۇياش نۇرىدا ھەسەن ـ ھۈسەندەك جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.
— بوياقچىغا مىڭ تىللا ئىنئام بېرىلسۇن! — دېدى يۇرت بېگى رازىمەنلىك بىلەن.
ئېشەكلەر بوياقچىنىڭ ئىنئام ئالغىنىغا ئالقىش ياڭرىتىۋاتـ-قاندەك تېخىمۇ بەك ھاڭراشقا باشلىدى. بوياقچى چەكسىز ھايا-جان ئىلكىدە ئىنئامنى ئېلىشقا تەييارلاندى. ئاۋام خەلق بولسا ئەلمىساقتىن تارتىپ بولۇپ باقمىغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ يا كۈلۈ-شىنى، يا يىغلىشىنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشقانىدى. چۈنكى، بوياقچىغا زاكالەت ۋە ئىنئام دەپ بېرىلگەن ئاشۇ ئىككى مىڭ تىللاغا ئاشۇنداق قوتۇر ئېشەكتىن ئاز دېگەندە يىگىرمە مىڭنى سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.
بوياقچى مىڭ تىللا ئىنئامىنى ئېلىپ يۇرت بېگىگە ھەشقالللا ـ رەھمەت ئېيتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. ھەئە، ھاۋا تۇيۇقسىز نەرە تارتىپ شۇنداق قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتىكى، بەس ـ بەستە ھاڭراۋاتقان ئېشەكلەرمۇ قورققىنىدىن چىپپىدە توختاپ، قۇلاقلىرىنى سال-پايتقىنىچە باشلىرىنى چاترىقىغا تىقىۋېلىشتى. ئارقىدىنلا بىرى ئاسماندىن دەل ئاشۇ ئېشەكلەر بىلەن يۇرت بېگى، بوياقچى تۇر-غان مۇراسىم سۇپىسىنى نىشانلاپ سۇ تۆكۈۋاتقاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە قاتتىق گۈلدۈرلەپ، يامغۇرنىڭ شۇنچە قاتتىق يېغىشىغا قارىماي ئېشەكلەر باغلاقلىق دائىرە بىلەن مۇراسىم سۇپىسىنىڭ سىرتىغا بىر تامچىمۇ يامغۇر

چۈشمىگەندى.

دەسلەپتە ئۆزلىرىنى يامغۇردىن دالدىغا ئېلىش ھەلەكچىلى-
كىدە پالاقلىغان يۇرت بېگى بىلەن بوياقچى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن
كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىگە بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىگىنى-
نى كۆرۈپ ھەيران بولغان بولسا، «تاۋۇس ئەللەيىن» نەسىللىك
ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىگە يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈپ تۇرۇپلا
قېلىشتى.

بىر چۈگۈن چاي قاينىمىچىلىك ئارىلىقتا يېغىپ توختىغان
قارا يامغۇر ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى رەڭدار بوياقلارنى پاك -
پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، يامغۇردىن ئاۋۋالقى سۆلىتى-
نى يوقىتىپ ئەسلىدىكى قوتۇر ھالىتىگە قايتقان ئېشەكلەر سۇغا
چۈشكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا قاتتىق يام-
غۇردا مەستلىكىدىن يېشىلگەن بۇ ئېشەكلەرنىڭ ئاسماننى بېشىغا
كىيىپ ھاڭراشقىمۇ ماغدۇرى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئېشەكلەر-
نىڭ ئۈستىدىن يۇيۇلۇپ كەتكەن بوياقلار تېخىچە سىڭىپ كېتىشكە
ئۈلگۈرمىگەن يامغۇر سۈيىنى باشقىچە رەڭگە كىرگۈزگەن بو-
لۇپ، يامغۇردىن كېيىن پارلىغان قۇياش نۇرىدا جۇلالاپ كۆز
قاماشتۇراتتى، خۇددى ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەسەن - ھۈ-
سەن توختاپ قالغان يامغۇر سۈيىگە كۆچكەندەك.

بوياقچى تەرىپىدىن قاتتىق ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بەگ شۇن-
چىلىك قاتتىق قەھر - غەزەپكە كەلدىكى، قان تولغان كۆزلىرى
بىلەن بوياقچىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ھىيلىگەر بوياقچى
ئاللىقاچان ئۆزىنى ئېشەكلەرنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن-
دى.

بەگ جان - جەھلى بىلەن تۈۋلىدى:

— مىرغەزەپ!

دەل شۇ چاغدا بەگنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈدىمۇ ياكى ئۆزلىرىنى
ئالداپ رەسۋا قىلغان بوياقچىنىڭ نومۇس قىلماي كەينىگە ئۆتۈ-

ۋالغانلىقىدىن غەزىپى تاشتىمۇ ئەيتاۋۇر ئېشەكتىن بىرى چىچاڭ-
شىغاندەك قىلىپ بوياقچىنى ئارقا ئىككى پۇتلاپ «قارسىسىدە»
تېپىۋەتتى. بوياقچى «ۋايجان» دەپ ئىڭرىغىنىچە ئارقىسىغا گۆڭ-
پىدە يىقىلدى ـ دە، ئىككى قولىدا چاترىقىنى تۇتقىنىچە تۈگۈلۈپ
قالدى. ئەسلىدە ئېشەك ئۇنىڭ جان يېرىگە تېپىۋەتكەنىدى.
هەي... ئېشەك دېگەننى تەپكەك ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ.
نەسلى هەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ ئېشەك دېگەننىڭ دالدىسىغا
كىرىۋالمىدۇ كىشى.

*                    *

غالىبجان ئاخىر مەقسىتىگە يېتىپ باشلىقنىڭ يېقىن كىشى-
لىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ هازىر باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا
ئۇسۇپلا كىرەلەيتتى، قانداق گېپى بولسا تارتىنماي دېيەلەيتتى،
قول تېلېفونىغا خالىغان ۋاقىتىدا تېلېفون قىلالايتتى، خۇددى
باشلىقنىڭ يېڭى تۇتۇۋالغان ئاشنىسىدەك. غالىبجان بىچارە تۇل
ئانىسىنى يوقلاشنى ئايلاپ ئۇنتۇپ قالسا قالاتتىكى، باشلىقنى
ۋاقتى ـ قەرەلىدە يوقلاشنى هەرگىز ئېسىدىن چىقارمايتتى.
قىلغان خىزمىتىگە، بىلدۈرگەن ساداقىتىگە تۇشلۇق ئۇمۇ بوش
قالغان مۇدىرلىق كۇرسىغا ئولتۇرۇپ بىر قېتىم «ئۇھ» دەۋال-
دى. لېكىن، ئۇ بۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن قانائەتلىنىپ
توختاپ قالىدىغان بىلى بوشلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ
ئۆزىگە تۇيۇقسىز ئامەت ئەكەلگەن دەپتەر ـ خاتىرە بوياش، تام
بوياش، تەشۋىقات سەھنىسى، قارا دوسكا، تام گېزىتى بوياش،
نەتىجە جەدۋەل بوياش، تۈرلۈك ئارخىپ، سخېمىلارنى بوياش
كەسپىنى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باراتتى.
— هەي ـ ي... يىلدا نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ،
چاپلاپ ـ سۆكۈپ، ئاقارتىپ ـ بوياپ، هەر قېتىملىق باهالاشتا

بىر قېتىمدىن يېڭىلاپ ئىسراپ قىلىنىۋەتكەن خىراجەتلىرىمىزگە
مەكتەپتىكى بارلىق سىنىپلارنىڭ تاملىرىنى چېقىپ يېڭىلاپ سال-
غىلى بولاتتى، — دەپ ھەسرەت چېكەتتى سىرتىدىن قارىسا يې-
ڭى، ئەمما ئۇلىدىن كونىراپ، لىڭشىپ تۇرغان سىنىپ تاملىرىغا
قاراپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار.

— نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى، كۈند-
ىمىز يىل بويى تۈرلۈك دەپتەر - خاتىرە، نەتىجە، تەييارلىق،
جەدۋەل، سىخېما، ئارخىپلارنى بوياش بىلەنلا ئۆتىدۇ. بۇ قېتىم
ئىشلىگەن جەدۋەلدىكى كۆرسەتكۈچ يەنە بىر قېتىمقى باھالاشنىڭ
تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن.

— شۇنى دېسىلە، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدىغان باھالاشلارمۇ
مۇشۇ نەرسىلەرنىلا تەكشۈرىدۇ. ئوقۇتۇش ئەھۋالىمىزنى، دەرس
ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىمىزنى تەكشۈرىدىغان، باھالايدىغان ئادەم
يوق. بىز بوياقچىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىمۇ؟

ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇنداق قاقشىغىنى بىلەن بۇ گەپلەرنى غا-
لىبجانغا دېيەلمەيتتى. دېسىمۇ بۇ گەپلەر غالىبجاننىڭ قۇلىقىغا
ياقمايتتى. بۇ گەپنى دېگەن ئوقۇتقۇچى گۇناھكار بولاتتى.

ئەمما، مائارىپ سىستېمىسىدا غالىبجاننىڭ ئوبدان داڭقى
چىقىپ قالغانىدى. باشلىقمۇ ئۇنى تۈرلۈك يىغىنلاردا ماختايتتى،
تەقدىرلەيتتى.

بىر كۈنى باشلىق غالىبجاننى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— مۇنداق گەپ، غالىب مۇدىر، — دېدى باشلىق ئالدىدا
ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۆرە تۇرغان غالىبجاننى ئولتۇرۇشقا ئىشا-
رەت قىلىپ، — يۇقىرىدىن بىر قىسىم رەھبەرلەر كېلىپ ناھىيە-
مىزنىڭ ئاساسىي قاتلام مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى، بىز
سىلىنىڭ مەكتەپنى ئويلاشتۇق، سىلىگە تەييارلىق قىلىۋېلىشقا
ئاران ئون بەش كۈن ۋاقىت بار. قانداق، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددى-

سىدىن چىقالارسىلىمۇ؟ ئەگەر چىقالمىساڭلار دەرھال راست گەپنى قىلىڭلار. تەييارلىقتا ئىدارە مالىيىسىدىن پۇل بېرەلمەيمىز، پۈتۈنلەي ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىسىلەر.

— چاتاق يوق، باشلىق، ماڭا ئىشەنسىلە، — دېدى غالىبجان ئويلىنىپ تۇرمايلا ۋەدە بېرىپ، — بىزنىڭ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشلىرى بىرقەدەر كونا بولغان بىلەن، سىرتقى كۆرۈنۈشى خېلىلا كۆركەم. يەنە ئازراقلا تۈزەشتۈرسەك يېڭى سېلىنغان مەكتەپلەردىن قېلىشمايدۇ.

— ياخشى، — دېدى باشلىق مەمنۇنلۇق بىلەن، — مەنمۇ سىلىنىڭ مۇشۇ تەرىپىڭلىگە قايىل. سىلى ھازىرغىچە باشقا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىغا ئوخشاش ھە دېسىلا خەتەرلىك سىنىپلارنىڭ دوكلاتىنى يوللاپ بېشىمىزنى ئاغرىتماي، ئۆز كۈچۈڭلىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈۋاتىسىلەر. بۇ قېتىم ئوقۇتۇش نەتىجەڭلارنىمۇ ئالاھىدە تەكشۈرۈشى مۇمكىن. بولۇپمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش ئەھۋالىڭلار بەكرەك سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ پۇختىراق تەييارلىق كۆرۈپ قويارسىلەر.

— چاتاق يوق، سىلىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت، باشلىق.

غالىبجان باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن مەيدىسىگە مۇشتلىغان پېتى يېنىپ چىقتى ـ دە، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ ھەرقايسى تۇرلەر بويىچە ۋەزىپە تاپشۇردى. ھەر خىل باھالاشلارغا تەييارلىق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار تەمتىرىمەيلا ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشتى.

ئادەتتە ھەر قېتىم باھالاش كەلسە مەكتەپنىڭ يول، مەيدانلىرى سۇ چېچىلىپ سۈپۈرۈلەتتى، ئەمما بۇ قېتىم تەييارلىق باشقىچە بولدى. يىگىرمە نەپەر ئۇستام بەش كۈن جان تىكىپ ئىشلەپ ئون بەش ماشىنا خىشنى پۈتكۈل مەكتەپ قورۇسىغا ئالا

قويماي ئەينەكتەك تەپتەكشى بېسىپ چىقتى. غالىبجان بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ تەييارلىقىغا مەكتەپنىڭ مالىيىسىدىن پۇل چىقىشتۇرالماي، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن كۆزلۈككە ئوقۇغۇچىلارنى پاختا تەرگۈزۈپ قايتۇرىدىغانغا قەرز ئالغانىدى.

شۇنچىۋالا خىشنىڭ بىھۇدىلا يەرگە بېسىلىپ كەتكىنىگە چىدىمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىلاجسىز لەۋلىرىنى چىشلەشتى. «ئون بەش ماشىنا خىشتا ھېچبولمىسا سەككىز سىنىپنىڭ تاملىرى يېڭىلىنىپ قالاتتى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇلار ئىچى سىيرىلغان ھالدا.

دەرسخانىلارنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان تاملىرى تېخى بىر ئاي ئاۋۋالقى باھالاشتا ئاقارتىلغانلىقىغا قارىماي يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئاقارتىلدى. تېخى چىۋىن چىچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن شوئار، پلاكات، ۋىۋىسكا، تەشۋىقات رەسىمى، تام گېزىتى، قارا تاختاي گېزىتى، سخېما، نەتىجە، تۈرلۈك جەدۋەل ـ گرافىلار سۆكۈپ ئېلىۋېتىلىپ، تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جۇلالىق قىلىپ لايىھىلەتكۈزۈلۈپ تاملارغا قايتىدىن چاپلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرىلىرى مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ يېڭى ھۆججەتلىرىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن ئاساستا قايتىدىن كۆچۈرۈلۈپ چىقىلدى، تۈرلۈك ئارخىپلار يەنە بىر قېتىم يېڭىلاندى.

ھەئە، بۇ تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈشكە غالىبجان ئانچە غەم قىلىپ كەتمىدى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەيتتى ئۇ ئىچىدە خىر ـ خىر كۈلۈپ، ئەمما مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسىنى، بولۇپمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى كۆرەك قىلىشتا ئۇنى خېلىلا غەم باستى. ئۇ يېقىندىن بېرى خېلى كۈچىگەن، ئوقۇتقۇچىلارغا خېلى قاتتىق بېسىم قىلغان بولسىمۇ «قوش تىللىق» ئوقۇتۇشنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى.

غالىبجان قۇۋ، ھىيلىگەر بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭغا يارد-

شا قورسىقىدا ئامال - تەدبىرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا شەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپ بىلەن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ قويغانىدى. ھەر يىلى بىر قېتىم دوستلۇق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاشۇ خەنزۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرىنى رېستورانغا توۋلاپ دەردى - ھالىنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا «قوش تىل» ئوقۇتۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىنى بىر كۈن ئارىيەتكە سورىدى. غالىبجاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن خەنزۇ مۇدىر قاقاقلاپ بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، قولىدىكى رومكىنى گۈپلا قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىپ، غالىبجاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىبجاننىڭ ئەڭ باش قاتۇرىدىغان تەييارلىقىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتى.

بەلگىلىگەن مۇددەتتە مەكتەپكە چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك باھالاش گۇرۇپپىسىنى ئوقۇغۇچىلار قاتار ئىككى سەپ بولۇپ چاۋاك چېلىپ كۈتۈۋالدى. رەھبەرلەر ئالاھىدە راسلانغان سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، غالىبجان دوكلات بېرىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇر يېغىۋەتتى. غالىبجان يامغۇرغا پەرۋا قىلماي دوكلاتىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. لېكىن، رەھبەرلەر ئۇنى توختىتىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يامغۇردا قېلىپ زۇكامداپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

رەھبەرلەر باھالاش - تەكشۈرۈشنى باشلىدى. غالىبجاننىڭ ئەڭ ئۇششاق ھالقىلارنىمۇ چالا قويماي كۆرگەن پۇختا تەييارلىقى ئۇلارنى قايىل قىلماي قالمىدى، بولۇپمۇ غالىبجان ئارىيەتكە ئاچىقىپ، مەكتەپنىڭ «قوش تىللىق» تەجرىبە سىنىپىنىڭ ئو-

قوغوچىلىرى دەپ كۆرسەتكەن ئوقوغوچىلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا چاقماقتەك بەرگەن جاۋابلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ماختاشتى.

سىرتتا يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. خېلى ۋاقىتتا يېپىلغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىنمۇ تامچە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ئەمما، سىنىپلارنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر تامچىمۇ يامغۇر ئۆتمىگەنىدى.

— مەكتىپىڭلارنىڭ تۈرلۈك نەتىجىلىرى ئەلا بولغانىنىڭ سىرتىدا قۇرۇلۇشلىرىڭلارمۇ پۇختا ئىكەن. بىز سىلەردىن رازى بولدۇق. بىزنىڭ مائارىپ قوشۇنىمىز سىلەرگە ئوخشاش قابىل يېتەكچىلەرگە موھتاج، — دېدى ھاياجانلانغان كاتتا رەھبەر بىر قولىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ، بىر قولىدا غالىبجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — دادىللىق بىلەن ئىشلەڭلار. مانا مەن سىلەرنى قوللايمەن.

كەلگۈسى ئىستىقبالىغا يولخېتى ئېلىپ بولغان غالىبجان ھەقىقەتەن ھېيلىگەر ھەم تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ تاسادىپىي يامغۇر يېغىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغاچقا، بارلىق سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ ئۆگزىسىگە ئىككى قات يالتىراق ياپقۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ كاتتا تەدبىرىنى ھېلىقى رەھبەرلەر ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.

ئويلاپ قالدىم: ئاشۇنداق قاتتىق يامغۇر ياغقاندا غالىبجاننىڭ كۆز بويامچىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، كاتتا باشلىق غالىبجاننىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلىپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلەنسە، غالىبجان يامغۇردا لىڭشىپ قالغان تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ دالدىلىنىۋالسا...

ھەي ـ ي... لىڭشىپ قالغان تامنى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ لىڭشىپ قالغان تامنىمۇ دالدا قىلمىدۇ كىشى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق بىر قاتتىق يامغۇر ياغىدۇكى، ئاي ـ ھاي!

# قارا قۇمچاق

چېكىنگە كۆز يەتكۈسىز جەزىرە. قۇياش تەپتىدە زېمىن شۇن-
داق قىزىپ كەتكەنىدىكى، بىر تال سەرەڭگە تاشلىسا ئوت كېتىد-
دىغاندەك بىلىنەتتى. يىراقتىن كۆل سۈيىدەك جۇلالىنىپ تۇر-
غان ئالۋۇن ئادەمنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇراتتى. كونا جىپنىڭ
ئىچى تونۇرغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، چاقتىن توزۇغان ئاچچىق
شور توپا دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. ئىككى خىزمەتدىشىم جىمىپلا
قېلىشقان بولۇپ، مۇگدەۋاتقىنىنى ياكى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ
كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت شوپۇر ئۇستاملا كۆزىنى
ئوڭغۇل - دوڭغۇل چۆل يولىغا تىككىنىچە رولغا مەھكەم يېپىد-
شىپ ئولتۇراتتى. تىنچىق ھاۋا، زېرىكىشلىك چۆل ئادەمنىڭ
ئىچىنى سىقاتتى. يۇلغۇن ياكى يانتاقلارنىڭ تۈۋىدىن ئۈچۈپ
چىققان تورغايلارلا ھاياتلىقتىن نىشان بېرىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز كۆزۈم «ۋاللىدە» چاقناپ كەتتى. ئۇن يېتىم
يىراقلىقتا بىر ئايال بىز تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ
كېلىۋاتاتتى. بېشىغا چىگىۋالغان قىزىل روملى قۇياش تەپتىدە
ئوتقاشتەك چاقنايتتى. ئايىغى ئاستىدىن قويۇق شور توپا
توزۇيتتى.

— ئۇستام، ماشىنىنى توختاتسىلا، — دېدىم مەن.

شوپۇر جىپنى جىددىي تورمۇزلىدى. شوپۇرنىڭمۇ، مۇگ-
دەشتىن ئېسىگە كەلگەن خىزمەتداشلىرىمنىڭمۇ كۆزلىرى ماڭا
ئەجەبلىنىپ تىكىلدى.

— قاراڭلار، ئايال!

خىزمەتداشلىرىم جىپنىڭ كۆزنىكىدىن بويۇنداپ قاراشتى.

ھېلىقى ئايال، توغرىسىنى ئېيتقاندا، زىلۋا قامەتلىك بىر چوكان جىپقا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئىككى سائەتتىن بېرى چۆل يولىدا زېرىكىپ كەتكەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۆزلىرى چوكانغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى.

— پاھ - ھوي، زېرىكىپ تۇرغاندا ماۋۇ تەلەيىنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان!

— يالغۇز ئىكەن ئەمەسمۇ كاساپەت!

خىزمەتداشلىرىمغا كايىدىم:

— ئىنساپ قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، بۇ چوكاننى چۆلدىن چىقىرىپ قويساق ساۋاب بولار دەپ ماشىنىنى توختاتتىم. چۆلگە كىرە - كىرمەيلا ئېچىرقاپ كېتىپسىلەرغۇ!

خىزمەتداشلىرىم دەرھاللا ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى:

— كۆنلەۋاتامسىز نېمە؟

— شۇنى دەيمىنا، باشتا كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا سىزنىڭ بولۇپ قالمىسۇن بۇ چۆل تورغىيى، دىققەت قىلىڭ، ئۆيگە بارغاندا يەڭگىمىزگە چېقىشتۇرۇپ قويىدىغان بولساق كۆرىدىغان كۈنىڭىز بار سىزنىڭمۇ.

ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا كۈلۈپلا قويدۇم. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى چوكانمۇ جىپنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. چۆلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا قارىماي شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن پىلاتا كىيىۋالغان بۇ چوكان بېشىنى قىزىل ھىلھىلە رومال بىلەن چېكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ، ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا يوغان قارا كۆزلىرى خويمۇ ياراشقانىدى. چوكاننىڭ چىرايىغا شۇنداقلا قاراپ يۈرىكىم «شۇررىدە» قىلىپ كەتتى. «ئەجەبمۇ مېھرى ئىسسىق قارا قۇمچاقكىنە!»

— نەگە بارىلا، خېنىم؟ — دەپ سورىدى خىزمەتدىشىم ئىدرىس قارى جىپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ.

چوكان «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى.

چوكاننىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ قەلبىمدىكى بايامقى شېرىن
تۇيغۇلار پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ كەتتى.
— ئۆيلىرىدە بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى
خىزمەتدىشىم ئىمىنجان كۆيۈنگەن هالدا.
قارا قۇمچاق جاۋاب بەرمەي خۇددى ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن
كېيىكتەك ئەتراپقا هودۇقۇپ قارىۋېتىپ، چاققانلىق بىلەن جىپقا
چىقتى ـ دە، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولغاندەك ئورۇندۇقنىڭ
تۇۋىگە چۆكتى.
— خۇش بولاي، ماشىنىنى چاققانراق هەيدەڭلار، ئېرىم
كېلىپ قالسا يەنە ئۇرىدۇ مېنى!
قارا قۇمچاقنىڭ كۇتۇلمىگەن بۇ جاۋابىدىن هەيران قالدىم.
— نېمە دېدىلە، خېنىم؟
قارا قۇمچاق يىغىسىنى قايتا باشلىدى:
— ئېرىم دېگەن جوهۇت ئۇرۇپ ئېڭەكلىرىمنى ئىششىتى-
ۋەتتى، تاياققا چىدىماي قېچىپ چىقتىم. خۇش بولاي، ماشىنىنى
تېزرەك هەيدىسىلە، ئۇستام، قوغلاپ كېلىپ قالسا ئۇرۇپ ئۆل-
تۇرۇۋېتىدۇ مېنى!
دەرهاللا قارا قۇمچاقنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. مەڭزى ۋە
قاپىقىغا سېزىلەرلىك كۆك چۈشۈپتۇ، گەز باغلاپ كەتكەن چىراي-
لىق كالپۇكى ۋە جاۋغىيىدا قان ئۇيۇپ قاپتۇ.
— ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسىلە، خېنىم، ئەرلىرى كېلىپ
قالسا خوتۇنۇمنى نەگە ئاپارماقچىدىڭ دەپ بىزنىمۇ ئۇرۇپ كەتمى-
سۇن يەنە.
شوپۇر ئۇستامنىڭ بۇ چاقچىقىغا بىز كۈلمىدۇق. هەئە،
كۈلەلمىدۇق. لېكىن، قارا قۇمچاق «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتى،
يوغان كۆزلىرى بىزگە بىچارىلىك بىلەن تىكىلدى، قان ئۇيۇپ
قالغان چىرايلىق كالپۇكلىرى ئۇمچەيدى.
— خۇش بولۇپ قالاي، مېنى يۇرت ئىچىگە ئالغاچ كېتىڭ-

لار، بولمىسا تاياقتا ئۆلۈپ قالىمەن.
شوپۇر ئۇستام يەنە گەپ سوراشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ نېمە، ماشىنىنى قوزغىدى.

قۇياش بۇ پايانسىز چۆلگە ئوت پۈركۈيتتى. جىپنىڭ ئىچىمۇ دىمىق ئىدى. جىپنىڭ كۆزنىكىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئادەمگە قىلچىلىك ھۇزۇر بېرەلمەيتتى. قارا قۇمچاقنىڭ خىرتىلـداشلىرى جىپنىڭ ئىچىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— ئەجەب بىچارە خەق ـ دە، ئايال كىشى دېگەن، — دېدى ئىدرىس قارى ھەسرەتلىك تىنىپ.

— بولۇپمۇ سەھرا ئاياللىرىنى دەڭلا، — دېدى ئىمىنجان ئېچىنغان ھالدا، — ئېرى ئىنساپلىقراق بولسا بىر نۆرى، بولمىـسا ئېتىز ئىشىمۇ، ئۆي ئىشىمۇ، ئۇلاغ ـ ئۇلمەكنىڭ ئىشىمۇ ھەممىسى شۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەگلىك.

— ئۆي، ئېتىز ـ ئاياغ ئىشلىرىغا قولىنى قىلچىلىك ئەگـرى قىلمايدۇ، — دېدى قارا قۇمچاق ئۆپكىدىگەن ھالدا ئېرىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، — تېخى ھە دېسىلا خېتىڭنى ئال، دەپ ئۇرىدۇ. ئىككى قېتىم خېتىڭنى ئالامسەن ـ ئالمامسەن، دەپ گېلىمغا پىچاق تەڭلىدى. ئاجرىشىپ كەتمىسەم تاياقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— شۇنچە يوغانچىلىق قىلىپ كەتكۇدەك ئەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ، خېنىم؟ — سورىدى شوپۇر ئۇستام يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— مەھەللىنىڭ كاسسىرى...

— ھېلىمۇ كەنتنىڭ كاسسىرى بولۇپ قالماپتىكەن، بولمىـسا خېلى خۇيى بار ئىكەن ئۇ نائەھلىنىڭ، — دېدىم مەن ئۆزۈمـنى تۇتۇۋالالماي.

— سەھرا يىگىتلىرىنىڭ ئىشچانلىرى بەك ئىشچان، ھۇرۇنـلىرى ئاجايىپ تىرىكتاپ، — دېدى ئىدرىس قارى ئويچانلىق بىـ

لەن، — تېخى ھالىغا باقماي ھاراق ئىچىپ، نەشە چېكىپ، قىمار ئويناپ كېتىشلىرىچۇ ئۇلارنىڭ.

— ئېرىم مەھەللىدىكى بىر خوتۇنغا بۇزۇلۇۋالدى، — دېدى قارا قۇمچاق ھال ئېيتىپ، — شۇنچە يېلىنىپ يالۋۇردۇم، بالىمىزنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدى.

— نەچچە بالىلىرى بار؟

— بىر ئوغلۇم بار، ئىككى ياشقا كىردى، — قارا قۇمچاق شۇنداق دېدى - دە، يەنە ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىدى، — ئىسىت، يولدا ماشىنا ئۇچراپ قېلىشىنى بىلگەن بولسام بالامنى ئېلىۋالاركەنمەن. بىچارە بالام يالغۇز قالدى…

— ۋاي نېمىدىن ئەنسىرەيلا، بالىلىرىنى دادىسى باققاچ تۇرار.

— قويسىلا، — دېدى قارا قۇمچاق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بالىنى بېقىش تۇگۇل يىغلاپ قالسا قولىغا بىر توغرام نان تۇتقۇزۇپمۇ قويمايدۇ.

— خۇدايىم ئاشۇنداق ئادەملەرگىمۇ بالا بېرىدۇ - ھە، — دېدى ئىمىنجان ئاچچىق كۈلۈپ، — خوتۇن ئېلىپ، بالا تېپىپ يۈرگۈچە ئېشەك باقسىچۇ.

— ئاشۇ بالامنى يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دېمىسەم ئاجرىشىپ كېتەتتىم، ھە دېسىلا خېتىڭنى ئالامسەن، ئالماسەن دەپ گېلىمغا پىچاق تەڭلەيدۇ.

— ئاجرىشىپ كەتسىلە بولمامدۇ بۇنچە دەرد تارتقۇچە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قارا قۇمچاق «دىڭڭىدە» چۆچۈدى، يوغان قارا كۆزلىرىدە ۋەھىمە ئەلەڭگىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ گەپكە سالغۇم كېلىپ قالدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىلىمۇ تازا بىر كۈنلەمچى ئوخشايلا، كۈنلەمچى خوتۇننىڭ دورىسى تاياق شۇ.

— توۋا دېسىلە، مەن ئۇنى كۈنلىيەلەمدىم، — دېدى قارا

قۇمچاق رەنجىگەن هالدا، — ئاخشام قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرەي دەپ چىقىپ كېتىپ زو ۋاقتى بىلەن كىردى، تېخى مېنى كۆزىگە ئىلماي بويىنى ئۆيدە سوغا سالدى. ئۆزۈڭگە قىلارسەن دەپ بېشىمنى چۇمكەپ ياتتىم. ئەتىگەن بىر چىرايلىق ناشتىلىق ئەكەلسەم ئاشنى ئىچمەي مەن بىلەن ئۆي تۇتقۇڭ بارمۇ، يوقمۇ دەيدۇ. ئۆي تۇتقۇم بار دېسەم، ئەمىسە كۆنلىمەيسەن دەيدۇ. بالىمىز يېتىم بولمايدىغان ئىش بولسا نېمە دېسەڭ مەيلى دېسەم، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىل، ئالتۇن زىرەڭنى مەن ساقلاپ بېرىدەن دېدى. قۇرئاننى تۇتۇپ بېرەي، زىرەم ئۆزۈمدە تۇرسۇن دېسەم، هېچ گەپ يوقلا ئۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى ئىششىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېشەككە پىچان تاشلاپ بېرەي دەپ قويۇپ قېچىپ چىقتىم…

— ئانىلىرىنىڭ ئۆيىگە باراملا؟— دېدىم قارا قۇمچاقنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئانامنىڭ ئۆيىگە بارالمايمەن.

قارا قۇمچاقنىڭ بۇ جاۋابىدىن هەممەيلەن هەيران قالدۇق.

— نېمىشقا؟

— مەن ئېرىمگە ئاتا ـ ئانامنىڭ گېپىگە كىرمەي تەگكەن.

— ئەمدى نەگە باراي دەيلا؟

— تاغامنىڭكىگە، ئىسسىت بالامنى ئېلىۋالغان بولسامچۇ…

جىپنىڭ ئىچى بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. كۆزنەكتىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرەتتى. ئاچچىق شور توپا دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. مىنېرال سۇنى ئىچىپ تۇرساقمۇ تاماقلار قۇرۇپ تۇراتتى.

يىراقتىن بىر ئېشەك هارۋىسى كۆرۈنۈۋىدى، قارا قۇمچاق دەرهال ئورۇندۇقنىڭ تېگىگە چۆكتى:

— مۆكۈنۈۋالاي، بىزنىڭ مەهەللىدىكىلەر بولۇپ قالسا كۆ-

روۋپ قالمىسۇن. ئېرىمگە خوتۇنلىرى تۆت ئەر كىشى بىلەن
ماشىنىدا كېتىپ بارىدۇ دەپ قويسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ
مېنى.

— ئۇنداق قارام ئەردىن ئاجرىشىپلا كەتمەملا.

قارا قۇمچاقنىڭ چىرايلىق قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئۇ بىر-
دىنلا تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ قان دېغى ئۇيۇپ قالغان چىراي-
لىق لەۋلىرىنى ئۇشلىدى، ئۆزىدىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پى-
چىرلىدى:

— ئېرىم ئەسلىدە ئۇنچە ئەسكى ئېتىم ئەمەستى... ئاشۇ
بۇزۇق خوتۇننىڭ ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇسى يامان. ئۆينى ئۆي
قىلىۋالارمەن دەپ مولىلىغا ئوقۇتۇپمۇ باقتىم، لېكىن ئېرىمنى
ئۇ خوتۇندىن سوۋۇتالمىدىم. ئاجرىشىپ كەتسەم مەنغۇ جېنىمنى
جان ئېتەرمەن، لېكىن ئاشۇ بىچارە بالام...

قارا قۇمچاق يەنە ئۇمچەيدى. يوغان قارا كۆزلىرىگە «مۆلدۈ-
دە» ياش كەلدى. ئىككى خىزمەتدىشىم بىلەن شوپۇر ئۇستام
ئاللىقانداق خىياللار بىلەن جىمىپ كەتكەندى. قارا قۇمچاقنىڭ
مىسكىن، بىچارە تۇرقىغا، دەردلىك كۆزلىرىگە قاراپ بىردىنلا
يۈرىكىمنى ھەسرەت چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قانداق تەسەل-
لى بېرىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدىم.

— يامانلىدىم دەپ قېچىپ چىقىپ ياخشى قىلماپلا، خېنىم،
ئۇ ئادەم شۇنچە ئەقىدىلىرىنى بىلسىغۇ بىر نۆرى، ناۋادا «يارىم
يامانلىغانىغا خۇش، مەن قۇتۇلغانىغا خۇش» دەپ ھېلىقى ئاشنىسى-
نى ئۆيگە ئەكىرىۋالسا ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ ئولتۇرمىسىلا
يەنە.

كۆتمىگەن يەردىن قىلغان بۇ بىر ئېغىز گېپىم قارا قۇمچاققا
خۇددى يەر يېرىلغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ يوغان قارا كۆزلى-
رى كۈچلۈك بىر ۋەھىمىدىن چەكچەيدى.

— راست، بۇ گېپىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى

ئىدرىس قارى.

— بۇ چاغقا ئاللىقاچان ئۆيگە ئەكىرىپمۇ بولدىمۇ تېخى، — دېدى ئىمىنجان.

ئېنىقكى، شۇ تاپتا خىزمەتداشلىرىم چاقچاق قىلىۋاتاتتى. ئەمما، قارا قۇمچاق يۇلۇپ تاشلىۋەتكەن مايسىدەك سولىشىپلا كەتكەنىدى. جىپ كاتاڭ چۆل يولىدا توختىماي سىلكىنەتتى، كۆزنەكتىن ئېتىلىپ كىرگەن ئىسسىق شامال بىلەن ئاچچىق شور بوخىناق دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى بوغاتتى. جىپنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى. ھەممەيلەن ئاللىقانداق خىياللارغا پاتقانىدى. شوپۇر ئۇستام بۇ زېرىكىشلىك كەيپىياتنى بۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر جىپنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئېچىۋەتتى. شۇ ھامان غاز - غۇژ ئاۋاز ئارىلاش ناخشا ياڭرىدى:

«سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن، يارىم؟
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
سېنى تاشلامدىمەن يارىم؟

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.»

— ئۇستام، ماشىنىنى توختاتسىلا!

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتۇق. شوپۇر ئۇستام ماشىنىنى جىددىي تورمۇزلىدى. كۆزلىرىمىز قاراقۇمچاقنىڭ قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگەنىدى.

— مەن چۈشۈپ قالاي، — دېدى قارا قۇمچاق جىپىنىڭ ئىشىكىنى سىلاشتۇرۇپ. شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكنى ئاچىدىغان تۇتقۇچنى تاپالماي ئاۋارە ئىدى.

— بۇ چۆلدە چۈشۈپ قېلىپ نەگە باراي دەيلا؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ. چۈنكى، يۇرت ئىچىگە بېرىش ئۈچۈن ماشىنىلىق يەنە ئون - ئون بەش مىنۇتلۇق يول بار ئىدى.

— ئۆيگە كېتىمەن، — دېدى قارا قۇمچاق قەتئىيلىك بىلەن، — بالامغا چىدىمىدىم...

قارا قۇمچاق ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتمەكچى بولغان ئالدىراڭغۇلۇق سەۋەبلىرىنى يوقۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارارىنى كۆڭلۈمدە قوللىساممۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ بۇ چۆلدىن يالغۇز چىقىپ كېتەلىشىگە دەرگۇمان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، كۆز يەتكۈسىز بۇ چۆللۈك قۇياش تەپتىدە بەئەينى ئوت دېڭىزىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— يۇرت ئىچىگە بېرىپ بىرەر ھارۋا كىرا قىلىپ قايتىپ كەتسىلە ئەمدى.

— ياق، مەشەدىنلا كېتىمەن. خاپا بولماي ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىلە.

ئىدرىس قارى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭغا بىر شىشە مىنېرال سۇ تەڭلىدىم.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ سۇنى يولدا ئۇسسۇزلۇق قىلارلا.

قارا قۇمچاق ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى:

— رەھمەت، مەن ئۇنداق ھارام نەرسىنى ئىچمەيمەن.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بىرئاز ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

— بۇ دېگەن پاكىز، ھالال سۇ! ھارام نەرسە ئەمەس.

— ئايال خەق ئۈچۈن شېشىنىڭ ئىچىگە قاچىلىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارام، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالساممۇ ئىمانىم-

نى بۇلغمايمەن.

قارا قۇمچاق شۇنداق دېدى - دە، بىزگە ئېگىلىپ بىر سالام قىلىۋېتىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ كەتكەن كالپۇكلىرىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. قۇياش چۆلگە ئوت پۈركەيتتى...



# باھار

## 1

بىرىنچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۈمبۈل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا قىز بىلەن يىگىت ياندىش ئولتۇرۇشىدۇ. كۆزلەر كۆزلەرگە تويماي قارىشىدۇ. بارماقلار بارماقلارغا كىرىشكەن. يۈرەكلەرگە ئۇرۇلغان تاتلىق - تاتلىق زەخمەكلەردىن تۇنجى سۆيگۈنىڭ شوخ سىمفونىيىسى ياڭرىماقتا...

## 2

ئىككىنچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۈمبۈل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا قىز بىلەن يىگىت تەتۈر قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. كۆزلەر جۈت - شىۋىرغان ئۇۋىسى. كىرپىكلەردىن تۆكۈلگەن قاردا يۈرەكلەر مۇزلىغان...

# 3

ئونىنچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپ-
پىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭ-
دار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكان-
تالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئىككى بېشىدا ياش ئەر بىلەن
ياش جۇۋان خىيالچان كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىككىنىچە
ئولتۇرۇشىدۇ.

ئەر تاماكىسىغا ئوت ياققان بولۇپ جۇۋاننىڭ چىرايىغا خۇپ-
يانە قارىدى. جۇۋاننىڭ مەڭزىدىكى ئۆز ۋاقتىدا يىگىتنىڭ يۈرى-
كىنى كۆيدۈرگەن چىرايلىق خالنىڭ ئورنى تاياق زەربىسىدىن
كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، خالنىڭ سېھىرلىك جۇلاسى غايىب
بولغانىدى. ئەرنىڭ يۈرىكى «ۋىژژىدە» ئېچىشتى. «تەگكەن ئې-
رىنى كۈنلۈكى يامان، تاياقچى دەۋاتقان، راست ئىكەن -
دە! ئىككى بالىغا ئاتا - ئانا بولغانىدىمۇ...»

دەل شۇ پەيتتە جۇۋانمۇ ئەرنى خۇپىيانە كۆزىتىۋاتاتتى.
«ئىككى بالىغا دادا بولا - بولمايلا ساقال - بۇرۇتىنى بوۋايلاردەك
ئۆستۈرۈۋالغىنىنى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كىر قىلماي، ساقى-
لىنى كۈندە بىر قىزدۇرۇپ چاقماقتەك يۈرىدىغان ۋاقتىغۇ بۇ
ئۇنىڭ، تازىمۇ بىر بولۇمسىز خوتۇنغا ئۆيلىنىپ قالغان
ئوخشايدۇ...»

جۇۋان ئەرنىڭ يۈزىدىكى روشەن تىرناق ئىزىنى كۆرۈپ،
خۇددى يۈرىكى تاتىلانغاندەك ئازابلاندى.

— ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ؟ — سورىدى ئەر چىرايىغا زورىغا
كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ياخشى، — جۇۋان ئالدىراپ - تېنەپ جاۋاب بەردى، —
بالىلىرىمۇ شۇنداق تاتلىق، ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئېرىم-

مۇ بەك كۆيۈندۇ. ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟
— مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى. تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك. ئايا-لىم بەك ھالىمغا يېتىدۇ.
شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

## 4

ئوتتۇزىنچى باھار.
ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپ-پىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭ-دار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكان-تالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا بوۋاي بىلەن موماي ئولتۇرۇشى-دۇ. بوۋاينىڭ چاچ - ساقاللىرى تامام ئاقارغان، تاماكا تۇتقان قولى ئاجىز تىترەيدۇ. مومايىنىڭ مەڭزى سولاشقان ئالمىدەك رەڭسىز، كۆزلىرى نۇرسىز، بويۇنلىرى خالتىلاشقان، چاچلىرى كۇمۇشتەك ئاپئاق.
بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرىنى مومايغا تىكتى: «خىيالچان قا-راشلىرى مەرھۇمەگە نېمىدېگەن ئوخشاپ قالغان - ھە! ئۆمرى ئوخشاپ قالمىغاي ئىلاھىم...»
مومايىنىڭ كۆڭلىمۇ ئەنسىز: «ياش بىر يەرگە بارغاندىمۇ تاماكىنى تاشلىمىغىنىنى، مەرھۇمە دوختۇرنىڭ نەسىھەتىگە قۇ-لاق سالماي تاماكىنى تاشلىمىغانتى. ئاخىر ئۆپكە راكى بىلەن... خۇدايىم ئۇنىڭ تېنىنى سالامەت قىلار...»
— ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ — سورىدى بوۋاي كۆيۈنگەن ھالدا.
— خۇداغا شۈكرى، — دېدى موماي، — باللار، نەۋرىلەر يوقلاپ تۇرىدۇ. بوۋاينىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى. ماڭا بۇرۇنقى-دىنمۇ بەك كۆيۈندۇ. ئۆزلىرىچۇ؟

— مىنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى. بىر نەۋرەم داۋاملىق قىشىمدا. مومايمۇ تىمەن تۇردى. چاي - تامىقىمنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىسسىق تەييارلاپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا بەك ياخشىكەن.

ھەر ئىككىلىسى شۇنداق دېگەچ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى تولىمۇ ياسالما ئىدى. چۈنكى، بوۋايمۇ مومايىنىڭ تۇللۇقىنى، مومايمۇ بوۋاينىڭ بويتاقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

## 5

يەنە بىر باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتال ئاستىدىكى ئورۇندۇق قۇپقۇرۇق…



# گۈللۈكتىكى پاراڭلار

## 1

«گۈررىدە» كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازى خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ رېشاتكىسىغا قونۇۋالغان ئاۋۇت ئەپەندى ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ خىزمەتداشلىرىغا كۈلكىلىك پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتسا كېرەك، ياشلاردىن بىرنەچچىسى تېلىقىپ قالغانىدى.

«ھاراق سورۇنلىرى ئاز كەلگەندەك ئەپسانە ـ لەتىپىلىرىنى ئەمدى ئۇدۇل كەلگەن يەردىلا سۆزلەيدىغان بوپتۇ ـ دە، دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا سۆزلىسىغۇ بىر نۆرى. ئەمما، قىز ـ ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياش خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىنى ساقلىغىنى تۈزۈكتى. ئاغزىنى ‹ھا› قىلىپ ئاچسىلا كىندىكىنىڭ تۆۋىنىدىن پاراڭ باشلىغان…»

— ئەرشىدىن، ھاي ئەرشىدىن! — ئاۋۇت ئەپەندى ئۆزىگە بويۇنداپ قاراۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىنى كۆرۈپ توۋلىدى، — مەن تېخى سىلىنى ئىزدەي دەپ تۇرغان. مۇنداق گەپ، ئاداش. بايام سەن يوق بىرقانچىمىز مەسلىھەت قىلىشتۇق. ئىدارىدە يېشىمىز ئەللىككە تاقىغان ھەم ھالقىغانلاردىن ئون نەچچەيلەن بار ئىكەنمىز. بىرنەچچە سايىماخۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەل بىر ئۈستەللىك بولىدىكەنمىز دەڭلا. شۇڭا ھەر ئون بەش كۈندە بىر

قېتىم ئەللىك سومدىن پۇل چىقىرىپ خاس رېستوراندىلا چاي ئويناپلى دېيىشتۇق. سىلىچە بوپتۇمۇ؟

— ۋاقتى - قەرەلىنى بەلگىلىۋېلىپ، ۋەزىپە قىلىپ تۇرۇپ هاراق ئىچمىز دەڭلار، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندى مەسخىرى-لىك تەلەپپۇزدا.

— ئەلۋەتتە، ۋاقتىدا قاتناشمىغانلارنىڭ، كېچىككەنلەرنىڭ جەرىمانىسىمۇ بار تېخى. قانداق، ئۆيگە كىرىپ قۇشناچىمدىن سوراپ چىقامسىلە ياكى گەپنى مەشەدىلا كېسەمسىلە.

— خوتۇندىن سورايدىغان ئىش بولۇپ قالسا ئەلۋەتتە سورى-مىساق بولمايدۇ.

— هە، ئۇنداق بولسا ئەكېلىڭلار ئەللىك كوينى. بىرىنچى سورۇننى مەن باشلاپ بېرىدىغان بولدۇم.

— يېنىمدا بار پۇلغا هېلىراقتا ئۆيگە بىر خالتا ئۇن ئەكېلى-ۋېتىپتىمەن، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندى، — باشقىلاردىن يىغ-قاچ تۇرۇڭلار، ئۆيدىن ئاچىقىپ بېرەي.

— خوتۇندىن سوراپ ئاچىقىمەن دەڭلا، قىغ…، — ئاۋۇت ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — تېزرەك بولۇڭلار ئەمىسە. سىلىنىڭغۇ ئۆيدىن پۇل ئاچىقمىقىڭلار خوتۇ-نۇڭلىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرمىقىڭلىدىنمۇ تەس ها - ها…

## 2

يەنە شۇ ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈك. تۆمۈر رېشاتكى-غا قونۇۋالغان ئاۋۇت ئەپەندىنىڭ ئەپسانە - لەتىپىلىرى كۈلكە قوزغىماقتا. تۇيۇقسىز گۈرۈلدەپ ئوت ئالغان موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاۋۇت ئەپەندىنىڭ سۆزلەۋاتقان لەتىپىسىگە تەسىر يەتكۈز-دى. ئۇ بىزارلىق بىلەن قاردى. ياپونىيىنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل «HONDA» ماركىلىق يېپيېڭى موتسىكلىتى بىر خىل

ئاۋازدا گورۇلدەيتتى. ياش يىگىت موتسىكلىتنى قوزغاپ ئۇچقاند- دەك كۆزدىن غايىب بولدى. ئاۋۇت ئەپەندى سۆزلەۋاتقان لەتىپە- سىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارغان بولۇپ، چىرايى غورا يەۋاتقاندەك پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇ سويمىنىڭ تونۇگۈن خىزمەتكە چىقىپ موتسىكلىت مىنىۋېلىشلىرىنى، مائاشىغۇ تايىنلىق، — ئاۋۇت ئەپەندى غو- تولداشلىرىغا ھېچكىمنىڭ پىكىر قاتناشتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — پارىغۇ باشقىلاردىن ئاشمايدۇ. ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلدىمۇ - يە!

— ئۆزىنىڭ ئەمەس، دوستىنىڭ موتسىكلىتى، — دېدى ياشلاردىن بىرى ئىزاھات بېرىپ.

— ھە، مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن، — دېدى ئاۋۇت ئەپەن- دى تۇرۇلگەن چىرايىغا «ۋالىلىدە» كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — خەقنىڭ موتسىكلىتىنى تىلەپ مىنىپمۇ ئۆزىنى بىلمەي قالغىنىنى، ئەدەپ- سىز. پوچىلىق قىلىپ غارقىراپ كېتىشلىرىنى. ناۋادا ئۆزىنىڭ شەخسىي موتسىكلىتى بولغان بولسا قانچىلىك قىلاتتىكىن. ئې- شىكى يوققا ئېشەك ئېلىپ بەرسە، مىنىپ ئۆلتۈرۈپتۇ دېگەندەك ...

ئاۋۇت ئەپەندىنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە سىرتتىن ۋېلىسى- پىت مىنىپ كەلگەن ئەرشىدىن ئەپەندى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ ۋېلىسىپىتى بەكمۇ كونا بولۇپ، مىنمەي يېتىلەپ ماڭسىمۇ غىچىرلاپ تۇراتتى.

— بىر ئايلىق مائاشىڭغا يېڭى ۋېلىسىپىتتىن ئۇچى كېلە- دۇ، — دېدى ئاۋۇت ئەپەندى ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ ۋېلىسىپىتى- گە قاراپ، — بۇ ئەبجەق ۋېلىسىپىتنى غىچىرلىتىپ مىنمۇەرمەي يېڭى ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئېلىڭلار ئەمدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن، ئادىشىم، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ھازىر چىققان ماللارغا

ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. بازارنى پۈتۈنلەي ساختا مال قاپلاپ كەتتى. مېنىڭ بۇ ۋېلىسىپىتىم كونا بولغىنى بىلەن جىڭ مال. قاراڭلار ماركىسىغا، شاڭخەينىڭ ھەقىقىي «كەپتەر» ماركىسى. يېڭىلىدىم دەپ جا ۋېلىسىپىتكە مىنگۈچە كونا بولسىمۇ جىڭىغا مىنگەن ياخشى - دە.

## 3

— ھەي، تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ جۇمۇ، ھازىر ئادەملەر پۇل تېپىش ئۈچۈن نېمە ئويۇنلارنى ئوينىمايدىغان بولۇپ كەتتى دەيسىلەر، — ئاۋۇت ئەپەندى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ رېشاتكىسىغا قونۇۋېلىپ قولىدىكى بىر پارچە گېزىتنى پۇلاڭلاتقىنىچە، ئالدىدا بىر تىزىملىكنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدارە ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ كادىرىغا سۆزلەۋاتاتتى، ئەتراپىغا بىرمۇنچە خىزمەتداشلار ئولاشقانىدى، — ئىئانە دېسە خەقكىمۇ بولۇپ بېرىدىكەن. ئەمدى بالىسى ئاغرىپ قالسىمۇ كېسەلنى قەستەن ئېغىر كۆرسىتىپ ياردەم قىلىڭلار دەپ گېزىتكە خەۋەر بېرىۋاتقان. دېسەم - دېمىسەم ھەرقاچان گېزىتخانىدىكىلەرنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئويناۋاتقان ئويۇنىدۇ بۇ. ھەي… مۇشۇ ئىئانىنى - زە، — ئاۋۇت ئەپەندى نېرىراقتا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىنى كۆرۈپ قېلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى، — ئەرشىدىن، ھاي ئەرشىدىن، كېلىڭلار مەيەرگە، گەپ چىقىپ قالدى، — ئۇ ئەرشىدىن ئەپەندى يېقىن كېلىشى ھامان ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — قېچىپ تۇرماي يېقىنراق كېلىڭلار، ئادىشىم. سىلى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈشگە ياردەم بېرىمەن دەپمۇ پۇل ئەۋەتكەن نوچى بولغاندىكىن، ماۋۇ ئىشقىمۇ پۇل ئىئانە قىلىڭلار نېرى تۇرۇۋالماي.

— نېمە ئىشكەن؟ — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندى قىزىققان

هالدا.

— ماۋۇ ئاداشنىڭ خۇپسەنلىكىنى. پۇل بېرىش ئېغىر كېلىۋاتىدۇ - ھە سىلىگە، — دېدى ئاۋۇت ئەپەندى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، — نېمە ئىش بولاتتى. خەقنىڭ بالىسى ئېغىر كېسەلكەن، داۋالىتىشقا ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلى قالماپتۇ. گېزىتكە ئىئانە قىلىڭلار دەپ «مۇراجىئەتنامە» چىقىرىپتۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىكارچىلىقتا زېرىكىپ، قىلغىلى ئىش تاپالماي ئىئانە جۇغلاشقا كىرىشىپتۇ.

ئەرشىدىن ئەپەندى ئۈن - تىنسىزلا ئاۋۇت ئەپەندىنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئېلىپ «مۇراجىئەتنامە»نى تېزلا ئوقۇپ چىقتى - دە، قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، بىر قۇر ساناپ چىققاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرىغا تەڭلىدى.

— مەڭ، بەش يۈز سەككىز كوي. يېنىمدا بارى شۇ ئىكەن.

ئەرشىدىن ئەپەندى شۇلارنى دېدى - دە، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىدىن چىققان غىچىرلىغان ئاۋاز خېلى بىر يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى...



# پوۋېستلار

# تەنها شەھەر

## 1

شەھەر بۇگۇنمۇ تۇمانلىق ئىدى. شەھەرنى قاپلىۋالغان بىر قەۋەت تۇمان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا سەت لاللىيىپ تۇراتتى. خۇددى ئۇرمانغا ئوخشاش سانجاق - سانجاق گىمدىيىپ تۇرغان بىنالار ئارقىسىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياشنىڭ جامالى رەڭسىز - جۇلاسىز، تەپتى مۇزلاپ قالغاندەك سوغۇق. ئۈستى تۇمان ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان، بىر - بىرىدىن ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالار بۇ شەھەرنىڭ سۆلەتۋاز، ھاكاۋۇر، مەمەدان ئادەملىرىدەك گىمدىيىپ تۇرغىنى تۇرغان. خۇددى سالام - سەھەت قىلىش ئەنئەنىسىنى يوقاتقان، كۈندىن - كۈنگە ياتلىشىپ كېتىپ بارغان شەھەرلىكلەردەك.

شەھەردە ئادەملەر مىغ - مىغ، ماشىنا سەپ - سەپ، بىنالار ئۇرمان. تۇمان ئارىسىدا خىرە كۆرۈنىدىغان قۇياشنىڭ نۇرى كۆز قاماشتۇرالمايدۇ. خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جۇلاسىنى يوقاتقان مېھىر - شەپقەتتەك.

ئانىنىڭ قەدەملىرى تولىمۇ ھارغىن، چىرايى سولغۇن، چەت - چېكىگە كۆز يەتمەس جەزىرىدە نىشانىنى يوقاتقان، ئاداشقان تەنھا يولۇچىدەك ئۈمىدسىز. چۈنكى، ئۇ بۇ مەركىزىي شەھەرگە قەدەم باسقىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچىلا تونۇشسىز، سىرداشسىز. ئانىنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، گەپ خۇمار، دوست خۇمار، ئەقىدىلىك. بىر•كۆرگەن

دوست، ئىككى كۆرگەن تۇغقان. ئەمما، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى باشقىچە، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىقىدىن ئىبارەت كاتتا ئەنئەنىسىنى بۇلاردىن تېپىش قىيىن. شەھەرلىكلەرگە نىسبەتەن پۇل، پەقەت پۇللا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ، ئىشەنچنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، ئۇ بۇ مەركىزىي شەھەردىكى مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا تىكەندەك تەنھا ياشىماقتا. ئۇ جەنۇبنىڭ ئاشۇ يىراق سەھراسىدىكى ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتىپىدىكى جاپاكەش، ئەمما دىلكەش، كۆيۈمچان، ئەقىدىلىك خىزمەتداشلىرى بىلەن، يالاڭ ئاياغ، يىرتىق كىيىملىك، توپا چىراي، ئەمما مېھرى ئىسسىق، ئىللىق، ئوماق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىدۇ، سىردىشىدۇ. تاغ كۆتۈرۈپ بولالماس دەرد ـ ھەسرىتىنى ئايىماي تۆكىدۇ… دەردلىك يۈرىكى توختىماي نىدا قىلىدۇ.

«قىزىم، ئوماق قىزىم، تاتلىق قىزىم، باغرىم، جىگىرىم قىزىم، سەن نەدە؟ ئۆزۈڭنى مەندەك بىچارە، ناتىۋان ئاناڭدىن ئەيقىپچىۋاتامسەن ياكى سېنى شەھەردىكى مۇشۇ ئورمان كەبى بىنالار يۇتۇپ كەتتىمۇ؟ سېنى دەپ سەرسان ـ سەرگەردان بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن، قىزىم…»

ئانا ئوتتۇز نەچچە كۈندىن بېرى بۇ چەكسىز جەزىرىدىن، سانجاق ـ سانجاق ئورمانلار ئارىسىدىن قىزىنى ئىزدەشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. قايناق شەھەرگە، مىغ ـ مىغ ئادەملەرگە، ھاكاۋۇرلارچە گىدىيىپ تۇرغان بىنالارغا ئۆچ بولدى. ئانا قەددىمدە بىر كۆز ئالدىنى توسۇۋالغان بىنالارنى غايەت زور قورام تاشقا ئوخشىتاتتى ـ دە، «يېرىلىڭ، تاشىم» دېگەن چۆچەكنى ئېسىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ ئېگىز بىنالار چۆچەكتىكى زامانىنىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىماي نالە قىلغان ناتىۋان قىزنى «پاراسىدە» يېرىلىپ قوينىغا ئېلىۋالغان قورام تاشنىڭ

دەل ئۆزى ئىدى. چۈنكى، ئۇ قىزىنىڭ شەھەردىكى ئاشۇ سانجاق - سانجاق بىنالارنىڭ بىرىدە تۇرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ پات - پات ئاشۇ بىنالارغا قاراپ دەردلىك پىچىرلايتتى.

«يېرىلىك تاشىم، يېرىلىك. مەن قىزىمىنى كۆرۈۋالاي...»

بىراق بىنالار ئانىنىڭ نىداسىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ پەرۋا قىلمىغاندەك گىدىيىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ چۆچەكتىكى ئانىدىنمۇ بەك بەختسىز ھېس قىلىپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۈمىدىنى ئۈزمەي پىچىرلايتتى، يېلىناتتى.

«يېرىلىك تاشىم، يېرىلىك. مەن قىزىمىنى كۆرۈۋالاي...»

ئانىنىڭ خىياللىرى تولىمۇ گادىرماچ ئىدى. ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان تۇيغۇلار كاللىسىدا تۇرلۇك ئەسلىمىلەرنى پەيدا قىلاتتى.

«شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك تېزلىشىپ كېتىپتۇ. بىنالىرىنى دېمەيلا قوياي، يوللىرىمۇ ئىككى قەۋەتكەن تېخى...»

ئالدىنقى يىلى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە بۇ شەھەرنى كۆرۈپ، تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولغان مەكتەپ مۇدىرى، ئاغزىدىن ماغزاپ چاچرىتىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتكەنىدى. ئەمما، مۇئەللىمە ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گەرچە ئۇ كاتتا شەھەرگە بېرىپ باقمىغان، مەكتەپ مۇدىرى ئېيتقان ئاجايىباتلارنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك ئۇنچە ھەيرەتتە قالمىدى، كاللىسىنى مۇجمەل پىكىرلەر چىرمىۋالدى.

«بىرەر شەھەرنى ئاشۇنداق كاتتا ياساپ - جابدۇپ قويغىنىغا

قاراپ، هاياجانلىنىپ ئۆزىنى بىلمەي تەرەققىيات ھەققىدە مەمە-
دانلىق قىلىپ سۆزلەپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ مۇدىرنىڭ.
بەلكىم ئۇ شەھەر ئاشۇنداق تەرەققىي قىلىسا قىلغاندۇ. لېكىن،
بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇشۇنچىلىك. دېھقانلار لاي تاملىق، سامان
سۇۋاقلىق، زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيدىن تېخى قۇتۇلغىنى يوق.
مەكتىپىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ تايىنلىقلا، ئىشخانا، دەرسخانىلىرد-
مىزدىن يامغۇر ئۆتىدۇ. تەنتەربىيە مەيدانلىرىمىزدىن توپا توزۇي-
دۇ. بىزنىڭكىنى دېمىگەندىمۇ مۇدىرىمىزنىڭ ئاۋۇ ئېسىل ئورۇن-
دۇقىمۇ غىچىرلاپلا تۇرىدۇ...»

ئانا بۇ مەركىزىي شەھەرگە قەدەم بېسىپلا مەكتەپ مۇدىرى
ئېيتقان كاتتا تەرەققىياتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شەھەرنىڭ
كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك بىنالىرىنى كۇمىلاچ تاملىق،
قىڭغىر - قىيسىق دېھقان ئۆيلىرىگە، مەرمەر ياتقۇزۇلغاندەك
پارقىراپ تۇرىدىغان قوش قەۋەتلىك يوللىرىنى، رەڭدار كاھىشلار
ياتقۇزۇلغان پىيادىلەر يولىنى ئاشۇ يىراق سەھرانىڭ توپا يوللىرد-
غا سېلىشتۇردى. ئاشۇ ھەشەمەتلىك بىنالارنى دېمىگەندىمۇ شە-
ھەردىكى تام - پوللىرىغا چىنە خىش چاپلانغان ھاجەتخانىلارمۇ
ئۇنىڭ مەكتىپىدىكى تام تورۇسلىرىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان
ئىشخانا، دەرسخانىلاردىن يۈز ھەسسە ئېسىل ئىدى.

ئانا بىنالارغا ئۆچ بولغانىدى. ئۇ ئاشۇ يىراق سەھرادىكى
ماددى ۋە مەنىۋى نامراتلىقنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي قاششاقلىق-
نىڭ سەۋەبىنى ئاشۇ ئېگىز بىنالاردىن ئىزدەيتتى. گويا دۆلەت-
نىڭ ئاشۇ چەت - يىراق سەھرانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجراتقان
مەبلەغلىرى ئاشۇ ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ تاملىرىغا چاپ-
لىنىپ كېتىپ بارغاندەك.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا چېلەكتە قۇيغان-
دەك شارقىراپ ياغقان يامغۇر ئانىنىڭ خىياللىرىنى چالغىيتتى.
ئۇ يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن دەرھال ئېگىز بىنانىڭ ئاستى-

دىكى ھەشەمەتلىك سودا سارىيىنىڭ ئىچىگە يۈگۈردى. ئۇ يېقىن-
دىن بېرى بۇ شەھەرنىڭ ھېلى ئېچىلىپ، ھېلى تۇتۇلىدىغان،
تۇتۇلۇشى ھامان يامغۇر ياغىدىغان ئۆزگىرىشچان ھاۋاسىغا خېلىلا
كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە يامغۇردا قالسا تام تۈۋىگە،
بىنالارنىڭ لەمپىسى ئاستىغا بېرىپ دالدىلاندى. ئەمما، بۇ شە-
ھەرنىڭ يامغۇرى پات - پات يېغىپ تۇرغىنىغا قارىماي قاتتىق
ياغاتتى، تام تۈۋى، لەمپىلەر دالىدا بولالمايتتى. ئاننىڭ
كىيىم - كېچەكلىرى ئوخشاشلا ھۆل بولاتتى، پۇت - بەللى-
رى ئۈيۈشۈپ ئاغرىيتتى. كېيىنچە ئۇ سۆلەتۋاز شەھەرلىك-
لەرنى دوراپ سودا - سارايلارغا كىرىۋېلىپ يامغۇردىن دالدىلى-
نىدىغان بولدى. سودا - سارايلىرى ھەم پاكىز، ھەم ئىسسىق
ئىدى. چوڭراق سودا - سارايلىرىنى تەپسىلىي ئارىلاش ئۈچۈن
ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت ئاران يېتەتتى. ئانا يامغۇر ياغمىغان
ۋاقىتلاردىمۇ سودا - سارايلىرىغا كىرەتتى. مەقسىتى بىرنەرسە
سېتىۋېلىش ئەمەس ئىدى، ئۇ قىزىنى مۇشۇنداق سودا -ساراي-
لاردا ئۇچرىتىپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. «قىز بالا
دېگەن كىيىمگە ئامراق كېلىدۇ. بىكار قالسا چوقۇم ماگىزىن
ئارىلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كىيىم - كېچەك ساتىدىغان سودا -
سارايلاردا ئەرلەردىن ئاياللار كۆپ بولىدۇ...»

ئانا سودا - سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە
چىقىدىغان لىفتقا شۇنداقلا قاراپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى.
لىفت بىلەن يۇقىرىغا چىقىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغان زىلۋا
بويلۇق بىر قىز، توغرىسىنى ئېيتقاندا قىزنىڭ بېلىدە سويلاپ
تۇرغان بىر تال توم ئۆرۈمە چېچى ئۇنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى
تارتقانىدى، ئاننىڭ تەسەۋۋۇرىدا قىزىنىڭ چېچى ئۇنىڭدىنمۇ
ئۇزۇن ئىدى. ئانا قىزىنى ھەرقاچان ئۇزۇن بىر تال چېچى
تېقىمىدا سويلاپ تۇرغان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەپ-
سۇسكى، ئانا بۇ شەھەرگە كەلگەن بىر ئايدىن بېرى ئاشۇنچىلىك

چېچى ئۇزۇن قىزلارنى ئۈچرىتىپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ چاچ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن ۋە ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىپ بارغان قىزنى قىزىممىكىن دەپ قالغانىدى.

ئۇ قىزىنىڭ چېچىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە، ئۇ قىزىنىڭ چېچىنى تاراشنى جەڭ قىلغانغا ئوخشىتاتتى. كەپسىز قىزى تەڭتۇشلىرى بىلەن توپا - تۇمانلار ئارىسىدا ئويناپ چېچىنى ئاسانلا كىر قىلىپ پاخپايتىۋالاتتى، ئاشۇ كىر، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچنى تاراپ بولغۇچە ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا ئوبدانلا جېدەل بولاتتى، قىز چېچىمنى يۇلۇۋەتتىڭ دەپ قاقشايتتى. ئانا قىزىنى چىدىماسلىقتا، كىر - مەينەتلىكتە ئەيىبلەيتتى. قىزىنىڭ يەتتە ياش ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، قىرىق تال ئۇششاق ئۆرۈپ، جىگدە يېلىمىدە پاتلاپ قويغان چېچى دولىسىغا چۈشكەنىدى.

— تەپكۈچ چېچىم ياخشىكەن، — دەيتتى قىزى چېچى قىسقا ۋاقتىدا بېشىنىڭ چوققىسىغىلا بوغۇپ قويغان چېچىنى ئېسىگە ئېلىپ دومسايغان ھالدا، — ئۇزۇن چاچنى تاراپ بولغۇچە چاچ يۇلۇنۇپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋېتىدىكەن.

— ئۇنداق جېنى ۋىسىللىق قىلما، قىزىم، — دەيتتى ئانا قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — يەنە بىر - ئىككى يىل ئۆتسە چېچىڭنى ئۆزۈڭ تارايسەن. چېچىڭ يۇلۇنمايدۇ، بېشىڭمۇ ئاغرىمايدۇ.

قىزىنىڭ يېشىنىڭ، بويىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چېچىمۇ ئۇزىراپ باردى. ئۇزۇن چاچ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغان قىزچاقنىڭ ھۆسنىگە باشقىچە ھۆسن قوشتى. ئانا قىزىنىڭ چېچىغا ھەر قارىغاندا باشقىچە سۆيۈنەتتى. قىزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان مەزگىللىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى قىزى مەكتەپتىن دومسايغان پېتى قايتىپ كەلدى.

— نېمە بولدى ساڭا؟ — سورىدى ئانا قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— مۈشۈ چېچىمنىڭ دەردى بولمامدۇ، — دېدى قىزچاق سومكىسىنى سۇپىغا «پالاققىدە» تاشلاپ.

— چېچىمنىڭ دەردى؟

— شۇنداق، — دېدى قىزچاق دادلاپ، — ئارقامدا ئولتۇرغان ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم دەرس ۋاقتىدا چېچىمنى ئورۇندۇقۇمنىڭ يۆلەنچۈكىگە باغلاپ قويۇپتىكەن، پەقەتلا تۇيماپتىمەن، دەرستىن چۈشكەندە شۇنداقلا ئورنۇمدىن تۇرسام چېچىم تارتىشىپ قېلىپ بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى، — قىزچاق كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۈمچەيدى. قىزچاققا راستىنلا ئۇۋال بولغانىدى. يۈرىكى ئېچىشقان ئانا قىزىنى باغرىغا باستى، قىزىنى بوزەك ئەتكەن ئاشۇ ئوغۇللارنى ئىچىدە ئەيىبلىدى.

— خاپا بولماڭ، ئاپئاق قىزىم، مۇئەللىمىڭىزگە دېمىدىڭىزمۇ؟

— مۇئەللىمگە دەي دېگەن، بىراق ئۇلار مۇئەللىمگە دېمىگىن، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇلار گۇناھىنى تونۇغان بولسا مۇئەللىمگە دېمىگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئانا، — قىز بالا دېگەن ئەپچان بولغان ياخشى.

— چېچىمنى ئازراق كېسىۋېتەيلىمۇ، ئانا؟

— ياق، — دېدى ئانا قىزىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، — چاچ دېگەن قىز بالىنىڭ سۆلىتى ھەم بەختى. ئۇزۇن چاچ قىز بالىغا ئامەت ئەكېلىدۇ. قىز بالىنىڭ چېچى كېسىلىپ كەتسە بەختى كېسىلىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ھېلىمۇ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. قىزى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغاندا ئۇزۇن، توم ئۆرۈمە چېچى كاسىسىغا

چۈشكەندى.

ئانىنىڭ ھارغىن پۇتىغا جان كىردى. سودا سارىيىدىكى خۇددى ھېسسىپكە كەپلەشكەن گۈرۈچتەك تىقما - تىقماق ئادەملەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. كۆزلىرى ئاشۇ بەلدە سويلاپ تۇرغان بىر تال توم ئۆرۈمە چاچتا ئىدى. دەردلىك، ئاجىز يۈرىكى چۇقان سالاتتى.

«قىزىم، جېنىم قىزىم، توختا، ئاناڭ مانا بۇ يەردە!»

ئانا سودا سارىيىنى خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىدى. بىرىنچى قەۋەتتىن يەتتىنچى قەۋەتكە، يەتتىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتكە يەتتە قېتىم چىقىپ چۈشتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، شۇنداقتىمۇ ھەربىر ئادەمنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمىدى. چىپ - چىپ تەردىن پۈتكۈل ئەزايى خۇددى قارا يامغۇردا قالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھارغىنىنىمۇ، ئاچقىنىنىمۇ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. سودا سارايىنى تاقايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر سىرتقا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئانا ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىر كۈن خۇددى ساراڭلاردەك مۇشۇ سودا سارايىنى توختىماي ئارىلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچىيىشكە باشلىغان قىزىنى تېپىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۈمىد شامى خۇددى كەچكى قۇياشتەك ئاستا - ئاستا ئۆچتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزى سەلدەك ئادەملەر توپىدىن ئۇزۇن، توم ئۆرۈمە چاچلىق يۈرەك پارىسىنى ئىزدەيتتى.

«ھېلىقى ئۇزۇن چاچلىق قىزنى ئەجەب يىتتۇرۇپ قويدۇما؟ گۆھەر قىزىم شۇ بولغىيمىتتى. شۇ، چوقۇم شۇ، چۈنكى بۇ شەھەردە ئۇزۇن چاچلىق قىز پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ئۇماق گۆھەر قىزىم.»

## 2

مۆئەللىمە ئانا قىزىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىپ ئىككى يىلغىچە خېلىلا خاتىرجەم ياشىدى. ئۇ ھەر قېتىملىق تەتىلدە قايتىپ كەلگەن يۈرەك پارىسىنى باغرىغا باسقىنىدا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن، توم ئۆرۈمە چېچىنى قېنىپ - قېنىپ پۇرايتتى، «ھەر نېمە بولسا چېچىڭنى ياخشى ئاسراپسەن، قىزىم» دەيتتى سۆيۈنۈپ.

ئانا قىزىدىن پەخىرلىنەتتى، ئۇمىدىنى ئاقلاپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنەتتى. قىزى ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىگە مەلھەم بولغانىدى. لېكىن، قىزىنى ئالىي مەكتەپكە يولغا سېلىش ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى.

— ئانا، تەييارلىق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماسلىق قارارىغا كەلدىم.

— نېمىشقا؟

قىزىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن قىلغان بۇ گېپى ئانىنىڭ بىردىنلا ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— ئوقۇش پۇلى بەك يۇقىرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش ماتېرىيالى، تاماق - ياتاق خىراجىتى ۋە باشقا پارچە - پۇرات خىراجەتلەرنى قوشقاندا بىرمۇنچە پۇل بولۇپ كېتىدىكەن، — قىز كالللىسىدا خېلى بۇرۇن تەييارلىق قىلىنىۋالغاندەك ئالدىرىماي سۆزلەيتتى، — سىزنى قىيىنغۇم يوق، جېنىم ئانا. ئوقۇش پۇلى تۆۋەنرەك تېخنىكوملارنىڭ بىرەرىدە ئوقۇيمىكىن دەيمەن.

— يوق يەپسەن!

ئويلىمىغان يەردىن قىزىنىڭ ئوقۇشتىن يالتىيىۋېلىشى ئانىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىزىنى تۈنجى قېتىم ئاشۇنداق سەت گەپ بىلەن تىلللىدى.

— كەچۈرگىن، قىزىم، — دېدى ئانا دەرھال قىزىدىن ئەپۇ

سوراپ، — ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي سەت گەپ قىلىپ سالدىم. مېنى ئايىغىنىڭنى چۈشىنىمەن، قىزىم. ئىنساپىڭغا رەھمەت. ئەمما، مېنىڭ سېنى تامامەن ئوقۇتقۇچىلىكىم بار. كىچىك ۋاقىتىڭدىن باشلاپ سېنى ئوقۇتىمەن دەپ ھەر ئايلىق مائاشىمدىن ئايرىم ئامانەت قويغانمەن. شۇڭا بۇ تەرەپتىن باش قاتۇرۇپ يۈرمەي خاتىرجەم ئوقۇشۇڭنى بىل. ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇساڭ ماڭا شۇ كۇپايە.

— رەھمەت، ئانا!

قىز ئۆزىنى ئانىنىڭ باغرىغا ئاتتى. ئانا - بالا بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى خېلى ئۇزاق تىڭشاپ تۇردى.

قىز ھەر قېتىم تەتىل قىلىپ كەلسە ئانىنىڭ قولىنى سوۋۇتۇپ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشاتتى، يوتقان - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ، دېرىزە پەردىلىرىنى ئېلىپ يۇياتتى، تام - تورۇسلىرىدىن تارتىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئالا قويماي تازىلاپ، خۇددى يالغاندەك قىلىۋېتەتتى، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى، ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ھەققىدە زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيتتى.

— سىزمۇ بىر ئامال قىلىپ ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەرگە يۆتكىلىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ، ئانا. قاچانغىچە بۇ سەھرادا توپا كېچىپ يۈرىمىز كىنتاڭ؟

ئۈچىنچى يىلى يازلىق تەتىلدە قايتىپ كەلگەن قىزنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بۇ گېپى ئانىنىڭ يۈرىكىگە بىگىز بولۇپ سانجىلدى.

— داداڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى ئانا تاتارغان ھالدا.

— ياق، — دېدى قىزى كەسكىنلىك بىلەن، — كىچىك ۋاقتىمدا تاشلىۋەتكەن ئادەمنى ئەمدى ئىزدەپ نېمە قىلاي. ئىزدەپ كەلسىمۇ يۈزىگە قارىماسمىنا.

ئانىنىڭ يۈزىگە بىر ئاز قان يۈگۈردى. ئۇ قىزىنىڭ جاۋابىغا ئىشەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرىكىنىڭ ئاغ-رىقى بېسىلمىدى. قىزى بىلىپ - بىلمەي ئۇنىڭ يۈرەك يارىسى-نى تاتىلاپ قويغانىدى.

«بەلكىم دادىسى بىلەن بىر ئۆيدە بولغان بولسام بۇ بەخت-سىزلىك يۈز بەرمەس بولغىيتتى. بالا ئۈچۈن ئانا تەربىيىسىمۇ زۆرۈر، لېكىن دادا تەربىيىسى تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەن. قىزىمنى دادىسىزمۇ تەربىيىلەپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلاپ خاتا قىلغانىكەن-مەن. بۇنى بۇرۇنراق چۈشەنگەن بولسام قىزىم ئۈچۈن ئۈنچىلىك ھاقارەت، دەردلەرگە چىداشلىق بېرەركەنمەن. بىراق تالاغا قاراپ قالغان، ئۈجمە كۆكۈل، ۋاپاسىز ئەرنى ئۆيگە سولىۋېلىشنىڭ، باغلاپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق - دە. ۋۇجۇدىدا ئايالىغا، پەرزەنتى-گە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت بولمىغان ئەرنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن. ئۇنداق ئەرنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى···»

ئانا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېغىر خۇرسىندى.

## 3

ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئۈچ يىل بىللە ئوقۇغان، مۇشۇ يىراق سەھرادىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە بىللە خىزمەتكە چىققان، قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا يارىشىملىق بۇرۇ-تى بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا ئالاھىدە سۆلەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان، تەنھەرىكەتچىدەك بەستلىك مەيدىسىنى ئەركەكلەرگە خاس قويۇق چۈپۈر باسقان يىگىتنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يىگىتنىڭ ئاشۇ يارىشىملىق بۇرۇتىغا ئاشىق بولغان، شۇ سەۋەبلىك يىگىتنىڭ توي قىلىش تەكلىپىگە ئىككىلەنمەيلا قوشۇل-غان، ھەشەم - دەرەمسىزلا توي قىلغانىدى. تويدىن كېيىن ئۇ

ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن بەختلىك ھېسابلىغان بولسىمۇ قورساق كۆتۈرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇ تېزرەك ئانا بولۇشنى، سۆيۈملۈك يىگىتىنىمۇ دادا دېگەن پەخىرلىك نامغا ئىگە قىلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن مەسلىھەت سورايتتى، كۆز كۆرگەن، قۇلاق ئاڭلىغان سەۋەبلەرنى قىلىپ باقاتتى، ئەمما ھامىلىدار بولمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ يوشۇرۇن ياش تۆكەتتى.

كۈتە - كۈتە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىر ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقايلىمىكىن. ناۋادا تۇغماس بولۇپ قالسام داۋالىنىپمۇ بولسا...

— مەن ئالدىرىمىسام سەن نېمىگە ئالدىرايسەن، مەن سېنى تۇغمىدىڭ دېمىگەندىمەن؟ — دېدى يىگىت پىسىڭڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل. سەندىمۇ، مەندىمۇ چاتاق يوق. بىزنىڭ ھامان بالىمىز بولىدۇ. بىر ھېسابتا ئالدىراپ قورساق كۆتۈرمىگىنىڭمۇ ياخشى بولدى. ئاڭلىشىمچە، ئايال كىشى تۇغقاندىن كېيىنلا ئاسان قېرىپ كېتەرمىش. مەن سېنىڭ ئۇنداق ئالدىراپ قېرىپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن.

— قېرىپ كەتسەممۇ مەيلى، بىرنى تۇغۇپ بەرسەم بولاتتى.

— مۇشۇ گەپنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ جۇمۇ، ناۋادا قېرىپ كېتىپ قالساڭ ئىشىڭ چاتاق.

يىگىتنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىلغان تەسەللىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازراق ئاراملىق بېرەتتى، ئاشۇ قارلىغاچ قانىتىدەك قارا، يارىشىملىق بۇرۇتى ئۇنىڭغا باشقىچە سۆيۈملۈك، باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئۇ كۈتە - كۈتە بەش يىل ئۆتكەندە ئاخىر قورساق كۆتۈردى. بۇ خۇش خەۋەر ياش ئەر - خوتۇنغا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ئەكەلدى.

— ھەي چوكان، قورسىقىڭدا كۆتۈرۈپلا يۈرەمسەن بالامنى، تېزرەك تۇغۇۋەتسەڭ بولاتتى، — دەپ كۈلدۈرەتتى يىگىت ئانىنىڭ خېلىلا يوغىناپ قالغان قورسىقىنى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سىلاپ.

— ئالدىرىما، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە تۇغۇپلا ساڭا كۆتۈرتۈپ قويىمەن، — دەيتتى ئانا بەخت ئىلكىدە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ.

— ئۆزۈڭگە ئوخشىتىپ ئوماق بىر قىز تۇغۇپ بەرسەڭ بولاتتى.

— ياق، ساڭا ئوخشىتىپ كېلىشكەن بىر يىگىت تۇغىمەن. چىرايى ساڭا ئوخشىمىسىمۇ مەيلى، بۇرۇتى ئوخشىسىلا بولدى.

— ئاشۇنداق دەپ يۈرۈپ بۇرۇتى بىلەنلا تۇغۇۋەتمە يەنە.

— ئۇنداق تۇغۇلسا تېخى ياخشى. بىلەمسەن، مەن سېنىڭ بۇرۇتۇڭغا ئاشىق بولغان.

— مەنچۇ، مەن سېنىڭ چىرايلىق كۆزۈڭ بىلەن ئۇزۇن چېچىڭغا ئاشىق بولغان.

ياش ئەر ـ خوتۇننىڭ چاقچىقى، مۇھەببەتلىك كۆڭۈل ئىزھارلىرى تۈگىمەيتتى، قورساقتىكى بالىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى دېيىشەتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى بالىنىڭ قىز تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن خېلىلا يېرىم بولدى. ئەمما، يىگىت خۇشاللىقىدىن سەكرەپلا كەتتى.

— پاھ، قىز بالىنىڭ چىرايى دادىسىنى تارتىدۇ، دېگەن راست گەپكەن. مېنىڭ تېرەمنى كىيىپلا تۇغۇلۇپتىغۇ بۇ خان، — دەيتتى يىگىت بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — كۆڭلۈڭنى ئۇنچە يېرىم قىلما، خوتۇن. ئىككىنچىسىنىڭ چىرايىنى ئۆزۈڭگە ئوخشىتىپ ئولتۇرۇپ ئوغۇل تۇغساڭ بولمامدىمۇ.

ئانىنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىدىن تاراملاپ

ياش تۆكۈلدى. شۇنداق، ئۇ ئىككىنچى بالىغا قورساق كۆتۈرگەن بولسىمۇ، تۇغۇتتا بالا تەتۈر كېلىپ قېلىپ بەكمۇ قىينالدى، ئاشۇ يىراق سەھرادا تۈزۈك دوختۇرخانا يوق ئىدى. ئۇ تولغاق ئازابىدا بىر كېچە قىينالدى. يىگىت ئۇنى ئېشەك هارۋىسىغا ياتقۇزۇپ كېچىلەپ يول مېڭىپ ناهىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانىغا ئەكەلگەندە بالا قورساقتا ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ قالغانىدى. دوختۇرلار جىددىي داۋالاش ئارقىلىق ئانىنى قۇتقۇزۇۋالغان بولدى.

— بولدىلا مۇشۇ قارغىش تەگكەن سەھرادا شۇنچىلىك خىزمەت قىلغىنىمىزمۇ يېتەر ئەمدى، — دېدى يىگىت ئىككىنچى تۇغۇتىدىن كېسەلچان قوپقان ئايالىغا قاراپ، — ھەرقانداق چارە - ئامالنى ئىشلىتىپ بولسىمۇ ناهىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ كېتەيلى.

بۇ يىراق سەھراغا سېلىشتۇرغاندا ناهىيە بازىرىنىڭ شارائىتى نەچچە ھەسسە ياخشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىگىتنىڭ قارارىغا ئۇن - تىنسىز قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىشنىڭ يولىنى مېڭىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە قۇرۇق ئىلتىماس يېزىش بىلەن، باشقىلارغا ھال - ئەھۋال ئېيتىش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايتتى. يىگىت كىملەرنىڭدۇر رېستورانىغا باشلاپ مېھمان قىلدى، كىملەرگىدۇر سوۋغا تەقدىم قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئاز - ئازدىن ئىقتىساد قىلىپ جۇغلىغان پۇللىرىمۇ پاك - پاكىز تۈگىدى.

— ئاز قالدى. يېقىندا ھەل بولىدىغان بولدى، — دەيتتى يىگىت ئۇنى ئۇمىدلەندۈرۈپ. ئەپسۇسكى، ناهىيە بازىرىدىكى مەكتەپكە يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشى ئەر - خوتۇن ئىككىلىسىگە تەڭ چىقمىدى.

— بۇ قانداق تەتۈر ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى، — دېدى يىگىت ئاچچىقلانغان ھالدا، — پەقەت بولمىغاندا ئاۋۋال سېنى يۆتكەپ قويىدىغان بولغانىدىغۇ. قانداقسىگە ماڭا چىقىپ قالدى

بۇ يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشى، مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

يىگىت ناھىيە بازىرىدىن روھى چۈشكەن ھالدا يېنىپ چىقتى.

— ئۇلار يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشىنى ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبىرىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان، ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئايالىڭنىڭ ئىشىنى كېلەركى مەۋسۇمدا ھەل قىلىپ بېرەيلى دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى يىگىت مەيۈسلەنگەن ھالدا.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ئۇ يىگىتكە تەسەللى بېرىپ، — ئاۋۋال سەن كىرىپ ئىشلەپ تۇر، كېيىن يەنە بىر ئامالى بولۇپ قالار.

ئۇ ھاياتىدىكى بەختسىزلىكنىڭ ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

يىگىت دەسلەپتە سەھراغا ھەپتىدە بىر چىقىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى.

— ئۆي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىنكى بويتاقچىلىق نېمىدېگەن يامان، — دەيتتى يىگىت ئۆيگە كىرىپلا قىزنىڭ قۇچىقىغا ئېلىپ، — ئەجەب سېغىندىما!

— مېنى سېغىندىڭمۇ، قىزىڭنىمۇ؟ — قەستەنگە سورايتتى ئانا ئىچكى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە قىزىمنى سېغىنىمەن ـ دە، — دەيتتى يىگىت شوخلۇق بىلەن كۈلگىنىچە ئايالى بىلەن چېقىشىپ.

— راست دەيسەن. ئەر كىشىگە بالىسى تۇغقان، ئايالى يات.

ئۇ رەنجىگەندەك قىلىپ قەستەن دومسىيىۋالاتتى.

— يات دەمسىنا. سەن قانداقسىگە ماڭا يات بولىسەن. ئۆزىنىڭ جېنى ئۆزىگە يات بولغاننى سەن نەدە كۆرگەن. سەن دېگەن مېنىڭ جېنىم تۇرساڭ.

يىگىت ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتەتتى.

— يالغانچى، سېنىڭ مۇشۇنداق شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىڭگە ئالدىنىپ ئۆتىدىغان ئوخشايمەن، — دەيتتى ئۇ قەستەنگە يىگىتكە تەتۈر قاراپ.

— يالغان سۆزلىمىدىم. ئىشەنمىسەڭ تاتلىق لەۋلىرىڭ ئارقىلىق ھېس قىل، يۈرىكىڭ ئارقىلىق چۈشەن مېنى.

يىگىت شۇنداق دەيتتى ـ دە، ئۇنى مەھكەم باغرىغا باسقىنىچە قېنىپ ـ قېنىپ سۆيەتتى.

كېيىنچە يىگىت نېمە ئۈچۈندۇر ھەپتىدە بىر ئەمەس، ئىككى ھەپتىدە، گاھى چاغلاردا ئايدا بىرەر قېتىم چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرىدىغان سەۋەبلىرى جىق ئىدى.

ئۇ يىگىت كۆرسەتكەن ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەرگە ئىشىنەتتى، يىگىتنى كۆرگۈسى، ئاشۇ قاپقارا يارىشىملىق بۇرۇتلىرىغا لەۋ ياققۇسى كېلەتتى. ئەمما، بالا بېقىش، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى سىياسىي ئۆگىنىشلەر، قوشۇمچە خىزمەتلەر ئۇنى ناھىيە بازىرىغا ھە دېگەندە كىرىشتىن چەكلەپ قوياتتى.

— بۇرۇتۇڭ قېنى؟

ئۇ ھەيران بولغان ھەم ئەپسۇسلانغان ھالدا يىگىتتىن ئالدىراپ سورىدى. يىگىتنىڭ بۇرۇتسىز، كوسا چىرايى ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەتلا سىغمىدى. يىگىت سەھراغا بۇ قېتىم چىققىنىدا نېمە ئۈچۈندۇر يارىشىملىق بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىپ چىققانىدى. شۇ تاپتا يىگىت ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك، مۇھىم بىرنەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئەيىبناق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بۇرۇتسىز يۇرۇپ باقاي دېدىمغۇ شۇ، — دېدى يىگىت پەرۋاسىزلىق بىلەن قاڭشىرىنىڭ ئاستىنى سىلاپ قويۇپ.

— نېمىشقا ئەمدى، — دېدى ئۇ رەنجىگەن ھالدا، — ئاشۇ بۇرۇتۇڭنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭغۇ؟!

ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. يىگىت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ شەھەرگە كىرگەندىن بېرى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئۆينىڭ ھاۋاسى بىردىنلا تۇمانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھاۋا يېتىشمىگەندەك ھېس قىلدى. يىگىت بەخىرامان ئىدى، ئوي - خىيالىنى بىلىپ بولمايتتى.

— بۇرۇتۇڭنى قايتا قويۇۋال، — دېدى ئۇ يىگىتكە ئەركىلىگەن ھالدا، — كېلەر قېتىمدا چىققىنىڭدا سېنى بۇنداق كوسا، سويما ئىسكەتتە كۆرمەي.

— يەنە مۇشۇ ئىسكەتتە كۆرۈپ قالساڭچۇ؟

يىگىتنىڭ چىرايىدىن چاقچاق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى، كۆزلىرىدىن مەنسىتمەسلىك، ياراتماسلىق، بىپەرۋالىق بالقىيتتى. ئۇ بۇنى پەقەتلا كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقتىن جىغىلدىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى:

— سەن ئۇنداق قىلمايسەن. ئاشۇ چىرايلىق بۇرۇتۇڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن. بىلىپ قوي، بۇرۇتۇڭ يالغۇز ئۆزۈڭگىلا تەۋە ئەمەس.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئوتلۇق، قاراشلىرى مۇھەببەتلىك ئىدى. شۇ تاپتا يىگىتنىڭمۇ مۇھەببەتلىك سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئەركىلىتىشىنى، شىكەستىلەنگەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشىنى تىلەيتتى.

— قويە ئۇنداق پاخ - پاخ گەپنى!

يىگىت ئۇنى سىلكىشلىدى، راستىنلا سىلكىشلىدى، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئەمەس، چاقچاق قىلىپ ئەمەس، يۈرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ سىلكىشلىدى. خۇددى رەقىبىنى سىلكىشلىگەندەك، ئەسكى پالاسنى سىلكىگەندەك. شۇ تاپتا ئۇ ئاڭلاشنى تەمە قىلغان، «مەنمۇ سېنىڭ چىرايلىق كۆزۈڭگە، ئۇزۇن چېچىڭغا ئاشىق» دېگەن سۆزنى قىلمىدى، خۇددى ئۇنتۇپ قالغاندەك،

قەستەن دېگۈسى كەلمىگەندەك.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ زۇۋانى ئۆچتى. ئۆينى ئېغىر تىمتاس-لىق قاپلىدى. ئۇلار تىلسىز بولۇپ قالغانىدى. يىگىت ئۆينىڭ ئىچىنى ئىسقا تولدۇرۇپ، ئايالىنىڭ ئىچىنى سىقىپ ئۇزمەي تاماكا چېكەتتى. ئايالىنىڭ ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. شۇ كېچىسى يىگىت سۆڭگىچىنى ئايالىنىڭ قورسىقىغا تىرەپ ياتتى. ئەتىسى ئۇلار كۆڭۈلسىزلا خوشلاشتى.

ئۇ يىگىتنى بىر ئايدىن ئارتۇق كۈتتى. يىگىت يا خەۋەر بەرمىدى، يا چىقمىدى. «نېمانچە تاۋى نازۇكلۇق قىلىدۇ، دەيدى-غانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى دەپ بولۇپ. غۇرۇرىغا تېگىپ كەتكۇ-دەك گەپ قىلمىغاندىمىغۇ. ماقۇل، مەندىنغۇ رەنجىسۇن، بالىدا نېمە گۇناھ. قىزىمىزغا بەك ئامراقتى. بالىنى دەپمۇ بولسا چىقىپ قويسا بولاتتى. بىرەر ئالدىراش ئىشى بولۇپ قالدىمۇ -يە. بولدىلا، نېمانچە گۇمانخور بولۇپ كەتتىم مەن. بوپتۇ، ئۇ چىقمىسا مەن كىرەي، رەنجىگەن بولسا ئەپۇ سوراي، بۇرۇنقىسىز يۈرگۈسى كەلسە يۈرۈۋەرسۇن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن قويۇۋالار. بۇرۇنىنى دەپ ئەردىن قۇرۇق قېلىپ يۈرمەي يەنە...»

ئۇ قىزىنى ئېلىپ ناھىيە بازىرىغا كىردى. ئىلگىرى بىر قېتىم كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئېرىنىڭ ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ تۇرغان ياتىقىنى ئاسانلا تاپتى. ياتاق قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇ يېنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. شۇ ھامان ئاچچىق تاماكا ئىسى، ھاراق پۇرىقى، يەنە ئاللىقانداق ئېچىغان نەرسىلەرنىڭ ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلدى. قوش كىشىلىك كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى يوت-قان يىغىقسىز، كىر كىيىملەر تاشلانغان، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدى-كى پاكار تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىدە غاجىلاپ تاشلىۋېتىلگەن توخۇ ئۇستىخىنى تۇراتتى. شىرەنىڭ يېنىدا بىرنەچچە قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىسى قىڭغىيىپ ياتاتتى. ئۇ ئاۋۋال ئىشىك - دېرى-

زىلەرنى ئېچىۋېتىپ ھاۋا ئالماشتۇردى، ئاندىن كارىۋاتتىكى يوت-
قاننى يىغىش ئۈچۈن شۇنداق كۆتۈرۈپلا خۇددى توك سوقۇۋەتكەن-
دەك تۇرۇپلا قالدى. ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ
قالغاندەك دەھشەتلىك چىرقىراشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇ-
ۋالدى. يوتقاننىڭ ئارىسىدا بىر تال قىزىل رەڭلىك باغىرداق
تۇراتتى. ئۇ يىرگەنگەن ھالدا باغىرداقنى پۇتى بىلەن تېپىپ
چۈشۈرۈۋەتتى. يوتقاننىڭ قېپىنى، كۆرپىنىڭ كىرلىكىنى سۆ-
كۈۋالدى، ئاندىن بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان كىيىملەرنى رەت-
لەشكە كىرىشتى، كىيىملەر كىر ئىدى، كىيىملەرنى رەتلەۋېتىپ
ئۇ يەنە بىر قېتىم چۆچۈدى، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغىلى
قىل قالدى، كىيىملەر ئارىسىدا ئايال كىشىنىڭ كالتە ئىشتىنى،
ئۇزۇن پايپىقى تۇراتتى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان
ياشنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى.

كارىۋات، تاماق شىرەسى، ھاراق بوتۇلكىسى، كىيىملەر،
باغىرداق، كالتە ئىشتان، ئۇزۇن پايپاق ھەتتا ئۆينىڭ تۆت
تېمىدىن تارتىپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتاتتى. «ئەخمەق،
ساڭا نېمە بار بۇ ئۆيدە. يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن. شۇ تاپتا
بۇ ئۆيدىن ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بىرەر نەرسىنى ئۈچرىتالامسەن.
كەت، بېزىرىپ تۇرماي تېزدىن كەت. غۇرۇرۇڭنى ساقلا!...»

ئۇ قىزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى، ئىشىكنى ئاۋۋالقىدەكلا
قۇلۇپلاپ قويماقچى بولدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ يۈرىكىنىڭ بىر
يەرلىرىنىڭ بۇ ئۆيگە يەنە تارتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ماغ-
دۇرسىز قوللىرى ئىشىكنى ياپالمايۋاتاتتى، ئۇ بۇ ئىشىكنى ياپ-
سا، كۆڭۈل خانىسىنىڭ ئىشىكىنى يېپىش كېرەكلىكىنى، ئى-
شىكنى قۇلۇپلىسا يۈرىكىگىمۇ شۇ ھامان قۇلۇپ سېلىشى كېرەك-
لىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. قانداق قىلسا بولار؟ ئۇ كۆڭلىكىنىڭ
پېشىگە ئېسىلىپ تۇرغان قىزىغا قارىدى. شۇ دەقىقىدە قىزچاقمۇ
ئانىسىغا قاراۋاتاتتى. قىزىنىڭ قاش، كۆز، قاڭشار، لەۋلىرى

ئېرىنىڭكىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئەمما بۇ چىراي بەك-
مۇ سەبىي، بەكمۇ ئوماق ئىدى. ئانىغا يېلىنغاندەك، قانداقتۇر
بىر ئىشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندەك تەلمۈرەتتى. ئۇ ئۆيگە يېنىپ كىردى.
ئۆيدىكى پاسكىنىچىلىقلارنى پاك - پاكىز تازىلىۋەتمەكچى بولغان-
دەك، تام - تورۇسلاردىن تارتىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغىچە،
قاچا - قۇچىلاردىن تارتىپ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغىچە
سىيرىپ - سۈپۈردى، سۇ چېچىپ يۇيدى.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قىزچاق خەقىش قىلىپ يىغلايت-
تى. ئانا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. ئېرىنىڭ ياتقىنىڭ بۇنچىۋالا
تەسىرلىگۈسىز مەينەتچىلىك بېسىپ كېتىشىدە ئۆزىنىڭمۇ مەس-
ئۇلىيىتى باردەك ھېس قىلاتتى. بۇ مەينەتچىلىكلەرنى بۈگۈنلا
پاك - پاكىز تازىلىۋېتىپ، ئېرىنى پاكلىق دۇنياسىغا قايتۇرۇپ
كەلمەكچى بولغاندەك تىنىمسىز ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆينى تازىلاپ،
كىر - قاتلارنى يۇيۇپ ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ بېلىنى رۇسلاپ
تۇرۇشىغا، ئېرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىشىك ئالدىدا پەيدا
بولدى.

ئۇ قاڭشىرىنىڭ ئاستىدا قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا يارد-
شىملىق بۇرۇتى بار، سۆيۈملۈك يىگىتنى كۆرۈشكە نەقەدەر
تەشنا ئىدى - ھە. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك بۇرۇتنى كۆرسىلا
ياتاقتىكى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن پاسكىنىچىلىقلارنى ئۇنتۇپ كەت-
مەكچى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى.
ئۇنى قايتىلاپ پاسكىنىچىلىقلارغا يولۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن قو-
رۇقچى بولماقچىدى. ئەپسۇس، ئىشىك تۈۋىدە ئاياللىق تۇيغۇسىد-
نى تاتلىق ھاياجانغا سالىدىغان قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقارا بۇرۇت
ئەمەس، چىرايىدا بىر تال ئەركەك تۈكى يوق مۇدھىش كوسا
چىراي سوغۇق، يات نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئانا تەمتىرد-
گەن، قورۇنغان، ھودۇققان ھالدا ئۆزىنى بەزلەشكە كىرىشتى.
«بۇرۇتسىز بولسىمۇ بالامنىڭ دادىسى، بۇرۇتى بولمىسىمۇ

يەنىلا سۆيۈملۈك ئېرىم، بۇرۇتى بولمىسا نېمە بوپتۇ. مۇھەببەت-
لىك يۈرىكى بولسا بولدى. توۋا ئۇنىڭ قاراشلىرى نېمانچە يات،
نېمانچە سوغۇق - ھە ياكى كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىپ
بارامدۇ - يە، قىزىمىزنى نېمىشقا قۇچىقىغا ئالمايدۇ. كۆرمەيۋا-
تامدۇ - يە! بەلكىم تونۇيالمىغانلىقىدىن، ئۆيدىكى پاسكىنى-
چىلىقلارنى سېزىپ قالغىنىمدىن خۇدۇكسىرەپ قالغاندۇ، ھودۇ-
قۇپ كەتكەندۇ…»

يىگىت پاك - پاكىز تازىلانغان ئۆي ئىچىگە، يۇيۇلغان
كىر - قاتلارغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇپ خالاﺭ - خالى-
ماس سورىدى:

— ھە، كېلىپ قاپسەنغۇ؟

ئانىنىڭ يۈرىكى دەز كەتكەن چىنىدەك جىغىلدىدى. ئۇنىڭ
يىگىتتىن كۈتكىنى بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەپۇ قىلماقچى، قايتى-
دىن سۆيمەكچى، خورلانغان ئاياللىق ئەقىدىسىنى قايتىدىن بې-
غىشلىماقچى بولغان يىگىتمۇ بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرى-
نىڭ سىرتىدىكى يات، كۆرۈمسىز چىرايغا مەغرۇر نەزەر تاشلى-
دى، بىر چەتتە بەخىرامان ئويناپ تۇرغان قىزىنى قۇچىقىغا
ئېلىپ باغرىغا باستى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق تەسۋىرلىگۈسىز
بىر تۇيغۇدىن رىتىمسىز دۈپۈلدەيتتى. ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچ-
سىزلىك قورشاۋىدا تېپىرلايتتى، شۇنداقتىمۇ بارلىق غەيرىتىنى
يىغىپ ئۇزۇلەي - ئۇزۇلەي دەپ تۇرغان ئۈمىد يىپىنى مەھكەم
تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى، چىرايىغا تاتلىق كۈلكە يۈگۈرۈتتى. ئەم-
ما، چىرايىدا كۈلگەن قىياپەت ئەمەس، يىغلامسىرىغان قىياپەت
زاھىر بولدى.

— مەن كېچە - كۈندۈز تەشنا بولغان يارىشىملىق بۇرۇتۇڭ-
نى بىر كۆرۈۋالاي دەپ…

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاياللىق غۇرۇرى پارە - پارە بولۇپ كېتىپ
باراتتى. ئۇ كۆرۈشكە، مۇھەببەتلىك يۈرىكى بىلەن سۆيۈشكە

تەشنا بولغان ئاشۇ سۆيۈملۈك بۇرۇتى بولسىچۇ كاشكى. ئۇ چاغدا ئۇ ئاياللىق غۇرۇرىنى نەچچە ھەسسە سۇندۇرۇشقا رازى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچە ئىسكەتتە تۇرغان يىگىت غۇرۇرىنى ئاشۇنچىلىك پايمال قىلىشقا ئەرزىمەدىكىن؟

ھەئە، يىگىت ئەركەكلىكىنى قايتىدىن نامايان قىلىپ، ئۆزى ئۇچۇن سۇندۇرۇلۇۋاتقان ئاياللىق غۇرۇرىنى مەردلەرچە تىرىپ ئېلىپ ئەزىزلىسىچۇ؟ باغرىغا باسسىچۇ؟ بىر چاغلاردا ئاشىق بولغان چىرايلىق كۆزلەرگە، تېقىمىدا سويلاپ تۇرغان توم ئۆرۈمە چاچلارغا سۆيسىچۇ؟ ئاھ، غۇرۇرى دەپسەندە بولغان ئايال — ناتىۋان ئانا ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ كاتتا بەخت، شان - شەرەپ، سەلتەنەت بارمۇ بۇ جاھاندا.

— ئەپسۇس، سەن ئاشىق بولغان بۇرۇتلار يوق دېگىنە ھازىر؟

يىگىت مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن قاڭشىرى ئاستىنى كۆرەڭلىگەنچە سىلاپ قويدى، ئايالنىڭ پارە - پارە بولۇشقا باشلىغان ئەقىدىسىنى نامەردلەرچە دەسسەپ چەيلىدى.

ئانىنىڭ غۇرۇرى ئۆزى ھېس قىلغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا سۇندى، دەپ ئويلىغىنى غۇرۇرى ئەمەس، ئەقىدىسى ئىدى. ئۇ بۇنى تېزلا ھېس قىلدى. شۇ ھامان ئۆزىنى باشقىچە بەستلىك، كۈچلۈك سەزدى، پۈكلەنگەن قامىتى قايتىدىن تىكلەندى.

— شۇنداق. مەن ئاشىق بولغان بۇرۇتنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن. خوش، مەي قايتاي. سالامەتلىكىڭنى ئاسرا. ئۆزۈڭنىڭ ئەركەكلىكىڭنى، بىر پەرزەنتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىڭنى، بىر ئايالنىڭ ساڭا ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇساڭمۇ، ئوقۇتقۇچى — ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىڭنى قەتئىي ئۇنتۇما.

يىگىت تاتاردى، كۆزلىرى چەكچەيدى، بۇرۇتسىز لەۋلىرى

تىترىدى.

— نەگە بارىسەن؟ گېپىڭنى ئوچۇق قىل!

ئانا ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا تۇتىۋالغانىدى. شۇڭا يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكلا قارىدى.

— ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئوچۇق گەپ لازىممىتى. ماقۇل، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، قىزىمنى ئۆزۈم تەربىيىلەيمەن، ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق. ئەگەر شەرىئەتتە ئاياللارنىڭمۇ ئەرلىرىنى تالاق قىلىش ھوقۇقى بولسا ئىدى، شۇ تاپتا سېنى تالاق قىلغان بولاتتىم.

مانا غۇرۇرى سۇندى دەپ بۇنى دەيمىز. يىگىت ئايالىنىڭ يالۋۇرۇشىنى، بالىسىنى، تارتقان جاپاسىنى، ئۆيىنى، ئەقىدىسىنى پەش قىلىپ يېلىنىشىنى كۈتكەنىدى. ئۇ ئايالىنى، ئايالىنىڭ غۇرۇرىنى سەل چاغلىغانىدى. ئاياللار غەزەپكە كەلسە تەڭرىمۇ غەزەپكە كېلىدۇ. بۇ چەكسىز غەزەپ، تەڭداشسىز غۇرۇرنىڭ ئالدىدا يىگىتنىڭ تىلى تۇتۇلدى، ۋۇجۇدى قورۇلدى.

## 4

شۇنىڭدىن كېيىن ئانا يىراق سەھراغا تېخىمۇ باغلاندى. ۋاپاسىز يىگىتنىڭ چىرايىنى ئەسلىتىپ، ۋۇجۇدىدا ئازابلىق تۇيغۇلارنى پات - پات قوزغاپ تۇرىدىغان ئوماق قىزى بىردىنبىر ھەمراھى، جاپاكەش خىزمەتداشلىرى بىلەن يىرتىق كىيىم، توپا چىراي، ئەمما مېھرى ئىسسىق ئوقۇغۇچىلىرى سىردىشى بولۇپ قالدى.

قىزىغا ئەقىل كىرىشكە ئەگىشىپ ئانىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىمۇ ئۇنتۇلۇپ بېرىۋاتاتتى. قىزچاق ئۆزىنىڭ دادىسىز قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك پەقەتلا خەقىشلىك قىلمايتتى، ئۆزىدىن چوڭ سۇپۇرگىلەرنى سۆرەپ ئۆي سۇپۇرمەكچى بولاتتى. يەڭلى-

-رىنى شىمايلاپ ئانا بىلەن تەڭ خىمىر يۇغۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭ
يېنىغا كېلىۋالاتتى ۋە كىچىككىنە ئۇماق مۇشتۇملىرى بىلەن
خىمىر چەيلەيتتى. ئانا بۇ ئەقىللىق قىزىنى گەپكە سېلىشقا
ئامراق ئىدى.

— چوڭ بولساڭ نېمە بولىسەن، قىزىم؟

— دوختۇر بولىمەن.

— دوختۇر بولۇپ نېمە قىلىسەن؟

— ئوكۇل ئۇرىمەن.

— ئوكۇل ئۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟

— كېسەل داۋالايمەن.

— كىمنىڭ كېسىلىنى داۋالايسەن؟

— سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى، يەنە تېخى دادامنىڭمۇ كېسىلى-
نى.

— داداڭنى كىم كېسەل دەيدۇ؟

— كېسەل بولمىسا بىز بىلەن بىللە تۇراتتى.

— ......

ئانا قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ ئىككى - ئۈچ
يىلدىن كېيىن بۇ سۆيۈملۈك سەھرادىن زېرىكىپ قېلىشىنى
خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كې-
يىن شەھەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. شەھەر يىگىتلىرىنىڭ ئەر-
كەكلىكىنى، قىزلارنىڭ نازاكىتىنى يەپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى
پاسكىنىچىلىقلارنىڭ ھەممىسى شەھەرگە جۇغلاشقان بولىدۇ.
پاكلىق پەقەت سەھرادىلا دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇڭلاشقىمۇ قىزى-
نىڭ سەھرادىن چېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەھەرگە يۆتكىلىپ
كېتىپلا تۇتقان ئۆيىدىن، نىكاھلاپ ئالغان ئايالىدىن، يۈرەك
پارىسى بولغان پەرزەنتىدىن، ئەرلىك، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىدىن
چانغان ۋاپاسىز يىگىتنى ئەسلەپ قالغانىدى.

ئۇ قىزىنى دادىسى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ دەرھال گۇماندىن ساقىت بولدى. ئۇ قىزغا ئىشىنەتتى، قىزنى يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. قىزمۇ تەتىل توشقۇچە بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالمىدى.

ئۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى مەڭگۈ ئايرىۋېتىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ قىزغا دادىسىنىڭ بارلىقىنى كىچىكىدىن بىلدۈرۈپ كەلدى، باشقا ئاجراشقان ئانىلارغا ئوخشاش، «دادىڭ ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەندەك سۆزلەرنى پەقەتلا قىلمىدى. «ھازىر ئۆزۈم باقىمەن. چوڭ بولغاندا دادىسىنى تاللىسىمۇ، مېنى تاللىسىمۇ مەيلى. بالا دېگەن كىچىك ۋاقتىدا ئانا مېھرىگە، چوڭ بولغاندا دادا مېھرىگە موھتاج بولىدۇ. چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلگىنى ياخشى. مەيلى قانداق دادا بولمىسۇن ئۇنىڭ ھامان پەرزەنت ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن بۇرچى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟»

— دەپ بېرىڭە، ئانا، مېنىڭ دادام بارمۇ، يوقمۇ؟

— دادىڭىز بار، قىزىم.

— ئەمىسە نېمىشقا بىز بىلەن بىللە تۇرمايدۇ؟

— دادىڭىز ئېغىر كېسەل. كېسىلى ساقايغاندا قېشىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا دادامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ چىقمايمىز؟

— دوختۇر ئۇنىمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— دادىڭىزنىڭ كېسىلى يۇقۇپ قالىدۇ دەپ.

— يالغان! باللار مېنى دادىسى يوق يېتىم ئوغلاق، دەپ تىللىدى.

— ئۇلار بىلمەيدۇ. تېزرەك چوڭ بولۇڭ، قىزىم، شۇ چاغدا مەن سىزگە دادىڭىزنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

— چوڭ بولسام دادامنى كۆرەلەمدىم؟
— ھەئە.
— ئەمىسە مەن قاچان چوڭ بولىمەن؟
— يەنە يەتتە - سەككىز يىلدىن كېيىن.
— قاچان يەتتە - سەككىز يىل بولىدۇ؟
— سىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە.
— ......

ئانا ۋەدىسىدە تۇردى، قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياتاقلىق سىنىپىغا ئەكىرىپ بەردى.

— دادىڭىز بىلەن كۆرۈشەمسىز، قىزىم؟— سورىدى ئانا قىزىنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

قىزچاق تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قارىۋالدى. ئانا قىزىغا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى.

— مەڭ، بۇنىڭدا دادىڭىزنىڭ سۈرىتى، ئىشلەۋاتقان مەكتەپنىڭ ئادرېسى بار، كۆرۈشۈشنى خالىسىڭىز ئىزدەۋېرىڭ، ئەما بىر شەرت، ئوقۇشىڭىزنى ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتمىسىڭىز سىزنى باققىنىمغا ھەرگىز رازى بولمايمەن.

كېيىنچە ئانا، ئاتا - بالا كۆرۈشكەن بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ دېگەندەك چىقىشالمىغانلىقىنى بىلدى.

قىز شۇ قېتىم تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياندۇرقى يىلى قىشلىق تەتىلدىمۇ، يازلىق تەتىلدىمۇ قايتىپ كەلمىدى. قىشلىق تەتىلدە، «شىماللىق ساۋاقداشلىرىمدىن بىرقانچىسى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، تەتىل باھانىسىدە ئۇلارنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كېلەي دېدىم. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەن خېتى كەلدى. يازلىق تەتىلدە، «مەكتەپ يازلىق لاگېر پائالىيە-

تى ئۈيۈشتۇرغانىدى، بىزنىڭ سىنىپتىن مەنلا تاللاندىم، تەتىل-دىن پايدىلىنىپ لاگېر پائالىيىتى باھانىسىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەر-نى كۆرۈپ كېلەي دېدىم. مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ خەت يازدى. ئىشقىلىپ، باھانە - سەۋەبلىرى كۆپ ۋە يوللۇق ئىدى.

«بوپتۇ بارسا بارسۇن، — دېدى قىزىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئامالسىز قالغان ئانا سېغىنىش ئوتلىرىنى بېسىپ تۇرۇپ، — مەنمۇ بۇ ئۆمرۈمدە ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقماپتىمەن. يۇرت كۆرۈپ كەلگەننىڭ زىيىنى يوق. نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ قالار. قاچانغىچە بېكىنىپ ياشايمىز. ئىشقىلىپ، خۇدايىم ساق-لار، ئاغرىق - سىلاق، يامان يوللاردىن…»

ئانا ئۆزىنى بەزلەپ ئاشۇنداق ياشىغانمۇ بولارئىدى. لېكىن، بىر كۈنى قىزى ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئاشۇ مۇدھىش خەت ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئۈمىد - ئىشەنچلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

> «… ساۋاقداش گۆھەرنىسا مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملى-رىگە بويسۇنماي خالىغانچە دەرس تاشلىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش تەلىپىگە ئاساسەن مەكتەپتىن چېكىندۇ-رۇلدى…»

ئانىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن ئوت بېشىدىن چىقىپ كەتتى، يەر تەۋرەپ، زېمىن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. تۇيغۇسىدا قىزى يىراق، بەكمۇ يىراق بىر جايدا تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قانداق كىرگىنىنى بىلەلمەي قالدى، ئىنسانىنىڭ ئالدىدا يىغلاشنى ئاجىزلىق ھېسابلايدىغان ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. «نومۇس ئۆزۈڭ بىلەن بىللە» دەپتىكەن، ئانا مەكتەپ مۇدىرىغا يالغان سۆزلىدى:

— قىزىمنىڭ مەكتەپىدىن خەت كەلدى. قىزىم ئېغىر كې-سەلگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ، بىرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام

بولمايدۇ، بۇگۇنلا يولغا چىقاي دەيمەن.
مەكتەپ مۇدىرى ئەزمىلىك بىلەن قۇمدەك سوئاللارنى سورى-
دى. ئانىنىڭ كۆز يېشى توختايدىغاندەك ئەمەس، مەكتەپ مۇدى-
رىنىڭ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ سورىغان سوئاللىرىغا ئويلىنىپ
ئولتۇرماي، ئاغزىغا كەلگەن يالغاننى توقۇۋەردى.
— سىلىگە رۇخسەت بەرسەك، ئورۇنلىرىغا دەرس ئۆتكىلى
ئوقۇتقۇچى كەملەيدۇ، زادى بېرىپ قىزىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئالمىسام بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالسىلا ئورۇنلىرىغا ۋاقىتلىق ئو-
قۇتقۇچى ئىشلەتكەچ تۇرىمىز. ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئىش ھەققىنى
سىلىنىڭ مائاشلىرىدىن تۇتىمىز.
ئانا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ رۇخسەت بەرگىنىدىن خۇش بولۇپ،
نېرى - بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ ئالدى-
رايتتى، قانات قېقىپ ھازىرلا قىزى بار شەھەرگە بارغۇسى
كېلەتتى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئىككى قۇر كىيىمنى ئېلىپ چاققاندى-
غىنە سەپەر سومكىسىغا سالدى - دە، نەچچە يىلدىن بېرى قىزدى-
نىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە ئايلىق خىراجىتىدىن ئاشۇرۇپ ئاز -
ئازدىن يىغىپ قويغان پۇلدىنى ئېلىپ غەم - ئەندىشىدە ھەم
ئۈمىد - ئىشەنچ ئارىلاشقان ئەبجەش بىر تۇيغۇدا قىزى ئوقۇۋاتقان
مەركىزىي شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
شەھەردە ئادەملەر مىغ - مىغ، ماشىنىلار سەپ - سەپ،
بىنالار ئورمان. تۇمان ئارىسىدا خىرە كۆرۈنىدىغان قۇياشنىڭ
نۇرى كۆز قاماشتۇرالمايدۇ، خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدى-
كى جۇلاسىنى يوقاتقان مېھىر - شەپقەتتەك.

## 5

يامغۇر تېخىمۇ بەك ئەدەپ كوچىلاردا يۇندى يامراپ كەتكەندى-
دى. بۇ يەردە كەچ كۈز بالدۇر باشلىناتتى. يامغۇر باشلاپ
كەلگەن سوغۇق ئانىنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتەتتى. ئۇ بۇ

شەھەرگە كېلىپلا كوچا يۈزىدىكى يايمىدىن ئەرزان باھادا بىر كۆزلۈك پەلتو سېتىۋالغانىدى. ئەمما، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيىۋاتقان سوغۇق ھاۋاغا ئۇ پەلتو دالدا بولالمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تېنى سوغۇق، ئىچى ئىسسىق بولۇپ قالغان، نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ھارارەت يۈگۈرۈپ قالغانىدى. كۆز ئالدىدىن بىر تال ئۆرۈمە چېچى بېلىدە سويلاپ تۇرغان زىلۋا قامەتلىك قىز نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، ھەربىر قەدىمىنى قات ـ قات ئېگىز بىنالار توسۇپ تۇرغان شەھەردىن قىزنى ئىزدەپ تېپىش ئىرادىسى قايتىدىن كۈچىيىشكە باشلىغانىدى.

ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە قەدەم بېسىپ تۇنجى قىلغان ئىشى ئۇدۇل قىزنىڭ مەكتىپىگە بېرىش بولدى، ئۇ مەكتەپنى خېلىلا تەستە تاپتى. «ئاشۇ خەت يالغان چىقىپ قالغىيتتى، يۈرەك پارەم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىققىيتتى، ئىلاھىم». مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم بېسىپلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز داۋالغۇپ كەتتى، ئالدىغا ئۆچرىغان ھەربىر ئوقۇغۇچى قىزىدەك، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بوينىغا گىرە سالىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى كالتە ئىدى، ئەڭ ئۇزۇن چاچلىقلارنىڭ چېچىمۇ دولىسىدىن ئاشمايتتى. ئانا كۆرۈشكە تەشنا بولغان، تېقىمىدا سويلاپ تۇرىدىغان توم، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ يوق ئىدى.

— مانا بۇ قىزلىرىنىڭ ئىككى ئاي ئاۋۋال مەكتەپتىن چېكىنىش توغرۇلۇق يازغان ئىلتىماسى، — دېدى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل خادىم ئانىنىڭ ئالدىغا بىر ۋاراق قەغەزنى قويۇپ، — بىز ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن چېكىنىشنى ئىختىيار قىلغان ساۋاقداشلارغا ئىمكان بار ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىمىز. ئەمما، مەجبۇرىي تۇتۇپ قالالمايمىز. ناۋادا مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپنىڭ

قائىدە ـ تۈزۈمى بويىچە جازالاپ، مەكتەپتىن مەجبۇرىي چېكىندۈرگەن بولساق، ئۇ چاغدا مەزكۇر ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى مەكتىپىمىزدە بولىدۇ. ئوقۇشتىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چېكىنگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن مەكتىپىمىز ئۇنداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مانا قاراڭ، قىزىڭىز — ساۋاقداش گۆھەرنىسا مەكتىپىمىزگە ئۆتكەن بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىنىمۇ تاپشۇرماپتۇ تېخى...

ئانىنىڭ بېشى قايدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئاجىز ۋۇجۇدىغا تۈمەنلىگەن بىگىز سانجىلدى. پۇتىنىڭ ئاستىدىكى يەر گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، ھاياتلىق توختاپ قالدى.

ئۇ ئېسىگە كەلگەندە ئۆزىنى بۇ مەركىزىي شەھەرنىڭ ئاۋات، قاينام ـ تاشقىنلىق كوچىسىدا كۆردى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى ئاۋات شەھەردە ئەمەس، چۆل ـ جەزىرىدە كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى، نىشانىنى، تەرەپنى ئىلغا قىلالمايتتى، ۋەيران بولغان يۈرىكى ھەسرەتلىك نىدا قىلاتتى:

«قىزىم، جېنىم قىزىم، گۆھەر قىزىم، نەدىسەن؟ سېنى ئىزدەپ كەلدىم. باغرىمغا باساي دەپ، ھىدىڭنى پۇراي دەپ، چىرايلىق سۇمبۇل چاچلىرىڭنى كۆزۈمگە سۈرتەي دەپ...»

ئاۋات شەھەر كۆز يەتكۈسىز دەشت ـ چۆل. ئانا مۆدۈرەتتى، سوقۇلاتتى. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ماشىنا ئاۋازى، قۇرتتەك مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئانىنىڭ سەزگۈلىرىنى بوغاتتى، دېمىنى سىقاتتى. خۇددى ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھاۋانى قىزغىنىۋاتقاندەك. ئۇنى بۇ شەھەردىن سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك.

ئانا ئەرزان باھالىق مېھمانخانىلاردا ياتتى، ئاددىي غىزالاندى، شۇنچە تېجىسىمۇ يانچۇقىدىكى پۇلى تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. مىغ ـ مىغ سۆلەتۋاز، بايۋەچچە شەھەرلىكلەر، سانجاق ـ سانجاق

كۆككە بوي سوزغان ھاكاۋۇر بىنالار ئاخىر ئۇنى ئەخلەتلەر دۆۋى-
لەنگەن، يۇندىلار ئېقىپ تۇرغان قاراڭغۇ ئارقا كوچىغا سىقىپ
چىقاردى. ئانا شۇ چاغدىلا بۇ كاتتا شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنىڭ
ئاشۇ سۆلەتۋاز شەھەرلىكلەردەك ھەشەمەتلىك، پارقىراق تۇرغىنى
بىلەن ئارقا كوچىسىنىڭ شەھەردىكى مۇساپىرلاردەك تولىمۇ ۋەي-
رانە، مەينەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەئە، ئۇنىڭ مەكتىپى-
دىكى بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە شالىنى چاچرىتىپ،
بىلەرمەنلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن مۇدىر بۇ شەھەرنىڭ ئارقا
كوچىسىنى كۆرمىگەنىكەن، كۆرگەن بولسا ئۇنچە ئاشۇرۇپ سۆز-
لىمەس ئىدى.

قىسقا قىرقىپ، بوياپ بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان چاچلىرى پاخ-
پىيىپ تۇرىدىغان، ئەرزان باھالىق گىرىم بۇيۇملىرى رېئاكسىيە
بەرگەنلىكىدىن يۈز تېرىسى كۆكىرىپ كەتكەن، قولىدىن تاماكا
چۈشمەيدىغان، چىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن سۇۋارى قاپلىۋالغان،
ئاتمىش - ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى ھالى چوڭ پور كۆتەك
ئايال — ئارقا كوچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ خوجايىنى
ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىچى ئاغرىپ كېتىپ ياردەم قىلغان ھېسابتا
بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى توخۇ كاتىكىدەك بىر ئېغىز ئۆيىنى بىر
كېچىلىكىنى ئون كويدىن ئىجارىگە بەردى. بۇ ئۆي ھەم تار،
ھەم قاراڭغۇ، ھەم سوغۇق، ھەم زەي ئىدى، پەقەتلا كۈن نۇرى
چۈشمەيتتى، لېكىن ئانا مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ ئەرزان، پاناھلىق
جاي تېپىلغىنىغا خۇش بولدى.

خوجايىن ئايال بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر يورۇق
ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە
بەرگەنىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئانا ئۇنىڭ تۆت قىزى
بارلىقىنى پەملىدى، قىزلار پات - پات كېلىپ ئانىسى بىلەن
پۇل تالىشىپ قاتتىق سوقۇشۇپ كېتەتتى.

— نېمانچە پوكىنىڭغا بېسىۋالىسەن، ياش ۋاقتىمىزدا يېمە-
گەن، كىيمىگەن، خەجلىمىگەن پۇلنىڭ قېرىغاندا نېمە كېرىكى؟
پۇلنى بېرەمسەن، يوق؟
— بەتخەجلىك قىلما، ھېلىمۇ ھەر كەلسەڭ قۇرۇق قول
كەتمەيسەن. ئىجارىنى ئەرزان قىلمىسام خەق ئولتۇرمايدىغان
بولۇۋالدى، مەن بۇ پۇللارنى گۆرۈمگە ئەكەتمەيمەن.
— سەنمۇ قېرىغىنىڭغا باقماي، يارىشامدۇ - ياراشمامدۇ
دېمەي مودا قوغلىشىپ كىيىم كىيىسەنغۇ؟ بىز كىيسەك بولمام-
دىكەن؟
— مېنى تولا قېرى - قېرى دېمە، سەنمۇ ئاز كۈندە قېرىي-
سەن.
— قېرى بولغاندىكىن قېرى دېمەي نېمە دەيمەن، پۇل
بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟
— ئالە، مانا ئەمدى بىر ئايغىچە مەندىن پۇل سورىما. ئەرگە
بېرىپ تۇرۇپمۇ مەن باقىمەنمۇ بۇ نېمىلەرنى، ئالغان مائاشىنى
نەگە ئاپىرىدىكىنە ۋاپاسىز قانجۇقلار.
ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ئەنە ئاشۇنداق بېسىق-
قان بولاتتى، ئەمما بۇ ۋاقىتلىق ئىدى. قىزلارنىڭ بىرى كەتسە
يەنە بىرى كېلەتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق گەپمۇ، ئەركى-
لەش، ئەركىلىتىشلەرمۇ، تىل - ھاقارەتلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى.
خوجايىن ئايال خۇشى تۇتقاندا ئانىنى ياراتمىغان تەلەپپۇزدا
توۋلايتتى:
— ھەي خانىم، يۇقىرىغا چىقىپ ئوخشىتىپ بىر لەڭمەن
ئەتسىلە، سىلىمۇ يەيدىلا، مەنمۇ يەيمەن.
نازۇك تەبىئەتلىك مۇئەللىمە ئانا ئەزەلدىن زىل ئىدى.
خوجايىن ئايالنىڭ شەھەرلىكلەرگە خاس ھاكاۋۇر، پوچى، ھال-
دانلىقىدىن بىزار بولسىمۇ، تەلەپپۇزىدىكى ماڭا تاماق ئېتىپ
بەرگەن ھەققىڭگە تويغۇچە بىر ۋاخ غىزالىنىۋالىسەن دېگەن مەند-

نى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇن - تىنسىز ھالدا خوجايىن ئايالنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھەشەمەتلىك ئۆيىگە چىقىپ، ئوخ- شىتىپ تاماق ئېتەتتى. خوجايىن ئايالغا، ئۇنىڭ ئەدەپسىز، ھاكاۋۇر قىزلىرىغا تاماق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ تو- يۇپ غىزالىناتتى، ئۇ بۇ بىر ۋاخ غىزانى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگە- كىنىڭ ھەققى ھېسابلاپ ئالدىرىماي بەھۇزۇر يەيتتى.

— تاماقنى ئەجەب ئۇستا ئىكەنلا، ھەدە.

— قوللىرى تەملىك ئىكەن.

— مۇشۇنداق تاماق ئېتىپ بەرسىلە پات - پات كېلىپ تۇراتتۇق.

— ئاپامنىڭ تامىقى پەقەت تېتىمايدۇ.

قىزلار ئۇنى ماختىغان بولۇپ ئانىسىنى گەپتە چېقىۋالاتتى، ئەمما خوجايىن ئايالمۇ بوش كەلمەيتتى.

— شۇنداق، مېنىڭ ھېچنېمەم تېتىمايدۇ، پەقەت پۇلۇملا تېتىيدۇ. ھۇ، يۈزسىز جومباقلار.

ئانا ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىغا پەرۋا قىلماي قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ، ئاشخانىنى پاكىز تازىلىۋېتىپ ئاندىن سىرتقا يۈرەك پارىسىنى ئىزدەشكە ماڭاتتى.

## 6

ئانا ئارقا كوچىدا يامغۇر سۈيى كېچىپ ئىجارە ئالغان ئۆيى- نىڭ ئالدىغا ئاران كېلىۋالدى. خوجايىن ئايال ھەر كۈنلۈك ياتاق پۇلىنى ئالدىن ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرەتتى. ئۇ ھارغىن قەدەملىرىنى ئاران يۆتكەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى - دە، ئىشىكنى قاقتى.

— ھە، ئەمدى كەللىمۇ؟ — خوجايىن ئايالنىڭ چىرايى بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر خېلىلا ئوچۇق ئىدى، — ئەجەب كەچ

قالدىلىغۇ بۇگۈن؟

— يامغۇردا قېلىپ ئازراق دالدىلاندىم، — ئانا ئاشۇنداق دېگەچ ئون كوي پۇلنى خوجايىن ئايالغا تەڭلىدى، — ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىلا.

خوجايىن ئايال پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىكنى چوڭراق ئېچىپ تۇرۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرت-تى.

— قارىسىلا، ئۇستۇاشلىرى نېمانچە ھۆل بولۇپ كەتتى سىلىنىڭ؟ ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋالسىلا.

ئانا تولغلاپ دۈگدىيىپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭمۇ شۇ تاپتا بىر-ئاز ئىسسىنىۋالغۇسى بار ئىدى. ھېلىقى يەر ئاستىدىكى زەي تولغۇ كاتمكى بولسا خۇددى مۇزخانىنىڭ ئۆزى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئارتۇق تەكەللۇپ قىلمايلا ئۆيگە كىردى. دەھلىزدە تۇرۇپ ھۆل بولۇپ كەتكەن پەلتويىنى سېلىپ ئاياغ سالىدىغان ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئۆينىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىق ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىرئاز راھەتلەنگەندەك بولدى. مېھمانخانا ئۆيدىن خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىناتتى.

— ئۆيدە مېھمانلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، بىرقانچە دوستلىرىم بىلەن قىزلىرىم، — دېدى خوجايىن ئايال سۇۋارى ئالتۇن قاپلىۋالغان چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە، — بۇگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، ئۇلار تەبرىك-لەپ ئولتۇرۇپ كېلەيلى دەپ كەپتۇ.

ئانا خوجايىن ئايالنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئۆيگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ ھامان چۈشەندى.

— مېھمانغا قارىشىپ بېرىدىغان ئىش بولسا قىلىشىپ بې-رەي، بولمىسا سىلىنى مالال قىلماي.

— بەكمۇ ئەقىللىق جۇمۇ سىلى، — دېدى خوجايىن ئايال ھىجىيىپ، — قورۇملارنى ئاساسەن تەييارلاپ بولدۇق، سەل

تۇرۇپ بارلىق ھۈنەرلىرىنى چىقىرىپ ئىككى خىل تاماق قىلىپ بەرگەن بولسىلا.

ئانا دەھلىزدىن ئاشخانىغا قاراپ ماڭغاچ مېھمانلارغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مېھمانلار، تىنچلىق تۇرۇۋاتامسىلەر؟

ئانىنىڭ سالىمى ئىلىكسىز قالدى، مېھمانلار خۇددى يات بىر تىلدا گەپ ئاڭلاۋاتقاندەك «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشنىڭ ئورنىدا، ئانىنىڭ باش ـ ئايىغىغا مەسخىرىلىك قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. «ئۇلار سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز، دېگەن قائىدىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان مەخلۇقلار ئىكەن ـ دە!» سالىمى ئىلىكسىز قالغان ئانا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ ھامان مېھمانخانا ئۆيدىن «گۇررىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— قىزىق سالام قىلىدىغان ئايالكەنغۇ ئۇ.

— كىم ئۇ؟ خىزمەتكارىڭلارما؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ كېتىشلىرىنى دەيمەنا.

— تازىمۇ بىر مەتۇ سەھرالىق ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولغىنى بىلەن تاماققا بەك ئۇستا.

— شۇنداقمۇ؟

— كۆرىمىزغۇ ھېلى.

ئانا بۇ مەسخىرىلىك ئاۋازلارغا پەرۋا قىلماي چاي قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى، چاي ئۇنىڭغا تولىمۇ راھەتلىك بىلىندى، بەل ـ پۇتلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى سەل ئارام تاپقاندەك بولدى.

— بىزگە چاي ئاچىقىپ بەرسىلە، خانىم!

خوجايىن ئايالنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئانا بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى.

مېھمان ئاياللاردىن بىرقانچىسى تاماكا چېكىۋاتقان بولۇپ، ئۆي ئىچى ئاچچىق تاماكا ئىسىغا تولغانىدى. خوجايىن ئايالنىڭ

كىچىك قىزى تار ئىشتان، كۆكرەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كوپتا كىيىۋالغان، چېچىنىڭ بىر يېرىنى قىزىل، بىر يېرىنى يېشىل، بىر يېرىنى سېرىق بويىۋالغان، بەدىنىدە قىرىۋالغۇدەك ئەت يوق غۇنچە بوي چوكان يانفونىدا ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ... نېمە؟ باشلىقىم رۇخسەت بەرمىدى؟ ھەي لامزەللە، نەدىكى جالاپلىرىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە باشلىقىڭدىن رۇخسەت سورىماي يۈگۈرىسەن. ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە رۇخسەت سو-رىيالمىدىڭما؟ ئەجەب كەچتە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيدىغان ئىش بۇگۈنگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۆزۈڭنى بىلىپ دەرھال كەل! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىپ قويماي يەنە. باشقا كۈيئو-غۇللارنىڭ ھەممىسى سوۋغاتلىرىنى بېرىپ ئاپامنى تەبرىكلەپ كېتىپ بولغىلى نەۋاخ. ئويۇن ئوينىغانغا تويدۇرۇپ قويماي يەنە، كەلسەڭ ھازىر كەل! ئەتە ئەكېلىدىغان ئۇنداق سوۋغاڭنى ئاپاڭ دېگەن خوتۇنغا ئاپىرىپ بەر، ھەرقاچان ئاپاڭ دېگەن ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان خوتۇن گەپ ئۆگەتكەندۇ ساڭا. ئۆزۈڭنى سو-رىۋال. ئوينىغان دېگەن مۇنداق بولىدۇ دەپ كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ ئوينىغىلى تۇرماي يەنە، شۇنداقلا قاراپ قويىدىغان بولسامچۇ، كەينىمدىن يۈگۈرىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ قالىسەن...

يانفوننى قۇلىقىغا مەھكەم يېقىۋالغان قىز ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، خوجايىن ئايال قىزنىڭ سۆزىدىن پەخىرلىنىپ قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە سورۇندىكى باشقا ئاياللارمۇ جور بولاتتى.

ئانا مېھمانلارنىڭ چېيىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ ئاشخانىغا ئاس-تا يېنىپ چىقتى - دە، تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى، قولى ئىشتا، خىياللىرى تېخىچىلا ئىزدەپ تاپالمىغان قىزىدا ئىدى. مېھمانخا-نىدىن پات - پات كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كۈلكە ئۇنىڭ خاتىرجەم خىيال سۈرۈۋېلىشىغا ھالاقىت بېرەتتى.

ئۇ تاماقنى تەييارلاپ بولۇپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاياللار قېرى ـ ياش دېمەي قەدەھ سو- قۇشتۇرۇۋاتاتتى، خوجايىن ئايالمۇ خېلىلا مەست بولۇپ قالغان- دى. ئۆمرىدە ئاياللارنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان مۇئەللىمە ئانا خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى.

— تاماق تەييار بولغاندى، ھازىر ئەكىرىمەنمۇ ياكى…

— سەل تۇرۇپ ئەكىرىڭ، — دېدى خوجايىن ئايال ۋە قول- دىكى ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ئانىغا تەڭلىدى، — كېلىڭ، سىزمۇ بىرەر رومكا ئىچىپ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ.

ئانا ئاللىقانداق بىر قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى.

— كەچۈرسىلە، خانىم، مەن ئىچمەيمەن.

خوجايىن ئايالنىڭ كۆزلىرى كەيپتىن خۇمارلىشىپ كەتكە- نىدى، ئۇ يەنە زورلاپ تۇرۇۋالدى.

— بۇرۇن ئىچمىگەن بولسىڭىز ئەمدى ئىچىڭ. بىرەر رومكا ئىچكەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. بىلەمسىز، سىڭلىم، ھاراق دېگەن بەلەن نەرسە، يۈرەكتىكى دەردنى ئالىدۇ، ھەسرەتنى ئۇنتۇلدۇر- دۇ. سىزمۇ بىر دەردى بار ئانىغۇ؟ بۇ بىر رومكىنى ئىچىپ دەردىڭىزنى يەڭگىللىتىۋېلىڭ.

— ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىمەمسىز، ھەدە؟ ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ تۇتقاندىكىن نازلانماي ئېلىڭ.

خوجايىن ئايالنىڭ چوڭ قىزى خېلىلا مەست بولۇپ قالغان- دى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ھۆرمەتمۇ، ھاكاۋۇرلۇقمۇ بار ئىدى. ئانا بۇ مەست چوكان بىلەن تەڭ بولماسلىق ئۈچۈن چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ خوجايىن ئايالغا يۈزلەندى.

— تۇغۇلغان كۈنلىرىگە مۇبارەك بولسۇن! تەنلىرى سالا- مەت، كۆڭۈللىرى خۇشال، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن! مەڭگۇ مۇشۇنداق چىرايلىق تۇرغايلا، خانىم.

ئانىنىڭ ياخشى تىلىكى خوجايىن ئايالغا باشقىچە تەسىر قىل-

غانىدى، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىنى قۇچاقلىۋالدى.
— رەھمەت، ياخشى تىلەكلىرىڭىزگە رەھمەت، ئىچمىگەن بولسىڭىز تەڭلىك بولماڭ، مەن بۇ رومكا ھاراقنى قىزىڭىزنى تېزرەك تېپىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەي، ئانا ـ بالا ئىككىڭلار تېزرەك جەم بولغايسىلەر.
خوجايىن ئايال مەست بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ مەست ھالەتتە تىلەك تىلىگەن بولسىمۇ مۇئەللىمە ئانا يەنىلا خۇشال بولدى، ھاياجانلاندى، كۆزىگە «مۆللىدە» ياش ئالدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بۇ مەركىزىي شەھەرگە قەدەم باسقىنىدىن كېيىنكى ئاڭلىغان تۇنجى ياخشى تىلەك ئىدى.
مېھمانلار تاماقنى يەپ بولۇپ بىرەر سائەتتىن كېيىن تارقىلىشتى. ئانا مېھمانخانا، ئاشخانىلارنى پاكىز تازىلىدى.
— پەسكە چۈشۈپ كېتىمەن دېمەڭ، بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ. ھەدە ـ سىڭىل ئىككىمىز بىر دەرد تۆكۈشۈۋالايلى. سىزنىڭ دەردىڭىز كۆپمۇ، مېنىڭمۇ؟... كېلىڭ، قونۇپ قېلىڭ...
ئانا خوجايىن ئايالنى يانفۇزۇپ يەر ئاستىدىكى ياتاق ئۆيىگە چۈشۈپ كەتتى. كېچە ھاۋاسى تېخىمۇ سوۋۇپ كەتكەنىدى. يامغۇر تېخىچىلا سىم ـ سىم يېغىۋاتاتتى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، شەھەر تېخىچىلا ئۇخلىمىغانىدى، ئېگىز بىنالارنىڭ چىراغلىرى باشقىچە يورۇپ كەتكەن، ئادەملەر تېخىچىلا ئالدىراش، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ماشىنا ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، شەھەر يەنىلا شاۋقۇنلۇق.
شەھەردە ئادەملەر مىغ ـ مىغ، ماشىنىلار سەپ ـ سەپ، بىنالار ئورمان. تۇمان ئارىسىدا خىرە كۆرۈنىدىغان قۇياشنىڭ نۇرى كۆز قاماشتۇرالمايدۇ، خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جۇلاسىنى يوقاتقان مېھىر ـ شەپقەتتەك.

# 7

بۈگۈن ھاۋا خېلىلا ئوچۇق ئىدى. شەھەر كۈندىكىگە ئوخ-
شاش شاۋقۇنلايتتى. تاغدەك ئېگىز بىنالار ئانىنىڭ يولىنى توسۇ-
ۋالماقچى بولغاندەك گىدىيىپ تۇراتتى. ماشىنىلار ھاشارچى چۈ-
مۈلىلەردەك ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي چاپاتتى. ئانا ئالدىراش
ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرگە ئۈمىد بىلەن قارايتتىيۇ، شۇ ھامان
يەنە ئۈمىدىنى ئۈزەتتى. چۈنكى، بۇ شەھەردە ھېچكىم بىلەن
ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىسا ھېچ-
كىمنىڭ ئىشىغا ھېچكىم دەخلى قىلمايتتى، مەنپەئەت زۆرۈرىيد-
تى تۇغۇلمىسا ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. كىملەردۇر
ئەمچەك - مەيدىسىنى ئوچۇق قويۇپ، كىملەردۇر كاسا - يوتى-
سىنى ئوچۇق قويۇپ، كىملەردۇر كىندىك - دۈۋسۈنلىرىنى
ئوچۇق قويۇپ يۈرۈۋېرەتتى، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار، ئاپئاق
چاچلىق مومايلار ئالدىدا ياشلار قۇچاقلىشىۋېرەتتى، سۆيۈشۈۋې-
رەتتى، بىھايا چاقچاقلارنى قىلىپ ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈشەت-
تى. ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرنىڭ چېچى ئۇزۇنراق ئىدى، ئەر-
لەرنىڭ زىلۋا بويلۇقلىرى جىقراق، ئاياللارنىڭ سوقا - سەندەل-
دەك قامەتلىكلىرى جىقراق ئىدى. قىزلار بودەك، ئوغۇللار
ئاۋاق ئىدى. ئانا ئاشۇ شەھەرلىكلەردىن ياردەم سورىماقچى بولات-
تىيۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قانداق تەرزدە گەپ قىلىشنى بىلەلمەيتتى،
چۈنكى ئۇلار ئانىغا كۆزىنىڭ قىرىدىمۇ بولسا قاراپ قويمايتتى.

«بىرەر تونۇش - بىلىشلەر ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ
كاشكى...»

شۇ كۈنلەردە شەھەر كوچىلىرىدىن قىزىنى تەنھا ئىزدەپ
زېرىككەن ئانا، بىرەر تونۇش كىشىدىن ياردەم سوراش نىيىتىگە
كەلگەنىدى. ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيدىغان بۇ ناتونۇش شەھەردە
قىزىنى بۇنداق نىشانسىز، مەقسەتسىز ئىزدەپ مەڭگۈ تاپالمايدى-

غانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى، شەھەر بەكمۇ چوڭ، ئادەملەر ساناپ تۈگەتكۈسىز جىق ئىدى. ئۇنىڭ قىزى بىلەن كوچىدا تاسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك ئىدى. بەلكىم ئۇ ئون مېتىر يىراقلىقتىكى قىزىنى بۇ مىغ - مىغ ئادەم دېڭىزى ئارىسىدىن كۆرۈپ پەرق ئېتەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلدى، ھېس قىلغانسېرى ئاللىكىملەردىن ياردەم سوراش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ھېلىقى كۈنى خوجايىن ئايالدىن مەسلىھەت سورىغانىدى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلمەيدىغان ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابى تېخىچىلا يۈرىكىگە بىگىز بولۇپ سانجىلىپ تۇرماقتا.

«قىزلىرىنى بىر يىل ئىزدىسىلىمۇ كوچىدىن ئۇچرىتالمايلا. ئەڭ ياخشىسى قاۋاقخانا - ئىشرەتخانىلاردىن، دەڭ - ساراي، مېھمانخانىلاردىن، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت قونالغۇلاردىن ئىزدەپ باقسىلا. مەكتەپتە ئوقۇماي چىقىپ كەتكەن قىزلار نېمە ئىش قىلالماقچىدى، بىر بولسا قاۋاقخانا - ئىشرەتخانىلاردا ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ هاراق ئىچىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، پۇل بەرگەن ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. بىر بولسا مېھمانخانا، قونالغۇلاردا تېنىنى ساتىدۇ...»

«ئېھ خۇدا، بۇنداق دەھشەتلەرنى كۆزۈمگە كۆرسىتىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. قىزىم ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇنداق يولغا ماڭمايدۇ. قىزىم، جېنىم قىزىم، نەدىسەن، گۆھەر قىزىم؟»

ئانا قىزىنىڭ ئۇنداق يولغا ماڭمايدىغانلىقىغا، نومۇسىنى، تېنىنى ساتمايدىغانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۇرۇشكە تىرىشسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى كاۋاك ئىدى. قاباھەتلىك ئېھتىماللىقلار يۈرىكىگە سايە تاشلاپ، كاللىسىنى قوچۇۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىزىنى ئىزدەپ تېپىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. پۇت - قوللىرىدا ماغدۇر قالمىسىمۇ جان - جەھلى بىلەن كوچا ئارىلايتتى.

تى.

ئانا قىزىنىڭ سۈرىتىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. دەسلەپتە بالا
ۋاقتىدىكى سۈرىتىنى ساقلىدى. كېيىن بالا ۋاقتىدىكى سۈرىتى-
نىڭ ئورنىغا بوي تارتىپ، رەسىدە بولۇپ، خۇددى پورەكلەپ
ئېچىلغان ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ قالغان سۈرىتىگە ئالماش-
تۇرۇۋالدى.

ئانا ئاخىر قىزىنى ئىزدەپ ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئېلان
بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ نىيەت ئانىنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد
شامىنى ئاجىز پىلدىرلاتتى. ئۇ سۈرەتنى مەھكەم تۇتقىنىچە كىم-
لەردىندۇر سوراپ، دوقۇرۇپ يۈرۈپ گېزىتخانىنىڭ ئالدىغا كەل-
دى. «گېزىتكە ئېلان بەرسەم قانداق بولار، قىزىم گېزىتتىكى
ئېلاننى كۆرەرمۇ؟ كۆرمەي قالسىچۇ؟ گېزىت دېگەننىڭ بارمايدى-
غان يېرى يوق، يۇرتتىكىلەر كۆرۈپ قالسىچۇ؟ ئۇلار نېمە دەر،
قىزىم ھەققىدە قانداق چۆچەكلەرنى توقۇشار، ياق ـ ياق، گېزىت-
كە ھەرگىز ئېلان بەرمەي. دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، قىزىم-
نىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆككىلى تاسلا قاپتىمىنا...» ئانا مىڭ
تەستە ئىزدەپ تاپقان گېزىتخانىنىڭ ئالدىدىن دەرھال ياندى.

«تېلېۋىزوردا ئېلان بەرسەمچۇ؟ توغرا، بۇ شەھەرنىڭ تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇرى بىزنىڭ ئۇ يىراق سەھرادىكى
تېلېۋىزورلاردا چىقمايدۇ. ئەمما، قىزىمنىڭ دوستلىرى،
تونۇش ـ بىلىشلىرى نېمىدەپ قالار. قىزىمنى مازاق قىلماسمۇ؟
ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ قىزىمنى كۆزگە ئىلماسمۇ...» ئانا
توختىماي باش قاتۇراتتى. كىملەرنىڭدۇر ئۆزىگە ياردەم بېرىشى-
نى، قىزىنى ئىزدىشىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، كىم-
دىن ياردەم سوراشنى بىلمەيتتى. قۇربى يەتسە جاھانغا ئاڭلانغۇ-
دەك قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىسا قىزى ئاڭلار بولغىيمىدى،
ئۇنى ئىزدەپ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلەر بولغىيمىدى. ئانا ـ بالا
باغرىنى ـ باغرىغا يېقىپ قۇچاقلىشىپ كېتەر بولغىيمىدى. ئاھ

پەلەك، نېمانچە تەتۈر قىينايدىغانسەن بىچارە ئانىنى.

ئانىنىڭ ئۈمىدسىز بىچارە كۆزلىرى بەش - ئالتە قەدەم نېرىدىكى يول بويىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان تۆت نەپەر يىگىتكە، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئاشۇ ياشلار ئارىسىدىكى بىر يىگىتكە تىكىلدى. يىگىت ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇش چىراي كۆرۈندى. «كىم بولغىيتتى. چىرايى ئەجەب تونۇش كۆرۈنىدۇ - يا، بىرىگە ئوخشاتتىممۇ - يا؟ نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم، خۇدايىم...»

ئانا بارلىق زېھنىنى يىغىپ ئەسلەشكە تىرىشتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈپۈرلەپ كەتتى.

«شۇ - شۇ، دەل ئۆزى شۇ. ئاشۇ ناخشىچى يىگىت شۇ! ئانا، ئوقۇتقۇچى، ۋەتەن ھەققىدە ئادەمنى ھاياجانغا سېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان يىگىت شۇ. توغرا مەن ئۇنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپتىكەنمەن. يېقىملىق ئاۋازىدا ئوقۇغان ناخشىلىرىنى تەكرار - تەكرار ئاڭلاپتىكەنمەن...»

ئانا يىگىتنى خاتا تونۇمىغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە. ئۇ تېلېۋىزوردىن يىگىتنىڭ ئانا ھەققىدىكى ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ چىرايى ئانىنىڭ ئېسىدە شۇنچە ئېنىق قالغانىدى. يىگىت ھازىر بۇ شەھەردىكى نامى بار ساناقلىق ناخشا - چولپانلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئانا ئاجىز بىر ئۈمىدتىن روھلاندى.

«دەردىمنى ئېيتاي، ئۆزۈم ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئانا، ۋەتەن، ئۇستاز ھەققىدە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ ناخشا ئېيتىدىغان سۆيۈملۈك ناخشىچى يىگىتتىن ياردەم سوراي. ھەئە، بۇنداق داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ تونۇش - بىلىشى كۆپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى جىق بولىدۇ. ئۇ ناخشىسىدا بارلىق ئىشتىياقى بىلەن مەدھىيىلىگەن مېھرىبان ئانىلارنىڭ، جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى مەن بولمەنغۇ ئاخىر...»

ئانا ئويلىغانسېرى غەيرەتلەندى. ناخشىچى يىگىتنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۆزلىرى ھېلىقى ئاتاقلىق ناخشىچى ××× يىگىت بالام بولاملا؟

ئانىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن ناخشىچى يىگىت قىلچىلىك بىنورماللىق ھېس قىلمىدى. خۇددى قائىدە ئەزەلدىن شۇنداقتەك. ئۇنىڭغا كىملەردۇر سالام بېرىپ ئەھۋال سوراپ تۇرىدىغاندەك. ھەئە، ئۇنى تونۇيدىغانلار، تونۇشقۇسى كېلىدىغانلار، ھەر خىل سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىدىغانلار جىق ئىدى. ناتونۇش كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشاتتى، ئەھۋال سورايتتى، بىرەر پىيالە چاي ئىچىشكە، تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى. شۇ تاپتا يىگىتنىڭ نەزىرىدە بۇ بىچارە مۇئەللىمە ئانىمۇ ئاشۇ يۈزلىگەن ناخشا مەستانىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، خالاس.

— شۇنداق، — دېدى ناخشىچى يىگىت ئانىنىڭ سالىمىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەي گىدەيگەن ھالدا.

— مەن جەنۇبنىڭ يىراق سەھراسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن، بۇ شەھەرگە قىزىمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئانا ئۆزىنىڭ ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم ئانا ئىكەنلىكىنى ناخشىچى يىگىتكە بىلدۈرۈشكە تىرىشىپ، تەمتىرىگەن، ھودۇققان ھالدا گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، — قىزىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى، بىر كۈنى قىزىمنىڭ مەكتىپىدىن بىر پارچە خەت كەلدى...

ناخشىچى يىگىت بۇ ناتونۇش ئانىدىن ماختاش، مەدھىيە تەمە قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىزلا سالام بەرگەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئېيتقان قايسىبىر ناخشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ۋاقتى يەتسە بىر ۋاخ تاماق يېيىش، بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشاتتى. يىگىت ئاشۇنداق ماختاش - مەدھىيىلەرنى ئاڭلاۋېرىپ

خۇددى تىلەمچىگە ئوخشاش تەمەخور بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، بۇ ناتونۇش ئايال بولسا ئۇنى ماختاش، ئۇچۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن نەدىكى بىر ئېغىز بىلەن بېغى يوق گەپلەرنى قىلىپ تىلىنى چايناۋاتاتتى. ئۇ بىزارلىق بىلەن ئانىنى سىلكىشلىدى.

— سىلى نېمە دېمەكچى، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسىلە.

ئانىنىڭ يۈزى «ياللىدە» ئوت ئالدى، ۋۇجۇدى خورلۇقتىن ئۆرتەندى، ھودۇقىنىدىن دېمەكچى بولغان گەپلىرى كاللىسىدىن قېچىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشتى.

— قىزىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ئايدىن بېرى ئۇنى ئىزدەۋاتىمەن، پەقەتلا تاپالمىدىم، بالام. بىرەر ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ قىزىمنى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىشىغا تولىمۇ موھتاج بولۇپ قالدىم...

ناخشىچى يىگىت ئانىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە يەنە تەپتى، خۇددى كۆكۈيۈن چاققان ئېشەكتەك.

— مەن سىلىنىڭ قىزلىرىنى تونۇمايمەن. تونۇشايچۇ دېسەم قىزلار دېگەن ساماندەك. كۇندە ئەتراپىمنى ئەگىپ يۈرگەن قىزلاردىن قۇتۇلالماي يۈرىمەن، — ئۇ ھەمراھلىرىغا قاراپ سەت ھىجايدى، — قايسىڭلار ماۋۇ خوتۇننىڭ قىزىنى تونۇيسىلەر. ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار، ئاخشام كارىۋاتىڭلاردا ياتقان قىزلاردىن بىرەرى شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

يىگىتلەر «ۋەيت» قىلىپ ئۆچكىدەك مەرەشكىنىچە سەت كۈلۈشتى ۋە ئانىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ بىھايا چاقچاقتا چۇشۇپ كېتىشتى.

— گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ باقمامسەن، ساڭا قىزىنى تونۇشتۇرۇپ كەلدىمۇ تېخى.

— قىزى سېنىڭ دەردىڭدە ئوقۇشتىن قېچىپ قالغان بولسا ئەرز قىلىپ كەلدىمۇ تېخى.

— سەنغۇ تونۇگۈن قۇچاقلاپ ياتقان قىزلارنى بۈگۈن تونۇ-

مايدىغان ۋاپاسىزلاردىن.

— دوستىنىڭ كونىسى، قىزنىڭ يېڭىسى ياخشى.

يىگىتلەر ئانا بىلەن كارى بولماي ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىھايا چاقچاقلىرى ۋە ھەربىر چاقچاققا ئۇلاپ «ۋەيت» دەپ چىرقىراشقىنىچە غىتمەكلەرچە كۈلۈشلىرى كوچىنى بىر ئالدى.

چىدىغۇسىز ھاقارەتتىن دىلى ئازار يېگەن ئانا، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا يولنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇۋالدى. «ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانلار!» ئانىنىڭ يۈرىكىدىن ئاجىز پارتلاپ چىققان بۇ سادانى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. ھېلىقى يىگىتلەر چاقچاق قىلىپ ھېرىپ قالدىمۇ نېمە بىر تاكسىنى توسۇپ ئالدىقاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان ئانىنىڭ قۇلىقىغا شەھەرنىڭ سەت شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى.

شەھەردە ئادەملەر مىغ - مىغ، ماشىنىلار سەپ - سەپ، بىنالار ئورمان. تۇمان ئارىسىدا خىرە كۆرۈنىدىغان قۇياشنىڭ نۇرى كۆز قاماشتۇرالمايدۇ، خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جۇلاسىنى يوقاتقان مېھىر - شەپقەتتەك.

## 8

— خانىم، ھوي خانىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

بىر كىمنىڭ تارتقۇچلاپ يەڭگىل سىلكىشىدىن ئېسىگە كەلگەن ئانا، ئۆزىنىڭ يولنىڭ قىرىدا بىھوش يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى چوقىسىغا تۈرمەكلىۋالغان، بويىنىغا قارا رەڭلىك يوغان يىپەك ياغ-

لىق سېلىنۋالغان، سۆلەتلىك كىيىنگەن، ئاتمىش ياشلاردىن ھالـ
قىغان بولسىمۇ ناھايىتى جۇشقۇن، روھلۇق كۆرۈنىدىغان نازاـ
كەتلىك بىر خانىم ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— كەچۈرسىلە، سىلىنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، — دېدى ئانا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى سۆلەتلىك خانىم، — مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يولنىڭ قىرىدا تۇرغاندەك قىلىۋىدىم، قانداقسىگە بۇنداق يېتىپ قالدىمكىنتاڭ.

ئانا ھېلىقى ناخشىچى يىگىت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قىلىـ
غان ئەدەپسىزلىكىنى، ھاياسىز ھاقارەتلىرىنى تىلغا ئالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۆتۈلمىگەن ھاقارەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى يوشۇردى.

سۆلەتلىك خانىم ئانىنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھـ
تىيات قىلغاندەك چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— شۇنداقلا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، يول قىرىدىلا يېتىپ قاپسىز. كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىز شۇنداق رەتلىك ھەم پاكىز، خالىغان يەردە يېتىپ قالىدىغان ئادەملەرگە پەقەتلا ئوخشىمىدىـ
ڭىز، بىرەر تۇتقاقلىق كېسىلى بولسا تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېـ
لىپ يېتىپ قالغان بولمىغىيدى دەپ ئويغىتىپ بېقىشىم. گەپ ـ سۆزلىرىڭىزدىن قارىغاندا بۇ شەھەرلىك ئەمەستەك قىلامـ
سىز نېمە؟

— شۇنداق، — دېدى ئانا ھەسرەتلىك تىنىپ، — بىر ئايدىن ئاشتى، قىزىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

ئانىنىڭ كۆزىدىن «مۆللىدە» ياش ئەگىدى.

شۇنچە كۆنلەردىن بېرى تۇنجى قېتىم ناتونۇش بىرەيلەن ئۇنىڭدىن ھالىڭ نېچۈك دەپ سوراۋاتاتتى. ھەئە، بۇ شەھەردىمۇ كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ناتىۋانلارغا مېھىر ـ شەپقەت قولـ

نى سۆندىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.

سۆلەتلىك خانىم مۇئەللىمە ئانىنىڭ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى.

— يۇرۇڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئەھۋاللىشايلى.

ئانىنىڭ يۇرىكى «شۇررىدە» ئېرىپ كەتتى.

— سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن.

— قويۇڭ ئۇنداق تەكەللۇپلىرىڭىزنى، — دېدى سۆلەتلىك خانىم كەسكىنلىك بىلەن، — نېمە ئۇ ئاۋارە قىلىش دېگەن، ئىنساننىڭ ئىنسانغا ئىنسانلىق قەرزى بولىدۇ. سىز مېنى ئاشۇ ئادەمىيلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلسىڭىزلا بولىدى.

ئانا بۇ كەسكىن، مېھرى ئىسسىق خانىمنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

— پۇت - قولىڭىزنى سوزۇپ بىردەم يېتىۋېلىڭ، — دېدى سۆلەتلىك خانىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بۇيرۇق تەلەپپۇزدا سۆزلەپ، — مېنى ئاۋارە قىلدىم دەپ قەتئىي ئويلىماڭ، ئۇنىڭ-غىچە مەن سىزگە پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىغا بارغۇدەك قىلىپ بىر چىنە ئۇگرە ئېتىپ بېرەي.

ئۇلار ئۇزاق ھال - مۇڭ بولۇشتى. ئانا ھە دېگەندە ئۆپكى-دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىڭلىم، بالا دەردىنى تارتمىغان ئانا بارمۇ؟ — دەپ تەسەللى بەردى سۆلەتلىك خانىم، — كىشىلەر ئانىلار ئۇلۇغ، دېيىشىدۇ. ئانىلارنىڭ ئۇ-لۇغلۇقى دەل پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش روھىدا. مەنمۇ بىر ئانا، يەنە كېلىپ سىزگە ئوخشاشلا بىر ئوقۇتقۇچى. ئىككى يىل بولدى پېنسىيىگە چىقىۋالدىم. مەن چۈشىنىمەن، ئاشۇ يىراق سەھرادا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان سىلەردەك مۇئەل-لىملەرنىڭ جاپاسى بىز شەھەرلىكلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا

نەچچە ھەسسە ئېغىر. سىلەر ھەر خىل بېسىم، چېكىدىن ئاشقان ئورۇنسىز قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىدە خىزمەت قىلىسىلەر. مانا قاراڭ، مەكتەپ مۇدىرىڭىزنىڭ سىزگە رۇخسەت بېرىش ھېسابىغا مائاشىڭىزدىن بەش يۈز سوم تۇتۇۋېلىپ، ئاشۇ پۇلغا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى ياللاپ ئىشلىتىشى چېكىدىن ئاشقان قائىدىسىزلىك. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق. ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى ياللىسا ئۇنىڭغا بېرىدىغان شۇ جايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئاجراتقان خىراجەت بار. بولدىلا بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ھە شۇنداق قىلىپ قىزىڭىزنى تاپالمىدىم دەڭ. نەگە كەتتىكىنە بۇ بەڭۋاش قىز. خىجىل بولماڭ ھەم ئۆزىڭىزنىمۇ ئەيىبلىمەڭ. بۇ يالغۇز سىزنىڭ قىزىڭىزلا مېڭىۋاتقان يول ئەمەس. ئوقۇشقا كەلگەن ئاز بىر قىسىم بالىلار جەمئىيەتتىكى بىر ئوچۇم يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ، ئاشۇنداق يولدىن چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. ھازىرقى بالىلار نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدىكىنتاڭ، ئاتا - ئانىسىغا پۇل دەپ قول سۇنۇشنىلا بىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئاجايىپ بەتخەج، كىيىمنىڭ ئېسىلىگە، رېستوراننىڭ كاتتىسىغا يۈگۈرىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە بەزمىخانىدىن چىقمايدۇ. پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىڭىزنى تېپىشىڭىزغا مەن ياردەم قىلىمەن. بۇ شەھەرنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرىدە مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بار، ئۇلارنى ياردەمگە چاقىرىمەن. خوش، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىغا كېلەيلى. مانا كۆردىڭىز، يولدىشىم ئالتە يىل بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى يالغۇزمەن. بەش بالامدىن چوڭ ئۈچى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى. كىچىك ئىككىسى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ، بىرى ياپونىيىدە، بىرى ئەنگلىيىدە. ھە، دېمەكچى، قىزىڭىزنى تېپىپ بولغۇچە ماڭا ھەمراھ بولىسىز، قانداق دېدىم؟

ئانىنىڭ بۇرنى ئېچىشتى، ئۆپكىسى قازاندەك ئېسىلدى.

تەمەسسىز، خالىس نىيەت، يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ياخشىلىق
ئۇنى چەكسىز ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ بۇ كۆيۈمچان، ئۆز
سۆزلۈك، پەرىشتە سۈپەت خانىمنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى قانداق-
مۇ رەت قىلالىسۇن.

— سىلىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ ئۆپكىدىگەن ھالدا.

— تەلىپىمنى قوبۇل قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، سىڭلىم، — دېدى سۆلەتلىك خانىم خۇشاللىق بىلەن، — ئەمىسە بېرىپ ھېلى-قى ئىجارە ئالغان ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ كېلەمدۇق.

— سىلىنى ئاۋارە قىلماي، ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ كېلەي.

— ماقۇل دەڭ، مەن بىللە باراي، قايتاشىڭىزدا بۇ ئۆينى تاپالماي ئېزىپ قالماڭ يەنە.

ئۆي ئىگىسى خوجايىن ئايال بىلەن سۆلەتلىك خانىم تونۇش چىقىپ قالدى. خوجايىن ئايال سۆلەتلىك خانىم بىلەن تولىمۇ قىزغىن ئەھۋاللاشتى.

— ۋاي بۇ رەيھان ئاپپايغۇ، قانداق شاماللار ئۇچرىتىپ كەلدى سىلىنى، تىنچلىق تۇردىلىمۇ؟ شۇنداق چىرايلىق، شۇن-داق ياش، بەلەن تۇرۇپلا مانا.

— ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ياخشى تۇرۇپلا، سالامەتلىكلىرى ياخ-شىدۇ؟ — دېدى رەيھان خانىم جاۋابەن ئەھۋال سوراپ، — ھەرقاچان ئۆپكىلىرىدە ئازراق چاتاق بار، تېخى قان بېسىملىرىمۇ بارغۇ دەيمەن. نەچچە قېتىم دېدىم تاماكىنى تاشلىسىلا ئەمدى. ياش ۋاقىتلىرىدىغۇ دەردىم بار دېدىلە، قېرىپ موماي بولغاندا نېمە دەردكەن ئۇ. كۈيئوغۇل، نەۋرىلىرىنىڭ ئالدىدا سەت تۇرد-دۇ. سالامەتلىكلىرىگىمۇ زىيانلىق.

— ۋېيىيەي، مۇنۇ چوكانچاق چېقىشتۇرۇپ بوپتۇ - دە مې-نى، — دېدى خوجايىن ئايال چالا ھىجىيىپ.

— بۇ سىڭلىمىز چىقىشتۇرمىدى، ئاۋۇ بارماقلىرى چىقىش-
تۇردى. قارىسىلا، بارماقلىرى تاماكا ئىسىدا سارغىيىپ كېتىپ-
تۇ. ئاشۇ بارماقلىرى ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرسا، يەنە كىم-
دىن كۆرەتتىلە، خوش، ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى
رەيهان خانىم خوجايىن ئايالغا جىددىي قاراپ، — مۇنۇ سىڭلىمىز-
نىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئېسەدىن خەۋەرلىرى باردۇر؟

خوجايىن ئايال قاپاقلىرىنى سۇزۇپ ئانىغا بىر قارىۋېلىپ
جاۋاب بەردى:

— ۋاي بولمامدىغان. بىر ئايدىن بېرى قاقشاپ، ئاھ ئۇرۇپ
يۈرگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام. ھە، قانداق
تونۇشۇپ قالدىڭلار ئىككىڭلار؟

— بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، — دېدى رەيهان خانىم
گەپنى قىسقىلا قىلىپ.

— سىڭلىم؟— خوجايىن ئايال ئىشەنمىگەن ھالدا دىمىغىنى
قاقتى، — ئەجەب بۇ شەھەردە ھەددەم بار دېمىگەنتىڭىزغۇ ماڭا.
سىلىنىڭمۇ سەھرانىڭ يىراق جايلىرىدا سىڭىللىرى بارلىقىنى
ئاڭلىماپتىكەنمەن. قانداقسىگە ئەمدى...

— ھەي گۇلپەرى، ھەي گۇلپەرى، — دېدى رەيهان خانىم
ھەم رەنجىش، ھەم ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، — سىلى سىڭىل،
قېرىنداش دېگەننى بەكمۇ تار مەنىدە چۈشىنىدىكەنلا. شۇڭلاشقىمۇ
ئىككى قەۋەتلىك شۇنچە يوغان بىنادا ھۇۋقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرى-
دىلا. كاللىلىرىنى سىلكىۋەتسىلە، گۇلپەرى. ياش ۋاقىتلىرىدا
ئوتتەك قىز ئىدىلە. قوللىرىدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياردەملىرى-
نى ئايىمايتتىلە، بايلىق، مال - دۇنيا كۆزلىرىنى كىچىك قى-
لىپ قويدى. شەخسىيەتچى بولۇپ كەتتىلە، مېھىر - شەپقەتنى
ئۇنتۇپ كەتتىلە. شۇڭلاشقا سىڭىللىرىنى، قېرىنداشلىرىنى تو-
نۇمايلا. مانا بىر ئايدىن بېرى بۇ سىڭلىمىز قاشلىرىدا
تۇرۇپتۇ يۇ، دەردى - ئەھۋالىغا ئازراقمۇ يېتەي دېمەپلا. ياش

ۋاقىتىدىكى گۈلپەرى بولغان بولسا بۇ سىڭلىمىزنىڭ ئاشۇ بەڭۋاش قىزنى ئىزدەپ شەھەرنى قېزىۋەتكەن، ھەتتا بىزنىمۇ ياردەمگە چاقىرغان بولار ئىدى. ئۇنداق بولۇپ كەتمەيلى، دوستەك.

خوجايىن ئايال — گۈلپەرى لام - جىم دېيەلمىدى. رەيھان خانىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياش ۋاقىتلىرىدا خېلى چوڭقۇر دوستلۇق باردەك قىلاتتى. ئۇ گېپى ئوچۇق، ئاغزى ئىتتىك، مەردانە بۇ دوستىدىن خېلىلا تەپ تارتىدىغاندەك قىلاتتى. بىر چەتتە كۆزىتىپ تۇرغان ئانا بۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەزەلدىن شۇنداق، باي ھەرقاچان سېخىيدىن قورقىدۇ، خۇددى نامەرد مەردتىن تەپ تارتقاندەك.

— ئادەمنى ئەيىبلەۋەرمەي ياخشىلىق، ساۋابلىق قىلىدىغان يەرگە ھاي دەۋەتسىلە، دوستۇم، — خوجايىن ئايال قىزىرىپ كەتتى، — پىخسىق، قىزىل كۆز دەۋەرمەي قاتارىڭلارغا قوشۇۋالساڭلار ياخشى ئادەم بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس. ياخشىلىقنى ياخشىلىقتىن ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ ئىنسان دېگەن.

— كەچۈرۈڭلار، دوستەك، — دېدى رەيھان خانىم چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ سوراپ، — بىلىسىلىغۇ، مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىم بەك ئىتتىك.

— ئېغىزلىرى ئىتتىك بولغان بىلەن باغرىلىرى يۇمشاق، — خوجايىن ئايال شۇنداق دەپ ۋىلىققىدە كۈلدى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەمدى مەن بۇ سىڭلىمىزنى سىلىدىن تالىشالمايدىغان ئوخشايمەن، — ئۇ يەر ئاستى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزە ساقلاپ تۇرۇڭلار. مەن ھازىر چۈشىمەن.

ئانا نەرسە - كېرەكلىرىنى سومكىغا سېلىپ ئىشىكنى قايتىدىن تاقىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىڭلىم، — دېدى ئىككىنچى قەۋەتتىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ چۈشكەن خوجايىن ئايال، — مەڭ، بۇلار

ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاپشۇرغان ئىجارە پۇل، ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرەي. پارچە خىراجەت قىلارسىز.

— رەھمەت، بۇ پۇللارنى ئالسام بولمايدۇ، — دېدى ئانا، — بۇ سىلىنىڭ ھەققىلىرى. سىلى ماڭا بۇ ئۆينى بەرمىگەن بولسىلا ئوخشاشلا باشقا يەردىن ئۆي ئىجارىگە ئالاتتىم.

— مېنى تولا خىجىل قىلماڭ، بۇ پۇللارنى ئالمىسىڭىز مېنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ رەنجىيمەن.

خوجايىن ئايالنىڭ سۆزلىرى قەتئىي ئىدى.

— ئېلىڭ، سىڭلىم، — دېدى رەيھان خانىم كونا دوستى — خوجايىن ئايالنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، — گۈلپەرى ھەدىڭىزنىڭ سىزدىن ئۆي ئىجارە ئالغىنى توغرا. ھازىر دېگەن بازار ئىگىلىكى. ھەركىم ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە توغرا يول بىلەن پۇل تېپىشى كېرەك. كىشىلەر شەھەرلىكلەرنى پىخسىق، قىزىل كۆز، پۇلغا ئامراق دېيىشىدۇ. پۇل دېگەننى تاپقاندا ئاشۇنداق پىخسىقلىق بىلەن تېپىش كېرەك. خەجلەيدىغان جايغا كەلگەندىمۇ سېخىيلىق بىلەن خەجلەش كېرەك. گۈلپەرى ھەدىڭىزنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرسىڭىز بولمايدۇ. تېخى لازىم بولسا يەنە كېلىپ سورايمىز. گۈلپەرى ھەدىڭىزدە پۇل دېگەن ساماندەك.

— بولسا شۇنداق قىلىڭلار، — گۈلپەرى خانىم رەيھان خانىمغا قاراپ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، — مېنى تاشلىۋەتمەڭلار، دوستۇم، باشلىساڭلار سىلى قىلغان ساۋابلىق ئىشلارنى مەنمۇ قىلالايمەن.

— بولىدۇ، چوقۇم ئىزدەيمەن.

— كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭلار.

— خۇدايىمغا ئامانەت.

ئانىنىڭ ئىچ - باغرى بىردىنلا ئېلىلىپ قالدى.

«ئىنسانلار ئەسلىدىنلا ياخشىلىققا، سېخىيلىققا، مەردلىككە

مائىل. گەپ ئۇلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشتە. رەيھان خانىم ھەقىقەتەن بىر ئوت ئىكەن. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق پىخ-سىق، نامەرد ئادەملەرمۇ بىلمەيلا ئېرىپ كېتىدىكەن. ئېھ گۇل-پەرى ئاچا، سالامەت بولسىلا، خۇدايىم سىلىنىڭمۇ قىزلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن!»

## 9

ئانىغا بۇ كاتتا شەھەر جاڭگال تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ بىنالارنىڭ گىدىيىشىنى، شەھەرنىڭ شاۋقۇنىنى، ھا-شارچى چۈمۈلىلەردەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنى، كىشىنىڭ دەردىگە يېتىشكە ھەپىسىلىسى يوقتەك ئالدىراش يۈرۈشىد-دىغان مىغ - مىغ ئادەملەرنى ئانچە ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، قەلبىد-دە قىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگە-شىپ خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى.

رەيھان خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئانىنىڭ قىزىنىڭ سۈرد-تىنى يۈز نۇسخا كۆپەيتىپ تەرەپ - تەرەپكە تارقاتتى.

— بولدى ئەمدى، سىرتقا چىقماي تېلېفوننىڭ قېشىدا ئول-تۇرۇپ خەۋەر كۈتەيلى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ياخشى خەۋەر ئاڭلاپ قالارمىز.

رەيھان خانىمنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفون پات - پات جىرىڭلاپ تۇراتتى. ئانىنىڭ يۈرىكى سېلىپ كېتەتتى، رەيھان خانىمنىڭ چىرايىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. تېلېفوننىڭ كۆپىنچىسى رەي-ھان خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كېلەتتى. رەيھان خانىم تېلې-فوندا ئۇلارغا تېخىمۇ بەك جېكىلەيتتى.

— بىلدىم، يەنە تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار. ھە... ھە... ئاشۇنداق يەرلەرنى بەكرەك ئىزدەڭلار. بۇنداق ئېھتىماللىقلار-نىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

ئۇ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئانىغا تەسەللى بېرەتتى.
— ئۈمىدۋار بولۇڭ، سىڭلىم. چوقۇم ئۇچۇرى كېلىدۇ. قىزىڭىز مۇشۇ شەھەردە بولۇپ قالسىلا.
ئانا ھەسرەتلىك بېشىنى لىڭشىتاتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئۆيدە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ تېلېفون كۈتكەن بىر كۈن بىر يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلاتتى. ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان زېدىد-يەتلىك تۇيغۇلار يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلايتتى، ئىچى سىقىلات-تى، ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.
ھەپتە ئۆتكەندە چۈشكۈچە تىپتىنچ تۇرغان تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. رەيھان خانىم تېلېفوننى ئېلىپ كىملەر بىلەن-دۇر ئۇزاق مۇڭداشتى.
— سىزگە ئىككى خەۋەر ئېيتىمەن: بىرى، خۇش خەۋەر، يەنە بىرى، شۇم خەۋەر، — دېدى رەيھان خانىم، — لېكىن كاللىڭىزدا تولۇق تەييارلىق بولسۇن.
— قېنى ئېيتىۋەرسىلە، — دېدى ئانا يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا.
— خۇش خەۋەر قىزىڭىز تېپىلىپتۇ. شۇم خەۋەر ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي رەت قىلىپتۇ.
ئانا توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈدى، كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئاللىقانداق ئاچچىق، نەپرەتلىك تۇيغۇ چىرايىغا تېپىپ چىقتى.
— ماڭا بار يېرىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇ كۈچۈك بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشىمەن.
ئانا راستتىنلا غەزەپلەنگەندى. ئۇنىڭ تارتقان ئازابلىرى ئازمۇ. ئەمدى ئاران تەستە ئىزدەپ تاپقاندا ئانىنىڭ ئالدىغا يۈگۈ-رۈپ كەلمەي، «كۆرۈشمەيمەن» دېگىنىنى قارىمامدىغان. ۋاپا-سىز تاش يۈرەك، قانداقسىگە شۇنچە باغرى قاتتىق بولۇپ كەتكەن-دۇ بۇ بالا.

رەيھان خانىم ئانىغا تەسەللى بەردى:
— بولدى يىغىڭىزنى توختىتىڭ، دادىلراق بولۇڭ، سىڭلىم. قىزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك ئېيتىپ بېرەي، ھەر ھالدا ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولۇپ قالسۇن. ئوقۇغۇچىمىنىڭ دەپ بېرىشىچە، قىزىڭىز يولدىن، تاپتىن چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇ بەكمۇ ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. سىزگە مەسلىھەتىم، بۇنداق ئېزىپ كەتكەن بالىلارنى تىل - تاياق، ھاقارەت - دەشناملار بىلەن تۈزىگىلى بولمايدۇ، سالماق بولۇپ نەسىھەت قىلىڭ. ئانىلىق مېھرىڭىز بىلەن قەلبىنى ئىللىتىڭ، تەسىرلەندۇرۇڭ. شۇنداقلا زىتىغا تېگىپ قويماڭ، ئۇ سىز بىلەن تېخىمۇ بەك قېرىشىدۇ، پاتقاققا تېخىمۇ بەك پاتىدۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك چېكىلدى، رەيھان خانىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۇلارنى قىزىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىلى كەلگەنىدى.
ئۇلار بىنانىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان جىپقا چىقتى.
— قىزچاقنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ — رەيھان خانىم ئانىنى ئىمكان بار قىزىنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىيرەك خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىسىدىن قەستەن سورىدى.
— نېمە دېسەم بولار، ئاپپاي، — دېدى ئوقۇغۇچىسى رولدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — بىر يۇرۇش ئۆي ئىجارىگە ئاپتۇ، «مېھمان» كۈتىدىكەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشىدەك قىلىدۇ. شەھىرىمىزدە ھازىر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان قىزلاردىن خېلى بار، تەڭدىن تولىسى ئوقۇشتىن توختىۋالغان قىزلار.
شۇ تاپتا ئانا قىزىنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ كەتتى، قەلبى ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە مۇجۇلاتتى.
«ئانا بولدۇم دەپ قىزىنىڭ مۇشۇنداق رەسۋاچىلىقىنى كۆر-

گۈچە ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ. ئاھ قىزىم، سەندىن قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم - ھە. ئاخىر كېلىپ تالىلغان يولۇڭ شۇ بولدىمۇ؟ بۇنداق ھايۋاندەك ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ، قىزىم! ...»

ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان كونا بىر ئىشلىكلەر بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مۇشۇ بىنا شۇ، ئۈچىنچى ئىشىك، تۆتىنچى قەۋەت سول تەرەپتىكى ئۆي.

— يول باشلا،— دېدى نىمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن رەيھان خانىم ئوقۇغۇچىسىغا بۇيرۇق قىلىپ،— بۇ سىڭلىمىزنى باشلاپ بىللە ئاچىقايلى!

ئۇلار تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ئىشىك يەنە بىرنەچچە قېتىم چېكىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئېچىلدى. ئىشىك تۈۋىدە كالتە قىرقىپ بۇدۇر قىلدۇرۇۋالغان چاچلىرى پاخپايغان بىر قىز تۇراتتى، ئۇنى باغىردىقى بىلەن ئالدىدىن بىر ئىلىك توسۇپ تۇرغان كۇسىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قىپيالىڭاچ دېيىشكە بولاتتى، قىز ئانىسىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. دەقىقە ئۆتمەي چىرايى شۇنچىلىك سەت پۇرۇشتىكى، ئۇنىڭ نومۇس قىلغىنىنى ياكى ئانىسىنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىدىن رەنجىگىنىنى بىلىپ بولمايتتى. تەسۋىرلىگۈسىز بىر نومۇستىن ئېسىنى يوقاتقان ئانىنىڭ كۆز ئالدى ئالىقاچان قاراڭغۇلىشىپ بولغانىدى.

«ياق، ياق، ئۇ مېنىڭ قىزىم ئەمەس، قىزىم ئەمەس! ...»

ئانىنىڭ تىلى كالۋالاشقان، لەۋلىرى تىترەيتتى، يۈرىكىدىن چىققان ئاجىز سادا بوغۇزىدىلا ئۇجۇقاتتى، پۇت - قولىدا جان قالمىغانىدى.

قىزچاق ئىشىكنى «جالاققىدە» يېپىۋەتتى.

يىگىت ئىشىكنى يەنە چەكمەكچى بولۇۋىدى، رەيھان خانىم ئۇنى توسۇۋالدى.

— ئالدىرىما، بىزە ساقلايلى. ئۇچىسىغا كىيىم كىيىۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئۆزى ئاچىدۇ.

ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە ئون مىنۇتتەك ساقلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئانا قايتىدىن ئېسىنى يىغقانىدى.

— كۆرگەنسىز، سىڭلىم، — دېدى رەيھان خانىم ئانىغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — ئەھۋال سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ ئېغىر. شۇڭا بەردەم بولۇڭ. ئارتۇقچە غەزەپلىنىپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. كەلگۈسىنى كۆپرەك ئويلاڭ.

لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋالغان ئانا لام - جىم دېمىدى.

ئىشىك يەنە ئېچىلدى. بۇ قېتىم ئىشىكتىن قىزى ئەمەس، ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان سېمىز بىر ئەر چىقتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلارغا سەتلا بىرنى ئالىيىپ قويۇپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن كىيىم كىيىۋالغان قىز چىقتى.

— مەن ئانام بىلەنلا سۆزلىشىمەن. سىلەر ئۆيگە كىرمەڭلار. — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— بولىدۇ، ئەمىسە بىز پەستە ساقلايلى.

رەيھان خانىم ئانىنىڭ دولىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىسىنى باشلاپ چۈشۈپ كەتتى.

ئانا يىرگەنگەن ھالدا ئۆيگە قەدەم باستى. شۇ ھامان ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۆتكۈر ھاراق، تاماكا پۇرىقى بىلەن ئەتىرنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا قىز ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش، ھاراق - تاماكا پۇرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەتىر چاچقاندەك قىلاتتى. ئۆيگە كىرىشتە دېرىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭراق ئۆي مېھمانخانا بولۇپ ساپا، شىرە قويۇلغانىدى. سول تەرەپتىكى كىچىكرەك ئىككى ئېغىز ئۆيگە بىردىن كارىۋات قويۇلغانىدى.

ئۆي ئۇنچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ خېلى يامان ئەمەس سەرەمجانلاشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى.

— ئولتۇر! — دېدى قىز ئانىسىنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ.

شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر ئانا قىزىنى باغرىغا باسالمايۋاتاتتى. توۋا، ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ باغرىغا بېسىشنى كېچە - كۈندۈز ئارمان قىلىپ كەلگەن ئوماق، سۆيۈملۈك قىزى مۇشۇ شۇمىدۇر. ھەئە، ئۇنىڭ ئانا كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئۇزۇن، توم ئۆرۈمە چاچلىرىمۇ يوق ئىدى. ئانا ۋۇجۇدىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مېنى ئۇنتۇپ كەت، ئانا، شۇڭا مەن سېنى قېشىمغا كەلمىسۇن دېگەن. مېنىڭ تۇرقۇم مانا مۇشۇ.

ئانىنىڭ چىشلىرى غەزەپتىن كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مىڭ تەستە زۇۋانغا كەلدى:

— يۈر، سىرتقا چىقىپ سۆزلىشەيلى.

ئانىنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمىگەنىدى.

— سىرتقا؟

— رەيھان خانىمنىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

— كىم خوتۇن ئۇ؟ — قىز تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — ئانا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان ئىدى، — پەرىشتىدەك ئېسىل ئايال ئۇ، بارغاندا بىلىسەن.

قىز لام - جىم دېمىدى.

— ماڭامسەن، يوق؟

ئانا قىزىغا نەپرەت بىلەن چەكچەيدى. قىز ئانىسىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

ئۇلار بىنانىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا چىقتى. ئۆيگە كەلگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى.

— ئانا - بالا ئىككىڭلار قانغۇچە ھال - مۇڭ قىلىشىۋېلىڭلار، — دېدى رەيھان خانىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، — مەن

ئازراق تاماق قىلاي.

ئانا - بالا بىر - بىرىگە قاراپ ئۇزاققىچە ئولتۇرۇشتى. يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولغان ئانىنىڭ تىلى گەپكە كەلمەيتتى. قىز بۇنداق ئۇزۇن سۈكۈناتقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنچە خىجىل بولغاندەك قىلمايتتى.

— سەن مەندىن مەكتەپتىن نېمىشقا چىقىپ كەتكىنىمنى سورىما، — دېدى ئۇ ئاۋۋال گەپ باشلاپ، — مېنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىشىم ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتسىز. قىلغان ئىشلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ئىگە بولغۇچىلىكىم بار.

— نەقەدەر پەسكەشلىك بىلەن ياشاۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن، قىزىم، — دېدى ئانا قىزىغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىپ، — ئۇ سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئەمەس. ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭ كېرەك.

— نېمە قىلىسەن مېنى ئوقۇشقا بۇنچە زورلاپ، ماقۇل، ئوقۇدۇم، خىزمەت قىلىدىمۇ دەي، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بارىدىغان يېرىم يەنە شۇ تىزىمغىچە توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان سەھرايىقىيامەتتۇ ھەرقاچان. مەن ئۇ يەرگە ھەرگىز بارمايمەن. شۇڭا سېنى ئىقتىسادتىن قىيناپ نۇرغۇن پۇلۇڭنى بۇزۇپ ئوقۇغۇم يوق. مانا ئوقۇمايمۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتىمەنغۇ؟ خەجلەي دېسەم پۇلۇم، كىيەي دېسەم كىيىمىم بار. يەنە تېخى بۇ بىر كاتتا شەھەر دېگىنە...

قىز يۈزىگە «چاڭگىدە» تەگكەن تەستەكتىن تۇرۇپلا قالدى. ئانىنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئۇنىڭغا قەھر - غەزەپ بىلەن تىكىلگەنىدى.

— سەندىكى ئىنسانىي غۇرۇر نەگە كەتتى؟ — دېدى ئانا ھاسىرىغان ھالدا، — ھە، شۇمۇ تۇرمۇشمۇ - ھە، ئۇنداق تۇرمۇشنىڭ ھايۋاندەك ياشىغان بىلەن نېمە پەرقى. ساڭا بەرگەن ھالال سۈتۈمنى ھارام قىلاي دەمسەن؟ ئادەم يەپ - ئىچىپ،

كېيىش ئۇچۇنلا ياشامدۇ بۇ جاھاندا. سىنىڭمۇ ئادەمدەك ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ يوقمۇ زادى؟!

قىز ئانىسىنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلمىغاندەك بەخىرامان تۇراتتى.

— مېنى قانچىلىك ئۇرسىڭىز ئۇرۇۋېلىڭ، قانچىلىك تىللىسىڭىز تىللىۋېلىڭ، ئەمما ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، تىللايدىغاننى تىللاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال بۇ شەھەردىن كېتىڭ. مەن ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى قىيناپ نېمە قىلىسىز. مېنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— ماڭا قارا، قىزىم، ئاپاڭغا ئۇنداق گەپ قىلساڭ بولمايدۇ، — دېدى ئاشخانا ئۆيدە ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان رەيھان خانىم چىداپ تۇرالماي ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، — ئۇ سېنى شۇنچە يىراق يەردىن ئىزدەپ كەپتۇ. مانا ئاران تەستە كۆرۈشتۇڭلار. ئاپاڭنىمۇ ئويلاپ قوي. سىلەر ياشلار ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيسىلەر. ئۇ ساڭا ياخشى بولسۇن، ئىنساندەك غورۇرى بىلەن، ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشىسۇن، دەيدۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاپاڭ سېنى دەپ ياتلىق بولماپتۇ. سېنى دەپ يېمەي، كىيمەي پۇل جۇغلاپتۇ. شۇنچە شارائىت ھازىرلاپ بەرسە ئوقۇماي ئاشۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭ بولامدۇ. ئاپاڭنىڭ سەن ئۇچۇن تارتقان جاپاسىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ زادى؟

— خەقكە نەسىھەت قىلماق ئاسان، — دېدى قىز رەيھان خانىمنى مەنسىتمىگەن ھالدا، — ئۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشنى مەنمۇ بىلىمەن، ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقلىرىڭغا رەھمەت. ئەمما، بىز ئانا - بالىنىڭ ئىشىغا سىلى ئارىلاشمىسىلا. مېنىڭ گېپىم بىرلا، مەن ئۇنداق سەھراغا ھەرگىز بارمايمەن.

— بوپتۇ، بارمىساڭ بارما، — دېدى رەيھان خانىم ئۇنىڭ

سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — سەنمۇ مېنىڭ قىزىم، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدىن قول ئۈزۈپ قېشىمغا قايتىپ كەل. بۇ ئۆيدە بىللە تۇرايلى. يول مېڭىپ ساڭا مۇۋاپىق خىزمەت ئۇقۇشۇپ بېرەي. قانداق دېدىم، شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

— رەھمەت، ئاۋارە بولمىسىلا، — دېدى قىز قايىقىنى سۈزۈپ، — ماڭا قانداق خىزمەت ئۇقۇشۇپ بېرىدىغانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. مەندەك ياقا - يۇرتلۇق قىزلارغا بۇ شەھەردە تېپىلىدىغان خىزمەت ناھايىتى شۇ تازىلىق ئىشچىسى، مېھمانخانا خىزمەتچىسى، رېستوران كۈتكۈچىسى، يەنە مۇلازىمەتچى بولۇش. مېنىڭ ئۇنداق بەرگەن پۇلىنىڭ تايىنى يوق ئەتىگەندىن كەچكىچە كالىدەك ئىشلەيدىغان خىزمەتنى قىلغۇم يوق.

— ئاغزىڭنى يۇم، كۈچۈك! — ئانا قىزىنى يەنە بىر تەستەك سالدى، — ھۇ ئېشەك ئەمگەن ھايۋان. ئۆزۈڭدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنىمۇ بىلمەمسەن ئەمدى.

— مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، — دېدى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەنمۇ ئاغزىڭنى ئۈپرىتىپ يۈرمە، خوش، مەن كەتتىم.

قىز شۇنداق دېدى - دە، ئانىسىغا ئازراقمۇ تارتىشمىغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ تاپتا ئانىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، قۇلىقى غۇڭۇلدىدى، يۈرىكى — ھەئە يۈرىكى ناھايىتىمۇ ئاجىز سوقۇۋاتاتتى. ئۇ سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى.

## 10

شەھەردە ئادەملەر مىغ - مىغ، ماشىنىلار سەپ - سەپ، بىنالار ئورمان. تۇمان ئارىسىدا خىرە كۆرۈنىدىغان قۇياشنىڭ نۇرى كۆز قاماشتۇرالمايدۇ، خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدى-

كى جۇلاسىنى يوقاتقان مېھىر ـ شەپقەتتەك.
بۈگۈن ئانا قىزى بىلەن ئۈچىنچى قېتىم سۆزلەشتى.
سىم ـ سىم يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى، ئۇلار يول بويىدىكى قۇرۇپ كەتكەن چىملىقتا ئۆرە تۇرۇشاتتى. سوغۇق ئانىنى ئوبدانلا دۈگدەيتىپ قويغانىدى.
— رەيھان خانىم مەكتىپىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلار سىنىڭ ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭغا ماقۇل بولدى.
بۈگۈن ئانىنىڭ تەلەپپۇزى تولىمۇ ئاجىز، ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك، يالۋۇرغاندەك چىقاتتى.
— مەن ساڭا يەنە نەچچە قېتىم دېسەم ئىشىنىسەن. مەن ئەمدى ئوقۇمايمەن.
قىزنىڭ جاۋابى قەتئىي ئىدى، چىرايى شەھەرنىڭ يامغۇرلۇق ھاۋاسىدەك سوغۇق ئىدى.
— خۇش بولاي، جېنىم قىزىم، مېنى بۇنداق داغ ـ ھەسرەتتە قىينىما. ماقۇل، ئوقۇمىساڭمۇ ئوقۇما، بۇ شەھەردىن ئايرىلمىساڭمۇ ئايرىلما، ئەمما ئاشۇ قىلىۋاتقان مەينەت ئىشىڭدىن قول ئۈز.
ئانىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.
— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟
قىزنىڭ سوغۇق نەزىرى پەرۋاسىز ئىدى. ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭغا قىلچىلىك تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى.
— رەيھان خانىم ساڭا خىزمەت ئىزدەۋاتىدۇ. پاكىز، يەڭگىل خىزمەتتىن تېپىپ بېرىمەن. بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن كەچ كۇرسلاردا ئوقۇغىدەك شارائىت ھازىرلاپ بېرىمەن دەيدۇ. ئويلاپ باق، قىزىم، رەيھان خانىم بىزنىڭ ھېچنېمىمىز ئەمەس. ئۇ سەن ئۈچۈن ئاشۇنداق جان كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، بىلەمسەن مۇشۇنى؟ خانىمنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا: قىزلىرىمىز ئىنساندەك غۇرۇر بىلەن ياشىسۇن. مىللەتنىڭ گۈزەل

ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى قوغدىسۇن دېمەكچى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى قىز ئانىسىغا يول بويىدىكى كۆككە
بوي سوزغان ئېگىز بىنالارنى كۆرسىتىپ، — سەنمۇ، مەنمۇ
ئاشۇ بىنالاردا ياشىغان ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئىنسان. ئەمما بىز-
گە ئۇ يەردە ئورۇن يوق، ئۇلار شۇنچىلىك پوچى ھەم ھاكاۋۇر.
ئۇلار ئاشۇنداق يەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى ئەخلاقلىق،
پەزىلەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ
پەزىلىتىدىن گۇمانلانمايدۇ. بىلدىم، رەيھان خانىم ئېسىل ئايال
ئىكەن. ھەممە ئادەم ئۇنىڭدەك بولسا ئىدى، سەن بىلەن مەن
بۇنداق دەتالاش قىلىپ ئولتۇرماس ئىدۇق. بىلەمسەن، ئانا،
مېنى ئەنە ئاشۇ ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنادا ياشايدىغان، پۇزۇر
كىيىنگەن سالاپەتلىك كىشىلەر مۇشۇ تۇرمۇش يولىغا قىستاپ
ئەكىرىپ قويدى. ئۇلار مېنىڭ ساددىلىقىمدىن، شەھەرگە، شە-
ھەرلىكلەرگە ھەۋەس قىلىشىمدىن پايدىلاندى. قولىدىكى تۇتام ـ
تۇتام پۇللىرى ئارقىلىق ھەممە ھايۋانلىقلىرىنى يوشۇرماقچى بول-
دى. مەن ئاخىر چۈشەندىم. پۇل بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى
بولىدىكەن، ئىپلاسلىقلىرىنى، رەزىللىكلىرىنى يوشۇرغىلى بو-
لىدىكەن. ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولغىلى، ئالۋاستىدىن پەرىش-
تىگە ئۆزگەرگىلى بولىدىكەن. كوچىدىكى ھېلىقى ئېلانلارنى
كۆرگەنسەن. سەندىن نومۇس قىلماي دەپ بېرەي: بىر قىزلىق
پەردىسىنىڭ قىممىتى ئاران ئىككى ـ ئۈچ يۈز كوي. پەقەت
ئاشۇنچىلىك پۇل بولسىلا ئادەم يەنىلا يۈزى ئېچىلمىغان، مەسۇم
قىز بولۇۋالغىلى بولۇۋېرىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەن-
سەن. ھەئە، شۇڭا پۇل تاپىمەن. ھەرقانداق ۋاسىتىنى قوللىنىپ
بولسىمۇ پۇل تاپىمەن. بۇ پوچى، سۆلەتۋاز، ھاكاۋۇر شەھەرلىك-
لەرنىڭ پۇللىرىنى پاك ـ پاكىز سورۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ
پۇل بىلەن ئۇلاردىنمۇ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك، ئۇلاردىنمۇ سۆ-
لەتۋاز، ھاكاۋۇر بولۇپ ياشايمەن، ئۇلارنى كۆزۈمگە ئىلماي

ياشايمەن. سەنمۇ بىر ئۆمۈر بالا ئوقۇتتۇڭ. ياشلىقىڭ، گۈزەل جامالىڭ بور توزۇندىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ كەتتى. نارتىمىغان جاپالىرىڭ قالمىدى. مەكتەپ مۇدىرىدىن، ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن ھاقارەت ئىشتىپ تۇردۇڭ. ئۇلار پەقەت ئاغزىدىلا، «ئوقۇتقۇچى ئۇلۇغ» دەپ قويىدى. شۇنچىلىك تارتقان جاپايىڭغا تۇشلۇق قانچىلىك پۇل تاپتىڭ، قانچىلىك ھالاۋەت كۆردۇڭ. قارا، تۇرقۇڭ مومايغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. سەندىن رەي- ھان خانىم ياش كۆرۈنىدۇ. مەن ئۇنداق جاپانى تارتمايمەن. ماڭا ھازىر پۇل بولسىلا بولدى.

شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ قىزىنى قايىل قىلالمىغان ئانا قىزىنىڭ ئالدىدا «موككىدە» تىزلاندى، قىزىنىڭ پۇتىنى قۇچاق- لاپ تۇرۇپ يىلىندى.

— سەندىن ئۆتۈنەي، قىزىم، گېپىمگە كىرگىن.

— ھەرقانچە يالۋۇرغىنىڭ بىكار، — دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن، — سەن خىيالىڭدا مېنى يۈزۈمنى تۆكتى دەپ ئويلايسەن، مەنمۇ چىن دىلىمدىن بۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمايمەن. ئەمما، قىلماي ئىلاجىم يوق. مەن ئۈچۈن بۇ پۇل تېپىشنىڭ، كەلگۈسى مەقسەتلىرىمگە يېتىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى. نېمانچە كۆزۈمگە كىرىۋالىسەن، پەقەت كۆڭۈل توختىتالمىساڭ مېنى ئۆلدىگە چى- قىرىۋەتسەڭلا بولمىدىمۇ. زادى نىيىتىمدىن يانمايمەن دېسەڭ، مېنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكۈمنى ئەكەت. تىرىكلا بولىدىكەنمەن، ئۆ- زۈمنىڭ دېگىنى بويىچە ياشايمەن.

قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئانىنىڭ ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر خىيال چۇلغىۋالدى، ئانا بۇ خىيالدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەت- تى. ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكى ئانىلىق ۋىجدانىنى توختىماي ئەيىب- لەيتتى. «سەنمۇ ئانا بولدۇڭمۇ؟ بىر قىزنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىيەلمىگەن، كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ يامان يولدىن توسۇيالمىغان، قايتۇرالمىغان ئادەمنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتى

بارمۇ؟ ئوقۇتقۇچى بولۇشچۇ؟ ئۆز پەرزەنتىگە تەربىيىسى يۇقمىغان ئانىنىڭ باشقىلارنىڭ پەرزەنتىنى تەربىيىلەش سالاھىيىتى قانچىلىك بار؟ ئۇنىڭ ئاشۇ يىراق سەھرادىكى سەبىيلەرگە ئەخلاق - پەزىلەت، ئادەمىيلىك ھەققىدە يۈزى چىمىلدىماي گەپ قىلىشقا تىلى بارارمۇ؟...»

ئانا قىزىنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزگەنىدى. ئۇنىڭ تۇنۇگۈن رەيھان خانىم بىلەن قىلىشقان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىدى.

— قىزىمنى پەقەتلا گەپكە كىرگۈزەلمىدىم، — دېگەنىدى ئانا ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — قانۇن ئورۇنلىرىدىن ياردەم سورىساق قانداق بولار؟

— قانۇندىن ياردەم سورىساق تامامەن بولىدۇ، — دېگەنىدى رەيھان خانىم، — مەن قانۇننىڭ ئاشۇ ئازغان بەڭۋاش قىزنى روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ چىقالايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالمىساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرىنى تېگىشلىك جازاغا تارتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— سىلىچە قىزىمغا قانداقراق جازا بېرەر؟

— ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىش، شەھۋانىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنسە، يېنىكرەك بولغاندا جەرىمانە تۆلەيدۇ، ئېغىرراق بولغاندا ئىككى - ئۈچ يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ.

— ئۇنداقتا قانۇندىن ئارىلاشتۇرمىغان ياخشىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئانا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى رەيھان خانىم ئانىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمەي.

— ئەگەر قانۇننىڭ جازاسى سىلى دېگەننىڭ سىرتىغا ئۆتەلمىسە ئۇ چاغدا ئىككى خىل ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ: بىرى، بەلكىم قىزىم گۇناھىنى تونۇپ ئادەم بولۇش يولىغا مېڭىشى، ھاياتىنى

قايتىدىن باشلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ئون پىرسەنت-كىمۇ يەتمەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئۇ تېخىمۇ بەك تاپتىن چىقىپ كېتىشى، پاتقاقتا تېخىمۇ بەك پېتىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى مەن قىزىمنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان چۈشىنىمەن.

— ئەمىسە قانداق قىلاي دەيسىز؟ قاراپ تۇرۇپ ئۇنى بۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك بولماس.

— مەن يەنە ئويلىنىپ باقاي، — دېدى ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن مەن ئۇنى بۇ يولدىن توسقىنىم توسقان.

ئانا ئانچە ئۇزاق ئويلىنىپ كەتمىدى. ئۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى. ئانا قىزىنىڭ پۈتىنى قويۇۋېتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، خاتىرجەملىك بىلەن قىزىغا يۈزلەندى.

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. مەن كەتسەم كې-تەي، ئەمما بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنداپ بېرىسەن.

قىز خاتىرجەملىك بىلەن تىندى، يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك دومىلاپ چۈشكەندەك چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتتى.

— قېنى دەڭ، نېمە شەرت ئۇ؟

— شەرت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئانا خىيالچان-لىق بىلەن، — سېنى ئىزدەپ بۇ شەھەردە ئىككى ئايغا يېقىن تۇرغان بولسامۇ تۈزۈك بىر تاماشا قىلمايتىمەن. بۈگۈن مېنى كوچا ئايلاندۇر. بىر ۋاخ ئوبدانىراق غىزالىنىۋالايلى، ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭايلى.

قىز بۇ شەرتلەرگە رازىمەنلىك بىلەن قوشۇلدى. ئۇلار بىر-قانچە سودا سارايلارنى ئايلاندى. قىز ئانىسىغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ ئانا قەتئىي رەت قىلدى. ھەشە-مەتلىك بىر تېز تاماقخانىغا كىرىپ خالىغانچە غىزالاندى. بۇ جەرياندا ئانا قىزىغا پەقەتلا گەپ قىلمىدى، ئوزايىدىن ئانا نىيىتى-دىن پۈتۈنلەي يانغاندەك قىلاتتى. تاماق پۇلى تۆلەيدىغان ۋاقىتتا،

ئانا ـ بالا سەل قىزىرىشىپ قالدى.

— پۇلنى مەن بېرەي، — دېدى قىزچاق ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

— ياق، ئۆزۈم بېرىمەن، — دېدى ئانا قەتئىيلىك بىلەن.

— ماقۇل دېسىڭىزچۇ، ئانا، — دېدى قىز يېلىنغان هالدا، — سىزگە بىرەر ۋاخ تاماق ئېلىپ بەرگۈچىلىكىم بار.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى ئانا قىزىغا يول قويماي، — ئەمما ئۇ پۇللار پاكىز ئەمەس. مەن هالال مېهنەت بىلەن كەلگەن پۇلغا تاماق يەيمەن. سېنىڭ پۇلۇڭغا ئېلىپ يېگەن تاماق مەن ئۈچۈن ئېشەك گۆشى بىلەن باراۋەر.

قىز لام ـ جىم دېيەلمىدى. ئانىنىڭ قورسىقى سەل بوشىغاندەك بولدى. قىزنىڭ يانفونى توختىماي جىرىڭلاپ تۇراتتى. ئۇ كىملەرگىدۇر بىرەر سائەتتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە ۋەدە بېرەتتى ـ دە، ئانىسىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى، قارىماققا ئانىسى بىلەن خوشلىشىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كۆرگەنسىز، مەن مۇشۇنداق ئالدىراش، — دېدى قىز ئانىسىغا يانفونىنى كۆرسىتىپ، — مېنى كەچۈرۈڭ، ئانا. مەن بۇ تۇرمۇش يولۇمدىن هەرگىز قايتالمايمەن. ئەگەر بۇ شەهەرگە يەنە كەلسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، بولسا تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭ. ناۋادا كېيىنچە كاللىڭىزدىن ئۆتۈپ قالسا، پېنسىيىگە چىقىپلا بۇ شەهەرگە يېنىپ كېلىڭ. ئاشۇنداق هەشەمەتلىك بىنالاردىن ئۆي ئېلىپ بېرىمەن. ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ چوڭ شەهەردە راهەتتە ياشايسىز.

ئانا قىزىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— شۇ تاپتا مەن بىلەن خوشلىشىشقا ئالدىراۋاتىسەن ـ هە؟

— هامان خوشلىشىدىغان گەپ ـ دە، — دېدى قىز مېڭىشقا ئالدىراپ بىتاقەتلىك بىلەن.

— مەندىن ھەرقانچە بىزار بولۇپ كەتسەڭمۇ، بۇنچە ئالدىراپ كەتمە، — دېدى ئانا، — يەنە بىردەم بىللە بولايلى.

قىز ئۈن - تىنسىز ئانىسىغا ئەگەشتى، بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ يانفونى بىرنەچچە قېتىم يەنە سايرىدى.

— بۇ شەھەردىكى ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولامدۇ؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى ئانا.

قىز ئانىسىنىڭ بۇ سوئالىدىن بىرئاز ئەجەبلەندى.

— قانداق دەيسەن؟

— بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېگىزدىن كۆرۈپ باققۇم بار. بۇ تەلپىم بەك ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟

قىز بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئانىنى ھەشەمەتلىك بىر مېھمانسارايىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ بىنا بولامدىكەن؟— دېدى قىز ئانىسىغا قاراپ، — گەرچە بۇ بىنا شەھەردىكى ئەڭ ئېگىز بىنا ھېسابلانمىسىمۇ، ئېگىزلىكى يىگىرمە ئۈچ قەۋەت كېلىدۇ. ئۆگزىسىگە چىقساق شەھەرنى تولۇق كۆرگىلى بولىدىغۇ دەيمەن.

— قېنى، ئەمىسە يول باشلا.

مېھمانسارايىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن قىز تونۇشتەك قىلاتتى. ئۇ خىزمەتچى قىزلار بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى. ئۇلار لىفت بىلەن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشتى.

بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ھەر خىل گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان بولۇپ، ئۇيەر - بۇ يەرگە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئۆگزە شۇنداقلا قارىغان كىشىگە كىچىكرەك بىر گۈللۈكنى ئەسلىتەتتى. مېھمانساراي بۇ يەرنى مېھمانلارنىڭ ياز كۈنلىرى شامالدىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاھىدە ياساپ قويغانىدى. ھازىر ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ يەر چۆلدەرەپ قالغانىدى.

ئانا ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ، شەھەرگە ئۇزاق نەزەر تاش-

لىدى. بۇ يەردىن قارىغاندا ئادەملەر چۈمۈلىدەك، ماشىنىلار قوڭغۇزدەك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى تولىمۇ ئاجىز ئاڭلىناتتى. ئانا مەڭزىگە دومىلاپ چۈشكەن ياشلارنى قىزىغا كۆرسەتمەي سۈرتۈۋەتتى. قىزى بولسا نېمىگىدۇر بىتاقەت بولغان ھالدا تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يانفونى توختىماي جىرىڭلايتتى. كىملەرگىدۇر ئەركىلەپ، كىملەرگىدۇر تەنبىھ بېرىپ، كىملەر بىلەن كۇسۇلدىشىپ سۆزلىشەتتى، پات - پات ھاياسىزلىق بىلەن ھىجىياتتى.

— گۆھەر، قېشىمغا كەل، — دېدى ئانا قىزىنى يېنىغا شەرەتلەپ.

قىز خۇشياقمىغان ھالدا ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئېيتە، سەن بىر ئۆمۈر ئاشۇنداق ياشارسەنمۇ؟

قىز تۇزلا جاۋاب بەردى:

— بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقمىدىم.

— بىلىپ قوي، ئادەمنىڭ گۈلدەك ياشلىقىمۇ ئۇنچە ئۇزۇن تۇرمايدۇ. ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇۋاتقان ئەركەكلەرگە بۈگۈن گۈل كۆرۈنگىنىڭ بىلەن تەڭلا كۈندە تېزەك كۆرۈنىسەن، ئەنە ئاشۇ چاغدا قانداق قىلارسەن، قىزىم؟

— بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن.

— سەن ئىنسان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئەخلاق - پەزىلەت، قىزلىق نازاكەت مىزانلىرىغا رىئايە قىلىشنى ھەم ئۆزۈڭنى ئاشۇ دائىرىدە چەكلەپ تۇرۇشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ ئادەم ئادەم بولۇپ ياشاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئەخلاق - ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، كوچىدىكى ئەخلەتتىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

— ئەگەر ئاشۇنداق ئويلىساڭ، مېنى ئاشۇ ئەخلەت قاتارىدا كۆرۈۋەر، — قىز جىرىڭلاپ كەتكەن يانفوننى بىزارلىق بىلەن قۇلىقىغا تۇتتى - دە، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — ساقـلاپ تۇر

دېدىمىغۇ، مانا ھازىر بارىمەن! — ئۇ ئەمدى ئانىسىغا يۈزلەندى، — قانداق، قايتىپ كېتەمدۇق؟ ئەڭ ياخشىسى سەن ماڭا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولما.

— سەن بۇ يىل يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىردىڭ. ئاشۇنداق ياشقان ئۆمرۈڭگە ئۆكۈنمەمسەن؟

— نېمانچە ئۇششاق سۆز بولۇپ كەتتىڭ بۇگۇن. بولدى قىلە.

ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ھەممە ئارزۇ - ئۇمىدلىرىدىن ئايرىلىپ، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ھەئە، ئانا قىزىغا، قىزىنىڭ كەلگۈسىگە ھەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغانىدى.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مېنى قۇچاقلاپ قوي. ئاخىرقى قېتىم سېنى قېنىپ باغرىمغا بېسىۋالاي.

— ئەجەب گېپىڭ جىقكەن سېنىڭ.

قىز غۇدۇرىغان ھالدا ئانىسىنى قۇچاقلىدى. ئانا قىزىنى شۇنداق قاتتىق باغرىغا باستىكى، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قىز تىنالمايلا قالدى. ئانا قىزىنى مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلەمسەن، قىزىم، سەن قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ. شۇ تاپتا سەندىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقىنىمنىڭ، ئاق سۈت بېرىپ باققىنىمنىڭ، نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى تىلەپ ئوقۇتقىنىمنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋالماقچىمەن. سەن بايا مېنى ئەخلەت قاتارىدا كۆرۈسەڭ كۆرۈۋەر دېدىڭغۇ. شۇنداق، سېنىڭ ھازىر كوچىدىكى ئەخلەتتىن نېمە پەرقىڭ. سېنىڭ ئەل - يۇرتقا زىيىنىڭ تەگسە تېگىدۇكى، پەقەتلا پايداڭ تەگمەيدۇ. سەندەك ئەسلىنى ئۇنتۇغان، ئادەمىيلىك غۇرۇرىنى يوقاتقان، ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى دەپسەندە قىلغان، تاپتىن چىقىپ

كەتكەن قىزنىڭ جازاسىنى مەندەك شور پېشانە ئانىمۇ تەڭ تارتىدىشى كېرەك. مېنى كەچۈرگىن، قىزىم، شۇ تاپتا سېنىدىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ تەڭ جازالىماقچى مەن.

ئانا شۇنداق دېدى - دە، بىرەر خەۋپنى سېزىپ تېپىرلاپ تۇرغان قىزىنى مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى بىنانىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرىدى.

بىنا يىگىرمە ئۈچ قەۋەت ئىدى. ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى قىزمۇ يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. ئانا ئاشۇ قىزىنى ئادەم قىلىش ئۈچۈن يىگىرمە ئۈچ يىل قانداق جاپا تارتقان بولسا، ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر ھەپتە ئىچىدە يەنە شۇنچىلىك دەرد تارتقانىدى.

ئانا بىلەن قىز بىنادىن ئۇچقاندەك چۈشۈۋاتاتتى. ئانا قىزىنى زەخىملىنىپ قالمىسۇن دېگەندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دەردلىك كۆزلىرى شۇنچىلىك خاتىرجەم ئىدىكى، گويا بۇك - باراقسان چىمەنلىكتە بىر تال توم ئۆرۈمە چېچى تېقىمىدا سويلاپ تۇرغان قىزى بىلەن خۇشال - خۇرام سەيلە قىلىۋاتقاندەك.

ئانا تۆۋەنگە ئۇچۇپ چۈشۈۋېتىپ، شەھەرگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىدى. ئەنە ئۇ كۆردى: كۆككە بوي سوزغان ھاكاۋۇر بىنالار خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك كىچىكلەپ كەتكەنىدى. شەھەر تولىمۇ مەيۇس شاۋقۇنلايتتى. ھەئە، شەھەر غېرىب، تەنھا ئانىغا ئوخشاپ قالغانىدى...

# شاۋقۇنلۇق دەريا

## 1

بۈگۈن يىگىت ئۆزىگە تولىمۇ ئالاھىدە بىر ۋەزىپە يۈكلەنگەنـ
دەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ۋۇجۇدىنى ھەم خۇشاللىق، ھەم
مەسئۇلىيەت، ھەم بىئىشەنچ ئارىلاش ئەبجەش ھېسلار ئورىۋالغاـ
نىدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىگە
بۈگۈن توپتوغرا يەتتە كۈن بولۇپتۇ. ئۇ ئۆيگە كەلگەن كۈنىنىڭ
ئەتىسىدىن باشلاپ تاغىلىرىنىڭ، ھاممىلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان
بولدى. ئۇ قايسى ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىلمىسۇن، ئاتا ـ ئانىسى
بىلەن تاغا ۋە ھاممىلىرى تولۇق جەم بولاتتى. مول ناز ۋنېمەتلەر
تىزىلغان داستىخان ئەتراپىغا جۇغلاشقان بىر جەمەت كىشىلەر
ئۆزلىرىنى خۇشال كۆلكىگە، قىزغىن كەيپىياتقا زورلايتتىيۇ،
لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بىرنېمىسى كەمدەك، كۆڭلىنىڭ بىر
يەرلىرى كاۋاكتەك ئېچىلمايتتى. پەقەت داستىخان ئەتراپىدىكى
كىچىك نەۋرە ـ چەۋرىلەرنىڭ ئاللىنېمىلەرنىدۇر تالىشىپ چۇرـ
قىراشلىرى، غەلۋە قىلىشلىرى، غەمسىز كۈلۈشلىرى ئاڭلىناتـ
تى. چوڭلار ئاللىقانداق بىر ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىشاتتى.
يىگىت بۇ سۈس كەيپىياتنى ئازراق ھېس قىلاتتىيۇ، ئەمما ئويلىـ
غانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.

بۈگۈن ئۇنى دادىسى تۇيۇقسىز يېنىغا چاقىرىپ قالدى.

— بالام، بوۋاڭنى سېغىنىدىڭمۇ؟

— ھەئە، — دېدى يىگىت دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا

قاراپ، — مەنمۇ سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بوۋامنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ئويلىغان.

— ياخشى ئويلاپسەن، بالام، — دېدى دادىسى ئويچانلىق بىلەن، — ماڭىمۇ بوۋاڭنى كۆرمىگىلى ئۈچ يىل بولدى.

يىگىت دادىسىنىڭ بۇ جاۋابىدىن ئانچە ھەيران قالمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ھەسرەت، سېغىنىش ۋە ئاللىقانداق رەنجىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاردى. دادىسىنىڭ ئاچچىق - چۇچۇك ھايات دوقاللىرى چوڭقۇر ئىز سالغان قارىمۇتۇق ياغاق چىرايى ھاياتقا كۆز ئاچقاندىن بېرى پەقەتلا كۈلۈپ باقمىغاندەك، كۈلۈپ بېقىشنى بىلمەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھەئە، ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن بېرى دادىسىنىڭ بىرەر قېتىم كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

يىگىت نېمىندۇر خىيالدىن ئۆتكۈزۈپ دادىسىدىن سورىدى:

— مەن يوقلاپ بارسام، بوۋام رەنجىپ كەتمەس - ھە، دادا؟

— بەلكىم رەنجىپ كەتمەس، — دېدى دادىسى ئىككى تايىن بولغان ھالدا، — دادام نەۋرىلىرىنىڭ ئارىسىدا ساڭا بەك ئامراق. سېنىڭمۇ بوۋاڭنى بىر قېتىم يوقلاپ چىقىش يولۇڭ بار، — دادا بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ سورىدى، — ساڭمۇ بوۋاڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى بولدىغۇ دەيمەن؟

— بەش يىل بولدى.

— ئاناڭ بوۋاڭغا ئاتاپ ئازراق بىر نەرسە تەييارلاپ قويدى. شۇنى ئېلىپ ھازىرلا يولغا چىق.

يىگىت ھايالشىمايلا بېكەتكە كەلدى. تاغلىق يېزىغا بارىدىغان ئاپتوبۇس مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئاللىقانداق گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە ئاپتوبۇسنىڭ قوزغالغانلىقىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. كۆز ئالدىدا بوۋىسىنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋالقى چىرايى ئەلەڭگىيتتى.

## 2

يىگىتنىڭ نەزىرىدە بوۋىسى كەم - كۈتىسىز بىر پەرىشتە سۈپەت ئادەم ئىدى. بوۋاينىڭ چېچىدىن تارتىپ قىسقا قىلىپ ياستىۋالغان يارىشىملىق ساقىلىغىچە كۈمۈشتەك ئاقارغان بولۇپ، يول ماڭسا سەل ھاسىرىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېنى خېلىلا ساغلام ئىدى، تىكىلىپ قارايدىغان كۆكۈچ كۆزلىرى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

يىگىت بالا ۋاقتىدىن تارتىپ بوۋىسىنىڭ ئاشۇ سۈرلۈك كۆزلىرىدىن قورقاتتى. تەڭتۇشلىرىنىڭ بوۋىلىرىنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ، ساقاللىرىغا ئېسىلىپ، چۆچەك ئېيتقۇزۇپ ئوينىغىنىنى كۆرسە بىر قىسما بولۇپ قالاتتى. ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ بوۋىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ باققىنىنى بىلمەيتتى. بوۋىسىمۇ ئۇنى قۇچىقىغا ئالمىغان، ئەركىلەتمىگەن، چۆچەكمۇ ئېيتىپ بەرمىگەنىدى. ھەئە، يىگىت بوۋىسىنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى، ياشلىقىنى، ياشلىق دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى تىلغا ئالغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. خۇددى بوۋىسىنىڭ ياشلىقى، ياشلىق كەچمىشلىرى، ئاچچىق - چۈچۈك ئەسلىمىلىرى بولۇپ باقمىغاندەك.

ئادەم بالىسىغا ئەقىل كىرگەنسېرى قىزلار مومىسىغا، ئوغۇللار بوۋىسىغا ئامراق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. يىگىت بوۋىسىنى پات - پات سېغىنىپ قالاتتى. بوۋىسى تەنها ياشاۋاتقان ئاشۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللىگە بارغۇسى، بوۋىسى بىلەن چوڭ كىشىلەردەك مۇڭداشقۇسى، سىرداشقۇسى كېلەتتى.

بوۋاي شەھەردىن سەكسەن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇتۇنلىرى شالاڭ تاغلىق مەھەللىدە خۇددى زاھىتلاردەك تەنها ياشايتتى. يىگىت بوۋىسىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغاندا تاغ باغرىغا جايلاشقان خىلۋەت مەھەللە كۆز ئالدىدا زاھىر بولاتتى. يىل بويى گىياھ ئۈنمەس قىزغۇچ تاقىر تاغ بىلەن تۆۋەن تەرەپتىكى دەريا-

نىڭ ئارىلىقىدىكى يېشىللىق — بوۋاي ياشاۋاتقان خىلۋەت مەھەللە. دەريانىڭ قېنىنى ئۆزگەرتىپ لاتقا تاشلىشىدىن ھاسىل بولغان بۇ تۇزلەڭلىكتە ياشاشقا ماس كېلىدىغان تاغ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھەممىسى بار. گاھىلىرىنىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىر، گاھىلىرىنىڭ ئارىلىقى بەش - ئالتە يۈز مېتىر كېلىدىغان پارچە - پارچە بۇكلۇككە تاغلىقلارنىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان. سۇۋادان قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن قورشالغان بۇكلۇكنىڭ ئىچى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ئۈجمە قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەر بىلەن باغ قىلىنغان. بۇ يەردىكى دېھقانلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاشقان يەرلەر ياپيېشىل يايلاق. يايلاقتا چاكاندا، جىغان، ئالقات، زىرىختىن باشقا يۇلغۇنلار ئەڭ كۆپ. بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە ئالتۇن چايقايدىغان، كەلكۈندىن كېيىن دەريا ئىچىدىن قاشتېشى ئىزدەيدىغانلارمۇ بار. ئالتۇنچىلىق، قاشتېشىچىلىق ئۇلارنىڭ قوشۇمچە كەسپى.

يىگىت گەرچە بۇ تاغلىق مەھەللىگە بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال بىر قېتىم چىققان بولسىمۇ بۇ گۈزەل مەنزىرە، ساپ ھاۋالىق، شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي تىنچ مۇھىت ئۇنىڭ قەلبىدە مەھكەم ئورناپ كەتكەن. ئۇ بۇ يەرنىڭ بوۋىسىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللىسى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما، بوۋىسىنىڭ بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار بۇرۇن شەھەردىن بۇ يەرگە تۇيۇقسىزلا يالغۇز كۆچۈپ چىقىۋالغانلىقىنى، قىز - ئوغۇللىرىنىڭ، نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ بۇ يەرگە ئۆزىنى يوقلاپ چىقىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمەيدۇ.

يىگىت ئوبدان بىلىدۇ، بوۋىسىدەك يېشى سەكسەندىن ھالقىغان قېرىلارنىڭ ھەممىسى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتتا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ

يېنىدا بولۇشىنى، جامائەتكە ئارىلىشىپ ياشاشنى ئىزدەيدۇ. ئەمما، بوۋىسى ئەكسىچە پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەن، ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغىلى تۇرغاندا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن شەھەردىنمۇ، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىدىنمۇ، ئەتىگەن - ئاخشىمى ھال - مۇڭ بولۇشىدىغان دېمەتلىكلىرىدىنمۇ، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق، ئىخلاسمەن مەسچىت جامائىتىدىنمۇ كەچتى. ھەتتا، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆزىنى خالىغان ۋاقىتتا يوقلاپ چىقىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق غەلىتە، كاج ئادەم.

## 3

ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. يىگىت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك. بوۋىسى بىر كۈنى تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى. دادىسى، تاغىسى، ھاممىلىرى ئەنسىرەپ پايپېتەك بولۇشۇپ ئىزدىمىگەن يېرى، سۈرۈشتۈرمىگەن ئادىمى قالمىدى. بوۋاي ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانىدى. ئۇلار بوۋاينى ئۈچ كۈن ئىزدەپ تاپالماي، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تازا ھازا ئېچىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بوۋاي دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ھازىدارلار بۇ مۆجىزىدىن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، يا يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى. ھەئە، ئۇلار كۈلەلمەيتتى، خۇشال بولسىمۇ ئىچىدە بىلىپ كۈلكىسىنى تېشىغا چىقارمايتتى. چۈنكى، بوۋاي كۈلگەننى يامان ئالاتتى، مەيلى چاچ - ساقاللىرى چارلاشقان ئوغۇل - قىزلىرى بولسۇن، مەيلى نەۋرە - چەۋرىلىرى بولسۇن، ئۇنىڭ قېشىدا «ۋىلىققىدە» كۈلۈپ سالسىلا يېنىكرەكى بوۋايدىن دەشنام ئىشىتەتتى، ئېغىرراقى «قاس - قۇس» قىلىپ تەستەك يەپ قالاتتى. بۇ جەمەتكە نىسبەتەن بوۋاي بار يەردە كۈلۈش مەنئى

قىلىنغانىدى.

ئۇلار بوۋاينىڭ هارغىن، ئەمما سۈرلۈك چىرايىغا قاراپ لام ـ جىم دېيىشمىدى. بوۋايدىن نەگە بارغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىغان تەقدىردىمۇ سوئالى جاۋابسىز قالغان بولاتتى. چۈنكى، بوۋاي بىرەر ئىش قىلسا بىركىمگە مەسلىھەت سالمايتتى. بىرەرى مەسلىھەت سوراپ قالسىمۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيتتى. قىلغان ئىشلىرىنىمۇ بىركىمگە دەپ ئولتۇرمايتتى ھەم بىركىمدىن مەسلىھەتمۇ سورىمايتتى.

بوۋاي قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە قىز ـ ئوغۇللىرىنى يىغدى ـ دە، تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاشۇ تاغلىق، خىلۋەت مەھەللىدە يالغۇز ياشاشنى قارار قىلغانلىقىنى، بۇ قېتىم بېرىپ كىچىكرەك قورۇ ـ جاي سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەتە تاڭ سەھەردە شۇ يەرگە كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر ئىش ئىدى. تاماق يەۋاتقان تۆت ئوغۇل بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ لام ـ جىم دېمىدى. ئۇلارنىڭ دادىسىدىن ئاشۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللىدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ياشاشنى قارار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بىلىپ باققۇسى بار ئىدى، ئەمما سورىمىدى. سورىسىمۇ دادىسىنىڭ قارار قىلىپ بولغان ئىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ دادىسىنى كايىتقاننىڭ نېمە پايدىسى. ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ. بالا ۋاقتىدىن تارتىپ مانا ئەر ئوتتۇرىسى بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا دادىسى قىلىشنى قارار قىلغان قايسىبىر ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ باققان. بوپتۇ، دادىسى خالىغان، توغرا تاپقان بولسا شۇنداق قىلسۇن. ئۇنى قاراردىن ياندۇرغىلى، توسۇپمۇ توسۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئەمما، ئىككى قىزى «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ، دادا، — دېدى چوڭ قىزى ئۆپكى-

دەپ تۇرۇپ، — كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىپ قويغان بولساق دېسىلە. ئالدىلىرىدا گۇناھىمىزنى تىلەيلى. ئەمما، بۇنچە ياشقا كىرگەندە، بىزنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزلىرى يالغۇز شۇنچىۋالا يىراق تاغلىق يۇرتقا بېرىۋالمىسىلا.

بوۋاي كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئىككىنچى قىزىمۇ مىشىلداپ، — تاغدا يا تونۇش - بىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بولمىسا، ئاغرىپ - سىلاپ قالسىلا كىم ھاللىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ، كىم چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھلىمەھەللە نېمە دەيدۇ. يەتتە بالىسى تۇرۇپ دادىسىنى باقالماپتۇ دەپ زاغۇ تۇتامدۇ①، كەينىمىزدىن گەپ تاپامدۇ.

— ئەھلىمەھەللىدىن ھېچنېمىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئۇلارنىڭ كۆزى ئاسمان، ئاغزى دەريا. مەھەللە، جامائەتتىن قورقماي ياشاي دېسەڭلار، ئۇلار رەنجىيدىغان، يامان ئالىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان، لەنەت ئوقۇيدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، بولمىسا گۇناھىكەبىر، جىنايەتلىرىڭلارنى ھەرقانچە يوشۇرغىنىڭلار بىلەنمۇ ئۇلار ھامىنى بىلىۋالىدۇ. يۈزۈڭلىگە سالمىغان بىلەن بالا - چاقىلىرىغا دەيدۇ. ئالدىڭلاردا ئەيىبلىمىگەن بىلەن كەينىڭلاردىن لەنەت ئوقۇيدۇ، ئاغزىدا ھۆرمەت قىلغاندەك قىلغان بىلەن يۈرىكىدىن كۆزگە ئىلمايدۇ. قاچقۇنغا، ئاشكارىلانمىغان قاتىلغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر ئەھلىمەھەللە، جامائەت سورۇنىغا يۈرەكلىك بارالمايسىلەر. يۈرىكىڭلىدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلەلمەيسىلەر. خەقنىڭ مەقسەتسىز كۈلكىسىمۇ نەپرەتلىك، مەسخىرىدەك بىلىنىپ، يۈرىكىڭلەرگە بىگىزدەك سانجىلىدۇ. ھەممە نېمىدىن خۇدۇك ئېلىپ دوستسىز، سىرداشسىز ياشايسىلەر. ۋىجدان ئازابىدا يۈرەك باغرىڭلار خۇددى ئوتتا قاقلانغاندەك كۆيىدۇ. باللىرىم، بىلىپ

① زاغۇ تۇتۇش — زاڭلىق قىلىش دېگەن مەنىدە.

قىلىڭلار، ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن سىرتىدا كۆيگەن يامان ئىكەن، — بوۋاينىڭ سۇرلۇك كۆك كۆزلىرىدىن سەۋەبىنى بى-لىپ بولماس بىر خىل ئازاب بالقىيتتى، — بالىلىرىم، مەن سىلەرگە مۇشۇنچىلىك سۆزلەي، مەندىن بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپمۇ ئالالمايسىلەر ھەم نىيىتىمدىنمۇ ياندۇرالمايسىلەر. ئەتە قاسىما-خۇن مەن بىلەن بىللە بېرىپ تۇرغان جايىمنى كۆرۈۋېلىپ كەل-سۇن. ئالىمادىس ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام تەمتىرەپ قالمايسى-لەر. جان تەندە ئامانەت دەيدىغان گەپ بار. ناۋادا ئىككى پۇتۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ قالغان كۇنۇم مېيىتىمنى ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار.

بوۋاينىڭ سۆزلىرى قەتئىي ئىدى. شۇ تاپتا نەسىھەت، يال-ۋۇرۇش، مادارغا ئازراقمۇ ئورۇن قالمىغانىدى. تۆت ئوغۇل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. چىرايىدىن دادىسىنىڭ قارا-رىغا بولغان نارازىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، ئەمما ھېچقايسىسى نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ئى-چىگە پۇشۇلداپ تىناتتى. ئوغۇللارنىڭ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغى-نىنى كۆرگەن قىزلارمۇ يىغلاپ - يىغلاپ پەس بولدى.

ئەتىسى چوڭ ئوغۇل قاسىماخۇن — يىگىتنىڭ دادىسى، بوۋاينى خىلۋەت تاغلىق مەھەللىگە ئاپىرىپ قويغاچ تۇرغان جايى-نى كۆرۈۋېلىپ كەلدى.

ئوغلى قايتىشىدا بوۋاي ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بار يېرىمنى ئەھ-لىمەھەللىگە دەپ يۇرمەڭلار، قىز - ئوغۇللار، كۇيئوغۇل - كېلىنلەر، نەۋرە - چەۋرىلەر قەتئىي يوقلاپ چىقمىسۇن. كۆر-گۈم كەلسە ئۆزۈم خەۋەر بېرىمەن. كىمدە كىم گېپىمنى ئاڭلى-ماي يوقلاپ كەلسە ئۇنى قارغايمەن، يۈزىگە قارىمايمەن...» دەپ قاتتىق جېكىلىگەنىمىش.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزلار يەنە بىر قېتىم قاتتىق يىغلاشتى. ئاپتوبۇسنىڭ سەت تورمۇزلىنىپ توختىشى يىگىتنىڭ خىيا-

لىنى ئۈزۈپ قويدى. شوپۇر يولدىن توغرا ئۆتكەن مال پادىسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئاپتوبۇسنى تورمۇزلىغانىكەن. ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى. يىگىت ئەسلىمە قويىنىغا يەنە شۇڭغۇدى.

باللار كاج، ئۆز سۆزلۈك، ئاچچىقى يامان دادىسىنىڭ قارغىشىدىن — دادىسىنى قېرىغان ۋاقتىدا رەنجىتىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، خەۋەر كەلمىگۈچە يوقلاپ چىقمىدى. ھەئە، ئىككى قىزى بىرنەچچە قېتىم تەرەددۇتلەنگەنمۇ بولدى. ئەمما، يولغا چىقمىدىغان ۋاقتىدا ئۇلارنى ئوغۇللار توسۇۋالدى.

— نىيىتىڭلاردىن يېنىپ، دادامدىن خەۋەر كېلىشىنى كۈتۈڭلار.

— دادامدىن خەۋەر كېلىدۇ، دەپ قاچانغىچە ساقلايمىز. سىلەر ئوغۇللار چىدىغان بىلەن بىز چىدىمايدىكەنمىز. دادامنى بەك سېغىنىپ كەتتۇق.

— بىزمۇ سېغىندۇق، بىراق ئامال يوق.

— سىڭلىم، سەۋر قىلىڭلار. دادام قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قىلماي قويمايدۇ، قارغىش ئالغۇڭلار يوقتۇر ھەرقاچان.

شۇنداق «ئاتا قارغىشى» دېگەن مۇدھىش ۋەھىمە قىزلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى. ئەمما، ئۇلار ئېغىر تېتىغۇدەك تاماق ئەتكەن كۈنلىرى دادىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشاتتى.

ئارىدىن توپتوغرا ئىككى يىل ئۆتكەندە چوڭ ئوغۇل قاسىمـ خۇننىڭ دەرۋازىسىنى ناتونۇش بىر كىشى قاقتى. تاغلىقلارغا خاس بېشىغا سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا پاختىلىق تون، پۇتىغا چورۇق كىيىۋالغان بۇ كىشى قاسىماخۇنغا دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگەنىدى.

— قاۋۇلكامنىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى، يىگىتلەرـ دەك تېتىك، ئۇ ئىككى قىزىمنى سېغىنىپ قالدىم. ئۇلار ئەرلىدـ رىنى، نەۋرىلەرنى ئالماي ئۆزلىرى يالغۇز چىقسۇن دەپ گەپ ئەۋەتتى، — دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىدى ھېلىقى تاغلىق كىشى.

ئىككى قىز چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە، بىرەر ئاي يەتكۈ-
دەك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ يولغا چىقىشتى. ئەپسۇسكى،
ئەتىسى كەچتە سالپايغان، يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىغان هالدا
قايتىپ كېلىشتى. نېمە ئۈچۈندۇر بوۋاي ئىككى قىزنى قېشىدا
يەنە بىر كېچە قونۇشقىمۇ رۇخسەت قىلماي شەهەرگە يولغا سېلى-
ۋەتكەنىدى.

— يالغۇز تۇرۇپ دادامنىڭ باغرى قېتىپ قاپتۇ، — دېدى
قىزلار دادىسىنىڭ ئەهۋالىنى سوراپ كەلگەن ئاكا - ئىنىلىرىگە
دادلاپ، — ئىككى يىلدىن بېرى ئاران بىر كۆرۈشكەندە قېشىدا
ئىككى ئاخشام قونۇپ قېلىشىمىزغىمۇ يول قويمىدى.

# 4

بوۋىسىنىڭ كەم سۆزلۈكى، سۇرلۇك قاراشلىرى، كۈلكىنى
يامان كۆرۈشلىرى يىگىتنىڭ باللىق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قال-
دۇرغانىدى. گەرچە بوۋاي بىلەن نەۋرە ئوتتۇرىسىدا ئۇنچە چوڭ-
قۇر ئەسلىمىلەر قالمىغان بولسىمۇ، يىگىت بوۋىسىنى هەر قېتىم
ئېسىگە ئالغىنىدا كۆز ئالدىدا قاپىقى يامان، كىشىلەرگە ئەيمەن-
دۈرۈپ قارايدىغان، قۇرداشلىرى بىلەن ئارىلاشمايدىغان، يالغۇز-
لۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۈچتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى باشقا
بوۋايلارغا ئوخشاش ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ چاڭگىلاشتۇرۇۋالماي
قىسقا، يارىشىملىق ياسىتىۋالىدىغان، كىيىم - كېچەكلىرى تو-
لىمۇ پاكىز بىر بوۋاي كېلەتتى. هەئە، بوۋاي كىشىلەر بىلەن
بېرىش - كېلىش قىلمايتتى، دېمەتلىكلىرى بىلەن كوچا دوقمۇ-
شىدا، هويلىدىكى ئاپتاپلىقتا، مەسچىت دەرۋازىسى يېنىدىكى
سۇپىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايتتى. ئۆزىنىڭ كۈن نۇرى تولۇق
چۈشىدىغان يورۇق، ئازادە هۇجرىسىدا ئاللىقانداق خىياللارغا
غەرق بولۇپ يالغۇز ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى. بۇنداق ۋاقىتتا

باشقىلارغا سۆرلۈك كۆرۈنىدىغان كۆكۈچ كۆزلىرى ئاللىقانداق ئىچكى سىرلىرىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك يېرىم يۇمۇلغان بولاتتى.

ئاپتوبۇستا چايقىلىپ كېتىپ بارغان يىگىت بوۋىسى ھەققىدە بالىلىق قەلبىدە ئىز قالغان ئەسلىمىلەرنى ئىمكان بار ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشاتتى.

ھەئە، ئۇ بىر قېتىم بوۋىسىنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى.

ئائىلىلەرگە رەڭسىز تېلېۋىزور ئەمدىلا كىرىشكە باشلىغان مەزگىللەر ئىدى. تېلېۋىزور سېتىۋالالمىغانلار تېلېۋىزور سېتىۋالغان قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى. ئۇمۇ ھەر كۈنى ئاكا - ھەدىلىرى بىلەن قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە تېلېۋىزور كۆرگىلى يۈگۈرەيتتى.

— ھېچبولمىسا قوشنىلار تاماق يەپ بولغاندىراق چىقىڭلار، بالام، كۈندە بۇنداق چىقىۋالساڭلار سەت تۇرىدۇ، — دەيتتى ئانىسى.

— دادامغا دەڭە، ئانا، بىزمۇ تېلېۋىزور ئالايلى، — دەيتتى ئۇ ئاكا - ئاچىلىرى بىلەن بىللە ئانىسىغا يالۋۇرۇپ، — بىزمۇ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىشقا خۇشتار ئەمەس. شۇ تېلېۋىزورنى كۆرگۈسى كېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ.

بالىلارنىڭ تەلىپى ئاخىر ئىجابەت بولدى. دادىسى ئون تۆت دىيۇيملۇق تېلېۋىزوردىن بىرنى سېتىۋالغانىدى. تېلېۋىزورنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاكا - ئاچا، ئىنى - سىڭىللىرى قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىشتى. دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئانتېننا بېكىتىپ، ھويلىغا تىكلىدى - دە، كەچتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇر تارقىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئاخىر تېلېۋىزورمۇ باشلاندى. تېلېۋىزوردا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن بىر تېلېۋىزى-يە تىياتىرى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. بارلىق ئائىلە ئەزالىرى كەچلىك تاماق يېگەچ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا جۇغلاشقانىدى. بىر چاغدا مەسچىتتىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ كىرگەن بوۋاي، ئائىلىدى-كى بۇ يىغىلىقتا ھەيران بولغان ھالدا تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا توختىدى. تېلېۋىزوردا ياپونلارغا سېتىلىپ كەتكەن بىر خائىن-نىڭ ياپون ئوفىتسېرىنىڭ ئالدىدا لالما ئىتتەك كۇچۇكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنى پارتىزانلار يوشۇرۇنغان تاغلىق كەنتكە باشلاپ كېتىپ بارغانلىقى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ياپون ئەسكەرلىرى بىردەمدىلا تاغلىق كەنتنى قورشىۋالدى ـ دە، تەييارلىقسىزلا تۇرغان پارتىزانلارنىمۇ ھەم كەنتتىكى يۇزلىگەن قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال پۇقرالارنىمۇ قىرىپ تاشلىدى. ھېلىقى خائىن بولسا قېرىنداشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىماقتا يوق، ياپونلار بىلەن تەڭ سەت كۇلۇۋاتاتتى...

كۆرۈنۈش مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بوۋاي چاچراپ كەلدى ـ دە، شىرە ئۈستىدىكى تېلېۋىزورنى دەس كۆتۈرۈپ يېشىدىن ئاشۇرۇپ يەرگە ئاتتى.

— يەنە قايسىڭ بۇ نەرسىنى ئۆيدە كۆرىدىغان بولساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن، — دېدى بوۋاي غال ـ غال تىترىگەن ھالدا.

نەۋرىلەر قىيا ـ چىيا قىلىپ بوۋىسىغا قورقۇمسىراپ قاراش-تى. بوۋاينىڭ كۆكۈچ، سۇرلۇك كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك سو-غۇق نۇر يالتىرايتتى، ساقاللىرى تىترەپ چىرايى تاتىرىپ كەتكە-نىدى. ھېچكىم بوۋايغا چىش يېرىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گۇناھكارلاردەك قول باغلاپ، يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. نەۋرىلەر بوۋىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي، بىردە بوۋىسىنىڭ دەھ-شەت يېغىپ تۇرغان چىرايىغا، بىردە يەردە ماكچىيىپ ياتقان

تېلېۋىزورغا، بىردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆمسە چىرايىغا قاراپ قېلىشتى. ھەئە، يىگىت ھازىرمۇ بوۋىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇن- داق غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تاكى بوۋىسى ئاشۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللىگە كەتكۈچە بۇ ئۆيدە ھېچكىم تېلېۋىزور كۆرۈشكە پېتى- نالمىغانىدى.

«بوۋام نېمە سەۋەبتىن ئاشۇ تاغلىق كەنتكە كەتكەن بولغىي- دى، ئاتا ـ ئانام ياكى تاغا ـ ھاممىلىرىم دىلىنى رەنجىتكەن بولغىيمىدى ـ يا؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بوۋامنى شۇنچىلىك ھۆرمەتلەيدۇكى، ھەتتا تىك بېقىپ قارىيالمايدۇ. ھەرقانداق بۇي- رۇقىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدۇ. ئەھلىمەھەللىدىكىلەردىن رەنجىپ قالغان بولغىيمىدى ـ يا؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. بوۋام مەھەللە جامائىتىگە ئارىلىشىپ بەش ۋاخ نامازنى مەسچىتتە چىد- قىپ ئوقۇغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي- دۇ، سۆزلەشمەيدۇ. مەھەللىدىكىلەرمۇ بۇ قاپىقى يامان، جىمد- غۇر بوۋايدىن تەپ تارتىشىدۇ، چاقچاق قىلىش تۇگۇل سالام بېرىپ ئەھۋال سوراشتىن، بىرەر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش- تىنمۇ ئەيمىنىدۇ...»

يىگىتنى ئۇزۇندىن بېرى قىيناپ كەلگەن بۇ سوئاللار ھامان جاۋابسىز. بوۋىنىڭ ئاشۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللىگە چىقىپ كەتكەن ۋاقتى يىگىتنىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئۇ بۇ كۈننى پەقەتلا ئۇنتۇيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال بوۋىسى تۇ- يۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ پۈتكۈل جەمەتنى ساراسىمىگە سال- غان. ئەنە شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئۇ مەھەللىدىكى ئاداشلى- رى بىلەن ئويۇن ئويناۋېتىپ ئۇرۇشۇپ قالغان ۋە قاتتىق تاياق يېگەن، دوستى مەمتەكىنىڭ ئۇرغان بىر مۇشتى ئۇنىڭ قاڭشىرى- نى يېرىۋەتكەنىدى.

شۇنداق، ئۇ بىر زاۋال ۋاقتى بولۇپ ئۇ مەھەللىدىكى تەڭ-

تۆش باللار بىلەن ھەربىي - دۈشمەن بولۇپ ئوينىماقچى بولغا-
نىدى. ئۇلار بۇ ئويۇننى پات - پات ئويناپتتى. ئەلۋەتتە دۈشمەن
بولىدىغانلار سېپىگە ئايرىلىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. ئويۇن
باشلاشتىن ئاۋۋال بۇ بىر باش قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى. باللار
ھەر قېتىمقىدەك بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن،
قاتار بولۇپ تىزىلىپ ساناق ساناش ئارقىلىق، ھەربىي - دۈشمەن-
نى ئايرىيدىغان، تاق ساناققا كەلگەنلەر ھەربىي، جۈپ ساناققا
كەلگەنلەر دۈشمەن بولىدىغان بولۇپ كېلىشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ
ئامىتى كېلىپ تاق ساناققا توغرا كەلدى - دە، ھەربىي بولىدىغان-
لار قاتارىغا ئايرىلدى.

— ئارىمىزدىن بىرى خائىننىڭ رولىنى ئالسۇن، — دېدى
ھەربىيلەرگە ئوفېتسېر بولغان چوڭ ياشتىكى باللارنىڭ
بىرى، — كىنولاردىمۇ خائىن بولىدىكەنغۇ؟ بىزدىنمۇ خائىن
چىقسۇن. خائىن بولمىسا ئويۇننىڭ قىزىقى بولمايدىكەن.

بۇ تەكلىپكە باللارنىڭ ھەممىسى قېتىلدى. ئەمما، خائىن
بولۇشقا ھېچكىمنىڭ رايى بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە تالاش -
تارتىش باشلاندى. خائىن تاللاش ئۈچۈن ھەر خىل شەرتلەر
قويۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا مەسىلە ھەل بولمىدى. باللارنىڭ
ھېچقايسىسىنىڭ خائىن بولغۇسى يوق ئىدى.

— مېنىڭچە يولۋاس خائىن بولسۇن، — دېدى مەمتەك دام
تۇيۇقسىز ئۇنى كۆرسىتىپ.

بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا شۇنداق
قىلغىن دېگەندەك نەزەردە قاراشتى. كۈتمىگەن بۇ تەكلىپ ئۇنىڭ
قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزىگە تەمەننا قويات-
تى. دېمىسىمۇ مەھەللىدىكى باللار بىلەن پات - پات ئويناپ
تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئۇرۇش ئويۇنلىرىدا ئۇ ئاجايىپ باتۇرلۇق
كۆرسەتتى، قورقۇنچاقلىق قىلمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئوفېتسېر
بولغان باللار ئۇنى تاللاشتى. ئۆزىنىڭ سېپىگە قوشۇۋېلىشقا

ئامراق ئىدى. ئۇنىڭدەك ئاشۇنداق باتۇر جەڭچى قانداقمۇ خائىن-
نىڭ رولىنى ئالسۇن؟ ئارىسىدا نى قورقۇنچاقلار بارغۇ، ئاشۇلار
تۇرغان يەردە ئۇ نېمىشقا خائىن بولغۇدەك؟

ئۇ مەمتەك دامغا غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— مەن نېمىشقا خائىن بولغۇدەكمەن، خائىن بولساڭ ئۆ-
زۈڭ بول. مەن بولمايمەن!

— بۇ دېگەن ئويۇن تۇرسا، ھېچنېمە بولمايدۇ. ماقۇل
دېگىن، يولۋاس ئاداش،— دېدى ئوفېتسىرنىڭ رولىنى ئالغان
قاھار،— كېلەركى قېتىمقى ئويۇندا سەن ھەربىيلەرگە قوماندان-
لىق قىلغىن، ماقۇلمۇ؟

ئۇ قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىگە خائىننىڭ رولى چاپلىشىپ قالغان-
لىقىدىن قاتتىق جىلە بولۇپ قالغانىدى، كۆزلىرى مەمتەك دامغا
ئاداۋەت بىلەن تىكىلدى.

— ياق! — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — نېمىشقا مەن
باشتا خائىن بولغۇدەكمەن. كىنولاردىمۇ خائىنلارنىڭ چىرايى
سەت، كۆرۈمسىز كېلىدىكەنغۇ؟ بۇ رولغا مەمتەك دام ئەڭ مۇۋا-
پىق.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى جېدەلنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. دېمە-
سىمۇ مەمتەك دامنىڭ چىرايى كىچىك ۋاقتىدا ئوتتا كۆيۈپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر قىسمىلا تاتۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن
بىرەر چاقماق قەنت ياكى كەمپۈت، بىرەر تىلىم قوغۇن ياكى
ئالما دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ باللارغا كۆرسى-
تىپ، داملىتىپ يەيدىغان خۇيى بولغاچقا، باللار ئۇنىڭغا «دام»
دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى.

ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبىنى ئاڭلاپ باللار مەمتەك دامغا
قاراپ «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى. غەزەپلەنگەن مەمتەك دام-
نىڭ چىرايى بولسا تېخىمۇ سەت پۈرۈشتى.

— سەن ئەڭ مۇۋاپىق،— دېدى مەمتەك داممۇ بوش كەل-

مەي، — يالغان بولسا بوۋاڭدىن سوراپ باق، بوۋاڭ ياش ۋاقتىدا تاشقورغاندىكى ئىنقىلابچىلارغا خائىنلىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە سېتىلىپ كەتكەنىكەن. سەن خائىنىنىڭ نەۋرىسى بولغاندىكىن خائىنىنىڭ رولىنى ئالساڭ تازا ماس كېلىدۇ.

كۆتۈلمىگەن بۇ جاۋاب ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى پىچاقتا تىلىغاندەك پارە - پارە قىلىۋەتتى. مەمتەك دامىنىڭ بوۋىسىنى چىشلەپ تارتىشىنى، هاقارەتلىشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ پەرىشتىدەك بوۋىسى مۇشۇنداق سەت هاقارەتكە لايىقمۇ - هە! هۇ، تىلىغا قوقاق چىققۇر مەمتەك دام.

— سېنىڭ بوۋاڭ خائىن، ساتقۇن، ئىشپىيون! — دېدى ئۇ تىلى كالۋالىشىپ قىزارغان هالدا.

— مېنىڭ بوۋام هەقىقىي ئىنقىلابچى، — دېدى مەمتەك دام خاتىرجەملىك بىلەن ئەزۋەيلەپ، — سېنىڭ بوۋاڭ ئىنقىلابنىڭ هەقىقىي خائىنى، ساتقۇن. بۇنى ماڭا بوۋام دەپ بەرگەن، يالغان بولسا بېرىپ بوۋاڭدىن سوراپ باق. بوۋاڭ ساتقۇنلۇق قىلغاچقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاغقا چىقىپ نۇرغۇنلىغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپتىكەن.

ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ غەزەپلىك تىترىدى. قەلبىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئورنىغا قويۇپ هۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان پەرىشتە سۈپەت بوۋىسىنىڭ هاقارەتلىنىشىگە، يەنە كېلىپ بۇنداق چىدىغۇسىز، ۋىجدان كۆتۈرگۈسىز تۆهمەتكە، توقۇ - لەنەتكە كىممۇ چىداپ تۇرالىسۇن.

ئۇ هەرقانچە قىلىپمۇ غەزىپىنى باسالمىدى، چاچراپ بارغىنىچە مەمتەك دامىنىڭ ئاغزىغا «قاراسسىدە» سېلىۋەتتى. ئەمما، مەمتەك داممۇ ئۇنچە ياۋاش، بوش باللاردىن ئەمەس ئىدى. ئىككىيلەن پومداقلىشىپ كەتتى. باللار ئۇلارنى ئاجراتقان ۋاقىتتا مەمتەك دامىنىڭ ئۈستۈنكى كالپۈكى يېرىلىپ جاۋغىيىدىن قان ئېقىپ قالغان، ئۇنىڭمۇ قاڭشىرى يېرىلىپ ئوقتەك قان

كەتكەندى.

ئويۇن شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. بالىلار ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇ ئاغزى - بۇرنى قان ھالەتتە ئۆيىگە كىرگەندە بوۋىسى، دادىسى، ئانىسى ھەم ئاكا - ئاچا، ئىنى - سىڭىللىرى ھويلىدىكى سۇپىدا تاماق يەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ ئانىسى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— جېنىم بالام، نېمە بولدى ساڭا؟ ئاداشلىرىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ قالمىغانسەن.

ئۇنىڭغا قاڭشىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن كۆرە بوۋىسىنىڭ ھاقارەتلىنىشى قاتتىق ئار كەلگەندى. ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى.

— ھاڭرىما، گۆي، — دېدى دادىسى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — نېمانداق قىز بالىدەك كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىسەن. ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە، ھە، نېمە بولدى؟

ئۇ دادىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ يىغىسىنى توختاتتى - دە، ئۆپكىدەپ تۇرۇپ مەمتەك دام بىلەن بولغان جېدەلنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— مەمتەك دامىنىڭ بوۋىسى بوۋامىنى تاشقورغاندىكى ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە سېتىلغان خائىن دەپ بېرىپتىكەن. مەمتەك بۇ گەپلەرنى ئەزۋەيلەپ مېنى خائىننىڭ نەۋرىسى بولغاندىكىن خائىن بول، دەپ تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم...

— ئۇششاق بالىغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ، — دېدى ئانا بالىسىنىڭ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا، — قانداق ئادەم ئۇ نەۋرىسىگە دەپ بەرگىلى گەپ تاپالمىغاندەك قالايمىقان سۆزلەپ. ماڭ، مەن بىلەن بىللە بار، بوۋىسىنىڭ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوبدانراق سۆزلىشىپ قوياي.

ئانا ئوغلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ماڭغىلى تەمشىلىپ تۇرۇ-
شىغا بوۋاي قاتتىق ۋارقىرىدى:
— بولدى بەس! ئات تەپكەنگە ئات چىدايدۇ، بالا ئارىسىغا
كىرمەي ئىشلىرىنى قىلسىلا، — چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ
كەتكەن بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، تاماق قاچىسىنى داستىخانغا
«دوققىدە» قويۇپ، ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
ئانىسىمۇ ئۇنى مەمتەك دامىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقالمىدى.
مانا بۇ ئىشلارغا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپتۇ. ئۇمۇ ھازىر
سۇمباتلىق بىر يىگىت بولۇپ قالدى، ئەمما بوۋىسىنىڭ كاج،
جىمىغۇر مىجەزىنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى.

## 5

ئۇ، بوۋىسىنى ياخشى كۆرەتتى. بوۋىسىنىڭ باشقىلارغا پە-
خىرلىنىپ سۆزلەپ بەرگۈدەك كەچمىشلىرىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما
ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. بوۋىسىنىڭ ياشلىقىنى، ياشلىق كەچمىشلى-
رىنى ئاجايىپ پالۋان، باھادىر قىياپەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.
بوۋىسى پاكىز كىيىنىپ، چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز ياسىتىپ
يۈرىدىغان پەرىشتە سۈپەت ئادەم ئىدى. ئۇ، بوۋىسىنىڭ ئاغزىدىن
بىرەر كىمنىڭ ئەيىبى ياكى يامان گېپى توغرۇلۇق گەپ قىلغىنى-
نى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئالىمادىس ئۆيدە ئاللىكىملەرنىڭدۇر
ئەيىب - نۇقسانلىرى ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، «ئازماس ئاللا،
خام سۈت ئەمگەن بەندىسىنىڭ گۇناھىنى خۇدا ئۆزى مەغپىرەت
قىلغاي، خەق توغرۇلۇق قالايمىقان گەپ قىلماڭلار» دەپ گەپ-
نىڭ بېلىگە تېپەتتى.
ئاپتوبۇس تاغلىق يېزىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ياخشى
ئاسرالمىغان ئاسفالت يول بۇزۇلۇپ كاتاڭ بولۇپ قالغانىدى.
ئاپتوبۇس كاتاڭ يولدا سەكرەپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبلىك يىگىتنىڭ

خىيال يىپلىرى بىردە ئۈزۈلۈپ، بىردە ئۇلىنىپ قالاتتى. ئۇڭ
تەرەپتىكى گىياھ ئۈنمەس تاقىر تاغ ئالدىداق ئاچچىق كەچمىش-
لەرنىڭ گۇۋاھچىسىدەك كۆككە مەغرۇر بوي سوزغىنىچە چەكسىز
سۈكۈت ئىلكىدە جىمجىت تۇراتتى. سول تەرەپتىكى ئېقىنى سو-
غۇلۇپ قالغان دەريانى خىرە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. قۇياش نۇرىدا
سۇ ۋالىلدايتتى، ئەمما شارقىراشلىرىنى، شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلى-
غىلى بولمايتتى، ئاپتوبۇس ماتورىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى دەريا
شاۋقۇنىنى بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
پاكار - پاكار كۆمىلاچ تاملىق دېھقان ئۆيلىرى بۈك - باراقسان
باغلار ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنەتتى. بۇ تاغلىق يېزىدا ئۆينىڭ
ئەتراپىنى باغ ئەتمىگەن بىرمۇ دېھقان ئۆيى يوق ئىدى. ئاشۇ باغدا
ئۆرۈك بىلەن شاپتۇل ئەڭ كۆپ ئىدى.
يىگىت بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال بۇ يەرگە بوۋاينىڭ رۇخ-
ستىسىزلا بىر قېتىم چىققانىدى. ھەئە، ئۇ يىگىتنىڭ ئالىي
مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىشىغا سەپەر تەييارلىقى قىلىۋاتقان مەزگىل-
لىرى ئىدى.
— بوۋاڭ بىلەن خوشلىشىپ كېلەمسەنكىن؟— دېدى دادىسى
ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ.
— بوۋام مېنى كەلسۇن دەپتۇما؟ — سورىدى ئۇ ئەجەبلەن-
گەن ھالدا.
بوۋاي نەۋرىلىرىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ چىقىشىنى قاتتىق چەك-
لىگەن. مەيلى ئوغۇللىرىنى، مەيلى قىزلىرىنى يېنىغا چاقىرت-
مىسۇن، نەۋرىلەرنى ئاچىقماسلىق توغرۇلۇق تاپىلاپ گەپ ئەۋەت-
كەنىدى. شۇڭا بوۋاينى نەۋرىلەردىن بىرەرىمۇ يوقلاپ چىقمىغان-
دى. ئۇ بۇلارنى ئوبدان بىلەتتى.
— ياق، — دېدى دادىسى خىيالچانلىق بىلەن، — بوۋاڭدىن
ئۇنداق ئىجازەت كەلمىدى، ئەمما بوۋاڭ نەۋرىلەردىن بىرەرىنىڭ
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. مانا سەن ئۇنىڭ

ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆت-
تۈڭ. بوۋاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ. شۇڭا
بوۋاڭغا بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن يەتكۈزگەچ كۆرۈ-
شۈپ خوشلىشىپ كېلەمسەنكىن. بوۋاڭنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە
بېرىپ قالدى. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە، ئالىمادىس ئانداق —
مۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ
قالمىسۇن.
ئۇ دادىسىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە تاغلىق يېزا بازىرىغا
ئاپتوبۇستا، ئۇ يەردىن بوۋىسى تۇرغان مەھەللىگە پىيادە يېتىپ
باردى. مەھەللىدىكى مال بېقىۋاتقان چوپان باللاردىن سوراپ
يۈرۈپ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى ئاسانلا تاپتى. بوۋاي ئۆيدە يوق ئىدى.
ئۇ مەھەللىدىكىلەردىن سورىۋىدى، «دەريا بويىدىمىكىن، ئېھتى-
مالىم» دېيىشتى ئۇلار.
بوۋاي راستىنلا دەريا بويىدىكى يوغان قورام تاشنىڭ ئۈس-
تىدە خىيالغا پاتقان پېتى تەنھا ئولتۇراتتى، كۆكۈچ كۆزلىرى
يېرىم يۇمۇلغان بولۇپ، بەستى خېلىلا مۈكچىيىپ قالغاندەك
كۆرۈنەتتى، قورۇق باسقان قارامتۇل چىرايىدىن تەسۋىرلىگۈسىز
بىر خىل ئازاب بالقىيتتى، قوشۇمىلىرى مەھكەم تۈرۈلۈپ،
ئۆسكىلەڭ قاشلىرى بىرىكىپ كەتكەنىدى. بوۋاينىڭ قۇلىقى ئې-
غىرلىشىپ قالدىمۇ ياكى خىيال بىلەن بولۇپ ئاياغ شەپىسىنى
سەزمىدىمۇ ئولتۇرۇۋەردى. يىگىت بوۋىسىنىڭ قېشىدا بىردەم
قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا.
بوۋاي يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، گەۋدىسى-
نى بىرئاز قىمىرلاتتى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يولۋاسجانمۇ سەن بالام.
بوۋاي نەۋرىسىنىڭ سالىمىنى قىزغىن ئىلىك ئالدى. كۆرۈ-
شۈشكە ئۇزاتقان قولىنى مەھكەم قىستى، ھاياجاندىنمۇ ئەيتاۋۇر

لەۋلىرى، قوللىرى تىترىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر بوۋاينىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتى تېزلا بىپەرۋالىققا ئالماشتى. خۇددى نەۋرىسىنى تونۇمىغاندەك، سېغىنمىغاندەك، كۆرۈشۈشنى خالىمىغاندەك. نەۋرىسىگە «نېمىگە چىقتىڭ؟» دېگەندەك مەنە ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆكۈچ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر بالقىيتتى.

يىگىت بوۋىسىنىڭ بۇ ئۆزگىرىشچان چىراي ئىپادىسىدىن، ئىلتىپاتسىز قارىشىدىن قولايسىزلىق ھېس قىلدى، بوۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى ياكى ئۆرە تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمىدى. ئىجازەتسىز يوقلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن بوۋىسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى.

— ھە، قېشىمدا ئولتۇر، — دېدى بوۋاي يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

يىگىت قورام تاشتا بوۋىسى بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى دەريا سۈيىگە تىكىلگەن بولۇپ، چىراي ئىپادىسىدىن خۇش بولغانلىقى ياكى رەنجىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. قىزغۇچ لايقىلاپ ئاققان دەريا سۈيى بىر خىل مۇزىكىغا ئوخشاش رىتىملىق شارقىراشتا ئاقاتتى. دەريانىڭ چوڭقۇر ئېقىنلىرى دولقۇن ياسايتتى، تېيىز ئېقىنلىرى شوخ باللاردەك تاشتىن تاشقا سەكرەيتتى. يىگىتنىڭ تۇيغۇلىرى ئاشۇ تېيىز ئېقىندەك تىنچسىز ئىدى.

— ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟ — دېدى بوۋاي ئارىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ.

— تىنچلىق، ھەممەيلەن تىنچلىق، — دېدى يىگىت ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ.

بوۋاي خاتىرجەم بولغاندەك يەنە دەرياغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇ يېنىدا نەۋرىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. يىگىت دەككە - دۈككە ئىلكىدە بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن،

بوۋىسىنى يوقلاپ چىقىش مەقسىتىنى ئېيتتى:

— مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوۋاي نەۋرىسىگە «شارتتىدە» يۈزلەندى، سۈرلۈك كۆكۈچ كۆزلىرىدە مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك، قايىللىق ئارىلاش سۈس، ناھايىتىمۇ ئاجىز بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ھەئە، چىرايىدا يەنە ئازراق ھەيران قېلىش ئىپادىسىمۇ بار ئىدى.

— نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە؟

يىگىت بوۋىسىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرۈپ خېلىلا غەيرەتلەندى.

— مەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم. ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىمەن.

بوۋاي ئىختىيارسىز ھالدا نەۋرىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ سوغۇق، يىرىك، تارىشىدەك قوللىرى سېزىلەرلىك تىترىدى، چىرايىدا سۈس كۈلكە پەيدا بولدى، ئۇ ئىچكى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ نەۋرىسىنى رازىمەنلىك بىلەن باغرىغا بېسىشتىن، پېشانىسىگە سۆيۈشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ ئولتۇراتتى. بوۋىسىدىن ئەيمىنىپ ئولتۇرغان يىگىت بۇنى پەقەتلا سەزمىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي بىر خىل تىترەك ئاۋازدا، — مانا ئوغۇل بالىدەك، ئەركەكتەك ئىش قىپسەن. بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان، يۇقىرى مەلۇمات ئالىدىغان ئادەم ئاخىر چىقىپتۇ. ياخشى ئوقۇ، ھازىر ئەل - يۇرتقا بىلىم ئارقىلىق خىزمەت قىلىدىغان زامان كەلدى. ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆت. ئۇلارغا يول قوي. دوستلۇققا ئەقىدە قىل، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزۈڭ ئەقىدە قىلغان ئىشتىن يانما...

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ قولىنى ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمىدى، نەۋرىسىگە ئىچ كۆيەرلىك، قايىللىق بىلەن قارىدى.

شۇ كۈنى ئۇ تۈنجى قېتىم بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلىدى.
ئەمما، بوۋاي بىلەن نەۋرە ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقچە سۆھبەت بولمىدى. يىگىتنىڭ بوۋىسى بىلەن مۇڭداشقۇسى، ئۇرغۇن گەپلەرنى سورىغۇسى بار ئىدى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر بوۋاي نەۋرىسى بىلەن مۇڭدىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك جايناماز ئۈستىدە بەكمۇ ئۇزۇن ئولتۇردى، جاينامازدىن قوپۇپ ئورنىغا كىرىپ نەۋرىسىگە كەينىنى قىلىپ يېتىۋالدى. ئەمما، يىگىت بوۋىسىنىڭ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئويغاق — بويانغا ئۆرۈلۈپ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇردى. ئەتىسى بوۋاي ئۇنى ناشتىدىن كېيىنلا قېشىدىن ھەيدىدى:
— بولدى، ئەمدى شەھەرگە قايت.
يىگىت ئەركىلىگەن ھالدا ئۆتۈندى:
— قېشىڭىزدا يەنە بىرەر سائەت تۇرايچۇ، بوۋا، ئۆيگە كەچكىچە بارسام بولىدۇ.
— بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن.
بوۋاينىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ۋە قەتئىي ئىدى.
يىگىت ئىلاجسىز قايتىشقا تەرەددۇتلەندى.
— مە، بۇ ساڭا يوللۇقۇم بولۇپ قالسۇن، — دېدى بوۋاي يېنىدىن ئايرىمايدىغان مۈڭگۈز دەستىلىك قەلەمتىراچنى نەۋرىسىگە تەڭلەپ، — بۇ رەھمەتلىك دادام تۇتقان قەلەمتىراچ ئىدى، ئوبدان ساقلا. پىچاق دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ ھەمراھى. ئۇنى يېنىڭدىن ھەرگىز ئايرىما، ھازىرقى زاماننىڭ ئوغۇل بالىلىرى پىچاقتىن قاچىدىغان بولۇۋالدىڭلار.
— رەھمەت، بوۋا، بۇ پىچاقنى سىزنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرۈپ ساقلايمەن.
يىگىت پىچاقنى قولىغا ئالدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقۇسى بار ئىدى. ئەمما، بوۋىسىنىڭ سوغۇق ھەم سۇرلۇك چىرايىدىن ئەيمىنىپ ئۇنداق قىلالمىدى...
يىگىتنىڭ ئەسلىمىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بەش يىلدىن

بېرى يېنىدىن ئايرىماي كەلگەن قەلەمتىراچنى ئاستا سىلاپ قويدى.

## 6

بەش يىلدىن بېرى بۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللە خېلىلا ئاۋاتلىشىپ قالغانىدى. يىگىت بىر قاراپلا دېھقان ئۆيلىرىنىڭ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپىيىپ يايلاقلارنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى تاغ تەرەپكىرەك سىلىنغان بولۇپ، بوۋىسىنىڭ دەريا بويىدىكى قورۇ ـ جايى تەنھا تۇراتتى.

يىگىت قىيا ئوچۇق تۇرغان ھويلا دەرۋازىسىدىن كىردى ـ دە، سېغىنىش، ھاياجان ئىلكىدە ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى شىرىقلاتتى. زەنجىرنى بىرنەچچە قېتىم شىرىقلاتقاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئاجىز يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. يىگىت ئۆيگە كىردى. بوۋاي ئۆينىڭ دەريا تەرەپكە ئېچىلغان دېرىزە تۈۋىدە ياتاتتى. ئۆيگە ئادەم كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ بوۋاي ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، نەۋرىسىنى كۆرۈپ سۈس تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، يىگىتنىڭ كۆزىگە بوۋىسى خېلىلا قېرىپ، جۈدەپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، — دېدى يىگىت سۆپىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىنىڭ كۆرۈشكە تەڭلىگەن قولىنى مەھكەم سىقىشقا تىرىشىپ. بوۋاينىڭ قوللىرى تېنىگە ئوخشاشلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، چىرايى تاتىرىپ ئېغىر كېسەل چىرمىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆكۈچ كۆزلىرىدىكى كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان سۈرلۈك نۇر خېلىلا ئاجىزلاپ قالغانىدى.

— كەلدىڭمۇ، يولۋاسجان بالام، — دېدى بوۋاي بىر هازا قىزىقسىنىپ يۈتەلگەندىن كېيىن، — ئاتا ـ ئاناڭ تىنچلىقمۇ؟ تاغا ـ هاممىلىرىڭچۇ؟
— ھەممىسى تىنچلىق، سالام ئېيتتى.
— سالامەت بولسۇن ئىلاھىم.
يىگىت بوۋاينىڭ ياتقان يېرىگە نەزەر تاشلىدى، ئۆي ئىچى هويلىغا ئوخشاشلا پاكىز ئىدى. بوۋاينىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىمۇ هازىرلا يۇيۇپ تىككەندەك تۇراتتى.
— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، بوۋا؟— دېدى يىگىت بوۋاينىڭ چىرايىغا قاراپ ئەنسىرىگەن هالدا.
— تېنىم ساق، — دېدى بوۋاي، — شۇغىنىسى يۈتەل سەل خاپا سېلىۋاتىدۇ.
— دورا ئىچمىدىڭىزمۇ؟ ئۆيدە يۈتەل دورىسى يوقمىدى ـ يە؟
— دورا بار.
— سۇ قاينىتىپ بېرەي، دورا ئىچىۋېلىڭ ئەمىسە.
— چايداندا ئەتىگەن قايناتقان سۇ بار، — دېدى بوۋاي شىرە ئۈستىدىكى چايداننى ئىشارەت قىلىپ، — داستىخانغا يۆگەكلىك نانمۇ بار. داستىخاننى ئۆزۈڭ سال، بالام.
يىگىت چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخان سالدى. داستىخاندا تۆت دانە زاغرا تۇراتتى. يىگىت زاغرىغا قاراپ بوۋىسىنىڭ يىل بويى قوناق ئاش ـ تامىقى يەيدىغانلىقىنى، زاغرا نانغا ئالاھىدە ئامراقلىقىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنداقتىمۇ ئەتىگەن بوۋىسىغا ئاتاپ ئېلىۋالغان مايلىق توقاچ، سامسا، پىششىق گۆش، توخۇ كاۋىپى، قەنت ـ ناۋات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى.
— بوۋا، چېيىڭىزغا قەنت سېلىپ بېرەيمۇ، ناۋاتمۇ؟
— مەن مۇشۇنداق ئىچىپ كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى

بوۋاي، — ماڭا پۇچۇق زاغرا چىلاپ بەر.

يىگىت چىنىگە يېرىم زاغرىنى ئۇششاق ئوشتۇپ، ئۈستىگە چاي قۇيدى. بوۋاي بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قوشۇقنى مەھكەم تۇتۇپ زاغرا ناننى ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى.

بوۋاينىڭ ئىشتىھاسى ئازلاپ قالدىمۇ ياكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا يېگۈسى كەلمىدىمۇ ناندىن ئازراق يەپلا بولدى قىلدى.

— بەك ئاجىزلاپ كېتىپسىز، بۇنداق ياتسىڭىز بولمايدۇ، بوۋا، مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىراي، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ.

دوختۇرخانىغا بېرىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بوۋاي رەنجىگەننى قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاپىقىنى تۈردى، نەۋرىسىگە نارازىلىق بىلەن قارىدى.

— ئولتۇر، — دېدى ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ ھېچقانداق كېسىلىم يوق، بۇ قېرىغان جاندا ئانچە - مۇنچە يۆتەل بولىدۇ، — بوۋاي ھاسىراپ كەتتى، ئۆپكىسىدىن تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدەك غاژ - غۇژ ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دەريا بويىدىكى ھېلىقى قورام تاشنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، — دېدى يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ.

— يۇر، شۇ يەرگە چىقىپ مۇڭدىشايلى.

بوۋاي ئاران تەستە ئورنىدىن تۇردىيۇ، راۋۇرۇس دەسسەپ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. يىگىت چاققانلىق بىلەن ئۇنى يۆلىۋالدى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ يۆلەپ تۇرۇشىنى خالىمىغاندەك ئۆزىنى سەل قاچۇردى.

— داۋاملىق بۇنداق ئەمەس، تۇرۇپ - تۇرۇپ پۇت - قولۇمدا جان يوق بولۇپ قالىمەن مۇشۇنداق. نەچچە ۋاقىتتىن

بىرى ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىمدىن ئوبدانلا چىقىپ كەلگەنىدىم.

بوۋاي نەۋرىسىگە ھېلىمۇ مەزمۇت، تىمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نەۋرىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۆيدىن قورام تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغۇچە ئوبدانلا ھاسىراپ قالدى. يىگىت بوۋاينى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، كۆرپە بىلەن بوۋاينىڭ پاختىلىق تونىنى ئاچىقتى، كۆرپىنى ئاستىغا سېلىپ، چاپاننى كىيدۈرۈپ قويدى. بوۋاي نېمە ئۈچۈندۇر خېلىلا رايىش بولۇپ قالغانىدى.

دەريا بويىدا چىققان غۇر ـ غۇر شامال تولىمۇ راھەتلىك ئىدى. توغراق، يۇلغۇن، زىرىق، ئالقات ۋە ئاللىقانداق ياۋا كۆكتاتلار دەريا قىرغىقىنى باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. دەريا سۈيى بەش يىل ئاۋۋالقىدەكلا مۇزىكىغا ئوخشاش بىر خىل رىتىمدا شارقىرايتتى، دەريانىڭ چوڭقۇر يەرلىرى دولقۇن ھاسىل قىلىپ، تېيىز يەرلىرى خۇددى شوخ باللاردەك تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئاقاتتى. بوۋاينىڭ ئۆپكىسىدىن چىققان غاژ ـ غۇژ ئاۋاز دەريا بويىغا چىقىپ خېلىلا پەسلەپ قالدى. بوۋاي كۆزلىرىنى دەريا ئېقىنىدىن نەۋرىسىگە يۆتكىدى.

— بۇلتۇر داداڭ سېنى ئوقۇشى پۈتسە ئۈرۈمچىدە قالدىغان ئوخشايدۇ، يۇرتقا قايتىپ كەلمىگۈدەك دەۋاتاتتى. ئىشلىرىڭ قانداق بولدى؟

يىگىت بوۋىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگىنىگە، دادىسىنىڭ بۇلتۇر قىلغان گېپىنى تېخىچىلا ئېسىدە ساقلىغىنىغا قەۋەتلا خۇش بولدى.

— ئوقۇشۇم پۈتتى، — دېدى يىگىت، — مەكتەپ تەشكىلى مېنى ياخشى ئوقۇدى دەپ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالدى، — يىگىت بىرئاز تۇرۇۋېلىپ بوۋايدىن سورىدى، — ئەگەر ئۈرۈمچىدە قېلىپ خىزمەت قىلىشىمنى خالىمىسىڭىز يۇرتقا قاي-

تىپ كەلسەممۇ بولىدۇ.

— ھاجىتى يوق، ھاجىتى يوق،— بوۋاي شۇنداق دېگەچ بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش نەۋرىسىنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇۋالدى، — مەن سەندىن رازى، بالام. سەنلا ياخشى ئوقۇپ جەمەتىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭ. ئالىي مەكتەپتە مۇئەللىمچىلىك قىلىشمۇ ياخشى ئىش. ئوقۇمىغان ئادەم ئاسان ئازىدۇ، يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇسا ئېخىمۇ ئازمايدىغان بولىدۇ، ئۆزىنىڭ نىشانىنى تېپىپ ياشايدىغان بولىدۇ. مۇئەللىمچىلىك بەك ساۋابلىق ئىش. ياراتقان ئاللا مەرتىۋەڭنى تېخىمۇ ئېگىز قىلار، بالام.

بوۋاينىڭ دېمى سىقىلىپ بىردەم توختىۋالدى. يىگىت بوۋاينىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— سېنى قانداق مۇبارەكلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، بالام. ئۆزى ئارمان يەپ قىلالمىغان ئىشنى نەۋرىسىنىڭ قىلغىنىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق ئوخشايدۇ جاھاندا. مېنى ئاخىرقى ئۆمرۈمدە خۇش قىلغىنىڭغا رەھمەت، بالام. ئويلاپ باقسام، ھازىرغىچە نەۋرىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ باقماپتىكەنمەن، كەل، سېنى قۇچاقلىۋالاي، پېشانەڭگە سۆيۈۋالاي، بالام.

يىگىت ھاياجان بىلەن بوۋاينى قۇچاقلىدى. بوۋاي ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى. بوۋاي بىلەن نەۋرە بىر ـ بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ھېس قىلدى. شۇ دەقىقىدە بىرىنىڭ يۈرىكى ئاجىز، بىرىنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك سوقۇۋاتاتتى.

— ئۈرۈمچىگە ئەكەتسەم بارامسىز، بوۋا؟ سىزنى قېشىمدا تۇرغۇزۇپ باقىمەن، داۋالىتىمەن. ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرلارنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى بەك يۇقىرى، — دېدى بىر قېتىملىق قۇچاقلىشىشتىن بالىلىقىغا قايتىپ قالغان يىگىت ئەركىلىگەن ھالدا.

— ئىنساپىڭغا رەھمەت، بالام،— دېدى بوۋاي رازىمەنلىك

بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇ ياخشىلىقنىڭ ماڭا نېسىپ بولماي- دىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ۋاقتىم يېقىن- لىشىپ قالدى. داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ، ئەل - يۇرتنىڭ خىزمە- تىنى ئوبدان قىل. ئاشۇنداق قىلساڭ ياخشى كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىل بولىدۇ.

— ھېچ بولمىسا مەن بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىپ كېتىڭ، — دېدى يىگىت يىلىنغان ھالدا، — ھەممەيلەن سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتى، كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى. نەۋرىلەرنىڭ كىچىكلىرى چىرايىڭىزنىمۇ ئەسلىيەلمەس بولۇپ قاپتۇ. بۇ تاغ ئارىسىنى تىنچ، خالىي، ھاۋاسى ياخشى دېگەندىمۇ بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلەر بىلەن تۆت كۆن بولسىمۇ بىللە ياشىغانغا نېمە يېتىدۇ، بوۋا؟

بوۋاي كۆزىنى نەۋرىسىدىن ئېلىپ دەرياغا يۆتكىدى، چوڭ- قۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ئەمما لام - جىم دېمىدى. ۋۇجۇدى- نى ئاللىقانداق بىر ئازابلىق تۇيغۇلار قىيناۋاتقاندەك قىلاتتى. يىگىت ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، قارىچۇقىنى ياش پەردىلىرى توسۇۋالدى.

— نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز، بوۋا؟ ھېلىمۇ شۇنچە يىللار- دىن بېرى بۇ تاغلىق مەھەللىدە تەنھا ياشىدىڭىز. قېشىڭىز- غا تاغا - ھاممىلىرىمنى پات - پات يوقلاپ چىققىلى قويمىدىڭىز. ھاممىلىرىم سىزنىڭ گېپىڭىز چىقسىلا يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قايسى كۈنى دادامىمۇ كۆز يېشى قىلدى. مەن بۇ چاغقىچە دادامنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

يىگىت بىلىپ - بىلمەي بوۋاينىڭ يۈرەك يارىسىنى رەھىم- سىزلىك بىلەن تاتىلاۋاتاتتى.

— مېنى پەقەت يىغلىمايدۇ، باغرى تاش دەمسەن؟ — بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ قويۇق ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى، —

مەنمۇ يىغلايمەن، كۇندە يىغلاۋاتىمەن، بالام. مېنىڭ يۈرىكىممۇ شۇ تاپتا لەختە ـ لەختە قان…

— نېمىشقا ئەمىسە…

— مېنى نېمىشىقا ـ نېمىشىقا دەپ سوراقىقا تارتىۋەرمە، بالام،— دېدى بوۋاي تېرىكىپ،— شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ۋىجدانىمنىڭ سورىقىغا جاۋاب بېرىپ بولالماي قىينالغىنىممۇ يېتەر.

بوۋاينىڭ ئۆمسە جاۋابى يىگىتنى سەگەكلەشتۈردى. بوۋاي ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈۋەتكەن پىنهان سىرلىرىنى ئىختىيارسىز ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى، ئازابلىرى، دەرد ـ هەسرەتلىرىدىن بېشارەت بېرىپ قويغانىدى. «ۋىجدان سورىقى؟ مۇشۇنداق پەرىشتە سۈپەت ئادەمنىڭمۇ ۋىجدان سورىقى بولامدۇ؟ بوۋىسى ئېلىشىپ قالمىغاندۇر ـ هە؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. بوۋاينىڭ كاللىسى ساز، هوشى جايىدا… ئەمىسە نېمىشقا بۇنداق دەيدۇ؟» يىگىتنىڭ كاللىسىنى گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، بوۋا، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. مەن سىزنىڭ شەهەرنىڭ بۇلغانغان، بۇرۇقتۇرما هاۋاسىدىن، نېرۋىغا ئارام بەرمەيدىغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن، تۈگىمەس غەلۋىلىرىدىن قېچىپ، تىنچ، خاتىرجەملىك ئىزدەپ تاغ ئارىسىدىكى بۇ خىلۋەت مەهەللىگە كېلىۋالغانلىقىڭىزنىلا بىلىمەن. سىزدەك هېچكىمگە ئازارى يوق پەرىشتە سۈپەت ئىنسانغا ۋىجدان سورىقى هارام.

بوۋاينىڭ لەۋلىرى ئۈمچەيدى، ساقاللىرى تىترىدى، كۆـ كۈچ كۆزلىرى ياشلاندى. هەئە، نەۋرىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا تەگكەنىدى. ئۇنى هەرقانداق دوق، تاپا ـ تەنىلەر، هەتتا قىيىن ـ قىستاقلار ئېغىز ئاچۇرالـ ماس ئىدى. ئەمما، نەۋرىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان هەقىقىي ئىشەنـ

چى ئادەمىيلىك غۇرۇرىغا، ئىنسانلىق پەزىلىتىگە نىسبەتەن چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان گۇۋاھلىقى، ئاجىز ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ كۈچلۈك بىر سىلكىنىش پەيدا قىلدى. چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان بۇ سىلكىنىشتىن بوۋاي بىردىنلا ئۆزىنى قايتىدىن تونۇۋالدى، ۋۇجۇدىدىمۇ باشقىچە بىر غەيرەت - جاسارەتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سەن بىلمەيسەن... سەن بىلمەيسەن، بالام، — دېدى بوۋاي ھاسىرىغان ھالدا، — ئەسلىدە مەن بۇ سىرىمنى گۆرۈمگە ئەكېتەرمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى تېنىم ئاجىزلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بېرى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم، سېنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قېشىمدا پەيدا بولۇپ قېلىشىڭنى خۇدادىن تىلىدىم. تىلىكىم ئاللانى تەسىرلەندۈرگەن ئوخشايدۇ، مانا سېنىمۇ كۆردۈم. ئىنساننىڭ ۋىجدانى ئۆزىنىڭ پۈشتى — پەرزەنتىدۇر. پەرزەنتىگە يۈز كېلەلىگەن ئىنسان ئۆزىنى ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلىدىم دەپ ھېسابلىسا بولۇۋېرىدۇ. ئاڭلا، بالام، گېپىمنى يىرماي ئاڭلا، — بوۋاي ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ نەپسى يېتىشمىگەندەك ھاسىراپ كەتتى، ئۆپكىسىنىڭ غاژ - غۇژى يەنە باشلاندى، نەۋرىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى، — مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋىجدانىمنىڭ سوراق - سوئالىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئاقلاشقا، ئالداشقا تىرىشىپ، ئاخىرىدا ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي مۇشۇنداق خالىي يەرگە قېچىپ كېلىپ ياشاپ باقتىم. ئۆزۈمنى ئادەملەردىن يوشۇرالىغىنىم بىلەن ۋىجدانىمنىڭ سوراقىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئەسلىدە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى قورقۇنچاقلىق، نامەردلىك، مۇناپىقلىق تېخى تۈگىمىگەنىكەن. ئەگەر مەن مەرد، نوچى بولغان بولسام بۇنچىلىك قورقۇنچاقلىق قىلماي ھەممە جىنايەتلىرىمنى ئىقرار قىلىپ، خەلقنىڭ جازاسىغا ئۆزۈمنى تاپشۇرغان، شۇ ئارقىلىق دەھشەتلىك ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ياشىغان بولار-

ئىدىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، ئەمما قورقۇنچاق ئادەمنىڭ قولىدىن ئۆلۈۋېلىشمۇ كەلمەيدىكەن. ئۆلۈمگە يۈزلىنىشمۇ مەردۇ مەردانىلەرنىڭ ئىشى ئىكەن. ئاخىر چاشقانغا، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق مۆكۈنۈپ ياشىدىم...

بوۋاينىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشقا قاراپ يىگىتنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. ھەئە، ئۇ بوۋىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ، بوۋا، سىزنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتقۇدەك جىنايىتىڭىز يوق.

نەۋرىسىنىڭ تەسەللىسى بوۋاينى ھەرقانداق ۋىجدان ئازابى-دىن بەكرەك ئازابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى نەۋرىسىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ بەك گۇناھكار ھېسابلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئالدامچىلىق بىلەن ياشىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا قاتتىق نومۇس قىلدى. گويا نەۋرىسى ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق تامغىسى بېسىلغان ئىچ ـ باغرىنى يۇلۇۋېلىپ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى ـ دە، ئەمدى بولسىمۇ نەۋرىسىدىن ھېچنېمىنى يوشۇر-ماسلىق قارارىغا كەلدى.

— ... گېپىمنى بۆلمە دېدىمغۇ؟ — بوۋاي نەۋرىسىگە نارازى-لىق بىلەن قارىدى، — سەن بىلمەيسەن، مەن سېنىڭ نەزىرىڭدى-كىدەك ئۇنداق پەرىشتە سۈپەت ئادەم ئەمەس. ھە، بايا دېدىمغۇ ساڭا، قېشىمغا تېزرەك كېلىشىڭنى خۇدادىن تىلىدىم. نېمىشقا دېمەمسەن، چۈنكى سەن جەمەتىمىزدە بىردىنبىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، يۇقىرى بىلىم ئالغان، مەلۇماتلىق، ئەقىللىق ئادەم. مېنىڭ توۋامنى، ئىقرارىمنى ئاڭلاشقا پەقەت سەنلا لايىق. مەن مۇشۇلارنى ھېس قىلغان ۋاقتىمدا سېنىڭ يولۇڭغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈردۈم. سېنى كۆرەلمەي، ئالدىڭدا جىنايىتىمنى ئىق-رار قىلالماي، توۋا قىلالماي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئەنسىرى-

دىم. ئەسلىدە سىنى ئۇرۇمچىدىن كېلىشى ھامان قېشىمغا چىق-
سۇن دەپ، داداڭغا خەۋەر بىرىۋېتەي دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما،
داداڭنىڭ باشقىچە خىياللاردا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. يەنە
بىر تەرەپتىن ھەممە ئىشلارنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قو-
يۇپ بەردىم. نەۋرەم كەلسە، مېنى سېغىنغان بولسا خەۋەر بەرمە-
سەممۇ ئۆزى چىقىدۇ، دەپ ئويلىدىم. خۇداغا شۈكرى. ئەمدى
ئارزۇ بولسا خاتىرجەم كېتىدىغان ئوخشايمەن. ئاڭلا، بالام،
بۇ ساڭا نىسبەتەن ھەم ئىبرەتلىك، ھەم پاجىئەلىك، ماڭا نىسبە-
تەن ئەڭ - ئەڭ لەنەتلىك، ئەڭ - ئەڭ ئازابلىق بىر ھېكايە...

بوۋاي ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ناھايى-
تىمۇ خاتىرجەم ھالدا ھېكايىسىنى باشلىدى. يىگىتنىڭ كۆز
ئالدىدا يىراق ئۆتمۈشنىڭ پاجىئەلىك كارتىنىسى زاھىر بولدى.

# 7

بوۋاينىڭ يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ ياشلىق مەزگىللى-
رى ئىدى. يەكەن شەھىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن
يەرلىك باي - تۆرىلەرنىڭ زۇلۇمىدا ئازابلىق تىناتتى. خەلقنىڭ
ئاھۇ زارى پەلەككە يەتكەنىدى. يىگىت بىرنەچچە دوستى بىلەن
پات - پات مەخپىي يىغىلىپ خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن پىكىرلىشەتتى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئوي - خىياللى-
رىنى دېيىشەتتى، بىلگەن، ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى بىر - بىرىگە
يەتكۈزۈشەتتى.

— ئەجەب بىر قاتتىق زامان بولۇپ كەتتىيا.

— چېرىكلەرنىڭ زۇلۇمى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كېتىپ
بارىدۇ.

— بەگ - تۆرىلەرنىڭ زۇلۇمچۇ تېخى.

— ئالۋان - سېلىقنى مۇشۇنداق ئېغىرلاشتۇرۇۋەرسە، جان

باقمىقىمىزمۇ بىر گەپ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قىزىل ئارمىيە گومىنداڭچىلارنىڭ ۋەتۈەرىكىنى چىقارغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھە، شۇڭا بۇ يەردىكى چېرىكلەرنىڭ پەيلى بۇزۇلغىلى تۇرغانىكەن ـ دە.

— تاشقورغان، ئىلىخو تەرەپلەردىمۇ ئىنقىلاب پارتلاپتۇ.

— شەھەردىكى گومىنداڭچىلار ھەدەپ چېرىك بولۇشقا ئادەم تۇتقىلى تۇرۇپتۇ.

— ئېھتىيات قىلايلى، ئاغىنىلەر، قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا چېرىك بولۇپ قالمايلى يەنە.

— ئېھتىيات قىلىپ جان تۇشامدۇ. پەم بىلەن تاشقورغان تەرەپكە ئۆتۈپ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزغىنىمىز تۈزۈك.

— مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار، لېكىن ئۇ يەرگە كىم باشلاپ چىقىدۇ؟

— بېلىڭنى باغلىساڭلا باشلاپ چىقىدىغان ئادەم بار.

— بولىدۇ، ئەمىسە گېپىمىز گەپ.

ئەتىسى كەچتە ئون نەچچە يىگىت ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ كاچۇڭ، قوشراپ، دامسى ئارقىلىق چىپاندىكى تاغ ئىنقىلابچىلىرىغا قېتىلىپ تاشقورغاندىكى مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ چېرىكلىرى بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا كىرىشتى. بىر يىللىق پارتىزانلىق ئۇرۇش يىگىتنى ئوبدانلا تاۋلىدى. ئۇنىڭ «قاۋۇل» دېگەن ئىسمىمۇ تاغ ئىنقىلابچىلىرى ئارىسىدا باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى روتا كوماندىرى ئون نەچچە نەپەر يىگىتنى ئايرىپ قىسقىلا يىغىن ئاچتى.

— يىگىتلەر، — دېدى كوماندىر، — سىلەرنى يىغىپ ئايرىم يىغىن ئېچىشتىكى مەقسەت شۇكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن مىللىي ئازادلىق سېپى-

مىزگە قېتىلغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ زۇلۇم سېلىۋېتىپتۇ، گەرچە بىزنىڭ ھازىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن خەلقنى قۇتۇلدۇرغىدەك كۈچىمىز بولمىسىمۇ، ئەمما قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار سەپداشلىرىمىزنىڭ ئاشۇ زۇلۇم ئازابى تارتىۋاتقان ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى شەھەردىن مەخپىي ئاچىقىپ ياقا - يۇرتلاردىن پاناھلىق جاي تېپىپ بېرىش، كونكرېت ھەرىكەت پىلانىنى ۋاقتى كەلگەندە سىلەرگە كوماندىرىڭلار ئۇقتۇرىدۇ، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ سەپداشلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشىڭلار كېرەك.

— ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان يىگىتلەر ئەنە ئاشۇنداق تۇۋلاشقان پېتى دەس ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار كۈندۈزى ئارام ئېلىپ، كېچىسى يول مېڭىپ دېگەندەك ئىلگىرىلەپ يەكەن دەرياسىدىن كېمە ئارقىلىق پەم بىلەن ئۆتۈپ، مانا مۇشۇ تاغ ئارىسىدىكى خىلۋەت مەھەللىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ مەھەللە گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ كۆزىدىن خېلىلا خالىي ئىدى. ئۇلار بىر كېچە قېنىپ ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن كوماندىر، جەڭچىلەرگە قىسقىلا يىغىن ئاچتى.

— ئەمدى بىز بۇنداق تۇپلىشىپ ماڭالمايمىز. چۈنكى، ئالدىمىزدىكى بازار ۋە كۆجۈم مەھەللىلەردىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چېرىكلەر مۇھىم يول ئېغىزى، ئۆتكەللەرگە توسۇق قۇرۇپ ئۆتكۈنچىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭلاشقا بىرەيلەن ئالدىن شەھەرگە كىرىپ، تىزىملىك بويىچە سەپداشلىرىمىزنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن، شۇنداقلا شەھەردىكى چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ مەلۇمات ئېلىپ چىقسۇن. قالدى ۋەزىپىنى ئەھۋالغا قاراپ ئاندىن ئورۇنلاشتۇرىمىز. قاۋۇلخان، — دەپ تۇۋلىدى كوماندىر ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن

بىر يىگىتنى توۋلاپ.
— لەببەي! — يىگىت دەس ئورنىدىن تۇردى.
— سىز بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىردىنبىر شەھەرلىك. شەھەرنىڭ ئۆي - چوڭقۇرىنى، مەھەللە - كوچىلارنى ئوبدان بىلەسىز. شۇڭلاشقا شەھەرگە كىرىپ رازۋېدكا قىلىپ چىقىڭ.
— باش ئۇستىگە! — يىگىت ھەربىي ئۇستاب بويىچە چاس بەردى.
— مانا بۇ تىزىملىك، — دېدى كوماندىر ئۇنىڭغا بىر ۋاراق قەغەزنى تەڭلەپ، — بۇنىڭدا بىر قىسىم سەپداشلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئىسمى، ئۆيلىرى تۇرۇشلۇق مەھەللىلەر خاتىرىلەنگەن. سىز ئۇلارنى پىششىق يادلىۋېلىپ كۆيدۇرۇۋېتىڭ. تىزىملىكنىڭ چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.
يىگىتنىڭ زېھنى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ تىزىملىككە ئۈچ نۆۋەت قارىۋالغاندىن كېيىن قەغەزنى كوماندىرغا تەڭلىدى.
— ھۆرمەتلىك كوماندىر، مەن تىزىملىكنى يادلاپ باقاي، تەكشۈرۈپ باقسىلا.
يىگىت تىزىملىكنى بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنىمۇ چالا قويماي سۇدەك يادلىۋەتتى.
— يارايسىز، قاۋۇلخان، — كوماندىر رازىمەنلىك بىلەن يىگىتنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلىدى، — ئەمىسە دەرھال يولغا چىقىڭ. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى غەلىبەلىك ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىقىمىز پۈتۈنلەي سىزگە باغلىق. ھەرىكىتىڭىز چاققان بولسۇن، تېز بېرىپ، تېز يېنىڭ.

## 8

يۇڭ - تېرە سودىگىرى قىياپىتىدە ياسانغان قاۋۇلخان چېرىك - پايلاقچىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن،

يول بويى يۇرت ـ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، كىشلەردىن ساتىدىغان يۇك ـ تېرە بار ـ يوقلۇقىنى ئۇقۇشۇپ، ئاتلىق يول مېڭىپ قاش قارايغاندا شەھەرگە كىرەلىدى. ئۇ يول بويى نەچچە يەردە توسۇق بارلىقىنى، توسۇقتىكى چېرىكلەرنىڭ تەخمىنەن سانىنى، تەكشۈرۈشىنىڭ چىڭ ـ بوشلۇقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كۆڭلىدە ئېنىقلاپ ماڭدى. چېرىكلەر سودىگەر سىياقىدىكى بۇ يىگىتكە ئانچە دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. گەرچە ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىلمىگەن بولسىمۇ، شەھەرگە كىرىپلا ئايرىلغىلى بىر يىلدىن ئاشقان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش، دىدارلىشىش ئارزۇسى غالىب كەلدى ـ دە، ئاتىنىڭ بېشىنى ئۇدۇل گۆرباغ تەرەپكە بۇرىدى.

كېسەلچان ئانا ئوغلىنى هايات كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى. ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى. ئەمما، دادا ئوغلىغا قۇچاق ئاچمىدى. ئوغلىنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن تەڭلىگەن قولىنىمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن شۇنداقلا تۇتۇپ قويدى. نېمە ئۈچۈندۇر دادىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تېخىچىلا ئوغلىغا ئېسىلىپ مىشىلداپ يىغلاۋاتقان ئايالىنى غەزەپ بىلەن سىلكىشلىدى.

— نېمانداق ئانىسى ئۆلگەن ئادەمدەك هازا ئاچىلا. ئۆتسىلە بىر يانغا، — دادا ئەمدى ئوغلىغا نەشتەردەك تىكىلدى، — چېرىكلەرنى يوقاتماي، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرماي، ئەل ـ يۇرتنى زومىگەرلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ ئۆيگە نېمىدەپ كەلدىڭ، بالام. مەن ئۇنداق ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، يىگىتلىك قىلالمىغان، هەق ـ ئادالەتلىك ئۇرۇشتىن قاچقان ئوغلۇڭنى بالام دېمەيمەن. يا بولمىسا خوتۇن كىشىنى دوراپ ئۇزۇن كۆڭلەك، تاۋار تامبال كىيىپ يۈر ياكى بولمىسا يىگىتلىكىڭنى كۆرسەت. ئېسىڭدىدۇر، مەن سېنىڭ

نامىزىڭنى چۈشۈرۈپ يولغا سالغان. سەن ئاللىقاچان شېھىت بولۇپ بولغان...

يىگىت ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىنى دادىسىنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەئە، دادا ئۇنى تاشقورغان ئىنقىلابىچىلىرىنىڭ قېشىغا ئۇزاتقان ۋاقتىدا، غۇسلى قىلدۇرۇپ ئىككى رەكەت مېيىت نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن يولغا سالغانىدى. دادا ئۇرۇش ئاخىرلاشماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقاتماي تۇرۇپ ئوغلىنى ئۆز ئۆيىدە ھايات كۆرۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

يىگىت بۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ نەزىرىدە، ئاشۇ مېيىت نامىزى ئوقۇلغان كۈندىن باشلاپ شېھىت ھېسابلىناتتى. يىگىت دادىسىنىڭ خاتا چۈشەنگىنىدىن كۆرە، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىمىغانلىقىدىن، ئاتا ئۈمىدىنى ئاقلاش ئىرادىسىدىن گۇمانلانغانلىقىدىن رەنجىدى. ئەمما، دادىسىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت رەنجىشنى ئاشكارىلاشقا يول قويمايتتى. يىگىت قىزارغىنىچە بىرنەچچە دەقىقە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى دادا قاپىقىنى تېخىمۇ بەك تۈرۈپ، — قاچاق ئەسكەر بولدۇڭمۇ - يە. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال! مېنىڭ ئۇنداق ئوغلۇم يوق.

— ئاۋۋال مېنىڭمۇ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىسىلا، دادا، — دېدى يىگىت قىزارغان ھالدا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — مەن قېچىپ كەلمىدىم. مەخپىي ۋەزىپە بىلەن كەلدىم. ئاۋۋال سىلى بىلەن ئانامنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ ئۇدۇل كېلىشىم. ماڭا ئىشەنسىلە، دادا، مەن ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ يۈزلىرىنى تۆكۈدىغان ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. سىلى مېنى ئوغۇل بالا دەپ باققان، ئاتا ئۈمىدىنى ئاقلاشنى، يىگىتكە تۇشلۇق ئىش قىلىشنى مەنمۇ بىلىمەن. سىلىگە، ئانامغا يۈز كېلەلمىسەم ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى.

— ھە، مۇنداق دە، — دادىسىنىڭ چىرايىغا خاتىرجەملىك يۈگۈردى، — ئۇنداق بولسا بىزنى كۆردۈڭ، ئاناڭ بىلەن مەن ھايات. ئەمدى ۋەزىپەڭنى ئورۇنداۋەر.

— ئۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلمىسىلا، دادىسى، — دېدى ئوغلىغا تارتىنشقان ئانا ئۆپكىدىگىنىچە، — ھېچبولمىسا بىر تاۋاق ئاش ئېتەي. نېمىلا بولمىسۇن قاۋۇلخان ھازىر بىزگە مېھمان، مېھماننى بۇنداق تۇز بەرمەي ھەيدىگەن نەدە بار.

يىگىتمۇ دادىسىغا يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەسلىدىمۇ دادىسىنىڭ ئوغلى بىلەن راسا بىر مۇڭداشقۇسى، چېرىكلەر بىلەن قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئاڭلىغۇسى بار ئىدى، شۇڭلاشقا ئايالىنىڭ تەلىپىگە لام - جىم دېمىدى.

يىگىت ئانىسىنىڭ تارىدەك سوزۇپ ئەتكەن لەڭمىنىنى تويۇغۇدەك يېدى. دادا - بالا تاماق پىشىپ بولغۇچە خېلى ئوبدان مۇڭدىشىۋالدى.

— شۇنداق قىلىپ ساقچىلار بىلەن چېرىكلەرگە مېنى ياقا - يۇرتلاردا سودا قىلىۋاتىدۇ دەپ قۇتۇلۇپ كېتەلىدىم دەڭ.

— شۇنداق دېدىم، بالام، — دېدى دادا ئويچانلىق بىلەن، — بۇ گېپىمگە ئۇلار دەسلەپتە ئىشەنمىگەندەك قىلدى، پات - پات كېلىپ سېنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇردى. مېنى ئىككى ئاخشام سولاقخانىغا سولاپ قويغانمۇ بولدى. ئاخىر ئىشەنگەن چېغى ئانچە بەك كۆزىمىزگە كىرىۋالمايدىغان بولدى.

يىگىت دادىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

يىگىتنىڭ بۈگۈن ئۇدۇل مەھەللىسىگە كېلىشىدە ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشتىن باشقىمۇ سەۋەب بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئاتا - ئانىسى بىلەن تىنچ - ئامان كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ كىرىشكە سەۋەب ئىزدەپ بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى.

— ئۇرۇق - تۇغقانلار تىنچلىقتۇ؟

— ھەممىسى تىنچ - ئامان.

— كەچ بولسىمۇ بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيمىكىن؟ — دېدى سىرتقا چىقىشقا سەۋەب ئىزدەپ تۇرغان يىگىت.

— بولىدى، سەن تالا - تۈزگە چىقىپ يۈرمە، ئۇلارغا ئەته - ئۆگۈنلۈككە سېنىڭ ئامانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قوياي. يېقىندىن بېرى مەھەللىمىزدە پايلاقچى كۆپىيىپ قالدى. ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساڭ بالاغا قالىسەن.

دادىسىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ئورۇنلۇق ئىدى، ئەمما يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنى سىرتقا چىقىشقا تەقەززا قىلاتتى.

دادىسىنىڭ بىلمەس بولۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان. يىگىت ھايا قىلىپ ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنىنى بىلەن كەچ بولسىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئالاھىدە يۇرۇتىپ قويدىغۇ بولمىسا، دادا نېمىشقا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟

— ھېچبولمىسا مەخسۇم دادام بىلەن كۆرۈشۈپ قويسام بولاتتى.

يىگىت بۇ گەپنى ئاغزىدىن تولىمۇ قىينالغان ھالدا چىقاردى - دە، شۇ ھامان شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. گۇڭگا يورۇپ تۇرغان جىنچىراغ يىگىتنىڭ چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

ئوغلىنىڭ مەقسىتىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغان چېچەن دادا قەستەن بىلمەس بولۇۋالغانىدى. مانا ئەمدى ئوغلىنىڭ ئاشكارا بېشارىتىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشتى. ئاشۇ ئاچ كۆز، دۇنياپەرەس ئىنىسىدىن يەنە بىر قېتىم رەنجىدى. ئەمما، ئوغلىنى ئالداۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. دادا قىينالغان ھالدا راست گەپنى قىلدى.

— شۇ تاپتا مەخسۇم داداڭنىڭ سەن بىلەنمۇ، مەن بىلەنمۇ

كۆرۈشكۈسى يوق، بالام.

يىگىتنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر ئەنسىز تۇيغۇدىن جىغىلـدىدى.

— نېمىشقا؟

— مەخسۇم داداڭ پۇلغا بۇزۇلۇپ كەتتى.

يىگىت يوغان قورام تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغاندەك ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالدى.

— بالىنى قىيىناۋەرمەي گەپنى ئوچۇق دەۋەرسىلە، دادىسى، — دېدى بىر چەتتە ئاتا - بالىنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئانا، — مەخسۇم دادىڭىز خەدىچە خېنىمنى ئەرگە بېرىۋەتتى، بالام.

يىگىت بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ھەئە، ئۇ كۆز يېشىنى يۆتەل ئارقىلىق يوشۇردى، ياش پەردىلىرى ئارىسىدا مەخسۇم دادىسى غۇۋا زاھىر بولدى.

قاپقارا كەكە ساقىلى ئاقپىشماق چىرايىغا خويمۇ ياراشقان مەخسۇم دادىسى بەكمۇ خۇش پېئىل ئادەم ئىدى. يىگىتنى بالا ۋاقتىدىن تارتىپ «كۆيئوغلۇم» دەپ ئەركىلىتەتتى. يىگىت مەخسۇم دادىسىنىڭ ئاغزىدىن ھەر قېتىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسا خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى، ئەمما ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولاتتى. ئۆزىنى كۆيئوغۇلدەك، نەۋرە سىڭلىسى خەدىچە خېنىمـنى نىكاھلاپ ئالغان ئايالىدەك ھېس قىلاتتى. شوخ، چىرايلىق، غۇنچە بوي، ئەمما سېمىز كەلگەن خەدىچە خېنىمنى چىن يۈرىكىـدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تويى بولغانمۇ بولاتتى. ئىككى ئائىلە قىزىق تويى تەييارلىقىغا چۈشكەندە خەدىچە خېنىم تۇيۇقسىز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تېۋىپ «كېزىك» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. خەدىچە خېنىمنى پەرھىز تائاملار بىلەن دورىنى ۋاقتى -

قارايىدا ئىچۇرۇپ ياخشى باقساڭلار بىرىسى ئالتە ئاي، نىرىسى بىر يىلدا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. كېسىلى ساقىيىپ بولغۇچە تويىنى قىلماي تۇرۇڭلار، دەپ جېكىلىدى.

خەدىچە تۆت - بەش ئايدا يەر دەسسەپ ماڭغۇدەك بولدى. بۇ جەرياندا يىگىت بىلەن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. يىگىت گاھى كۈنلىرى خەدىچە خېنىمنىڭ بېشىدا كۈن - كۈنلەپ ئولتۇراتتى، قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، تاشقورغاندا، ئىلىخودا پارتىلىغان مىللىي ئىنقىلاب ھەققىدىكى ئاڭلىغان مىش - مىش خەۋەرلەرنى يەتكۈزەتتى.

يىگىت تاشقورغاندىكى ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇش نىيىتىنى بىلدۈرگەندە ئۇنى ئاتا - ئانىسىمۇ، خەدىچە خېنىممۇ قوللىدى. پەقەت مەخسۇم دادىسىلا لام - جىم دېمىدى. سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقىلى كەلگەندە، خەدىچە خېنىم ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن گۈل كەشتىلىگەن بىر شايى قولياغلىقنى سوۋغا قىلدى.

— ساق - سالامەت قايتىپ كەلسىلە.

— خۇدايىم بۇيرۇسا سىلىنى دەپمۇ بولسا قايتىپ كېلىمەن، خەدىچە، مەن كېلىپ بولغۇچە سىلىمۇ كېسەللىرىدىن ساقىيىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتەرلا.

گەرچە ئۇلارنىڭ ۋەدىسى بەكمۇ ئاددىي بولغان بىلەن چىن يۈرىكىدىن چىققانىدى.

ئۆيدىكى ئېغىر سۈكۈتنى يىگىت بۇزدى:

— خەدىچە خېنىم كىمگە ياتلىق بولدى؟

يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ئابدۇللاخانغا.

— ئابدۇللاخان؟— يىگىت ئۇ ئىسىمنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى.

— چاسىدىكى نۇردۇنخان دادىڭىزنىڭ ئوغلىچۇ؟

يىگىت دەرھال ئېسىگە ئالدى.

— ھە، ئابدۇللا چېقى.

يىگىت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ ئىسىمنى ئۈنلۈك تەكرارلىدى. يىگىت خەدىچە خېنىمغا دادا تەرەپتىن نەۋرە كەلسە، ئابدۇللا چېقى ئانا تەرەپتىن نەۋرە كېلەتتى. ئۇلار كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى.

يىگىتنىڭ تاشقورغانغا بېرىپ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇش توغرۇلۇق پىلان تۈزگەن بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللا چېقىمۇ بار ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر يولغا چىقىدىغان ۋاقىتىدا ئابدۇللا چېقى كەلمىدى. ئۇلار ئۇنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۇچرىشىش بەلگىلەنگەن جايدا يېرىم كۈن ساقلىدى.

— ساقلاۋېرەمدۇق، ماڭايلى، — دېيىشتى يىگىتنىڭ بۇرادەرلىرى ئالدىرىتىپ.

— سىلەر يەنە ئازراق ساقلاڭلار. مەن شەھەرگە كىرىپ ئۇقۇشۇپ چىقاي. كەچرەك ماڭساقمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى يىگىت.

ھەمراھلىرى قوشۇلدى.

يىگىت ئالدىراش شەھەرگە قايتىپ كىردى. ئابدۇللا چېقى پېشايۋاننىڭ ئاستىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. يىگىت ئۇنى غەزەپ بىلەن تۈرتۈپ ئويغاتتى.

— نېمە قىلىق بۇ؟ سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرساق. غېمىڭلىدا يوق ئۇخلاۋاتقىنىڭلىنى چۈشۈڭلىدە بۇخاراغا بېرىپ.

— مەن بارمايدىغان بولدۇم، — دېدى ئابدۇللا چېقى قىزارغان ھالدا.

— نېمىشقا؟ — يىگىت غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— خەق ئۈچۈن ئۇرۇش، پوردىقى ئۈچۈن مۇشت دەپتىكەن. بىر ئوقنىڭ كۆزى بار، بىر ئوقنىڭ كۆزى يوق. قاراپ تۇرۇپ جاننى سېلىپ بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى. بىز ھەر قانچە قىلغان

بىلەنمۇ بۇ چېرىكلىگە تەڭ كېلەلمەيمىز. شۇڭا...

— بارمايمەن دەڭلا؟

ئابدۇللا چېقى كۆزىنى يىگىتتىن ئېلىپ قېچىپ تۇرۇپ
جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، قاۋۇلخان ئادىشىم. بولسا سىلىمۇ بارماڭلا.
ئىككىمىز...

— تۇفى! لاتا ھەزىلەك!...

يىگىت شۇنداق دېدى - دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي
چىقىپ كەتتى. ئۇ ساقلاپ تۇرغان بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا كې-
لىپ: «ئاخشام ئابدۇللاخان كەپتەرگە دان سېلىپ بەرگىلى ئۆگ-
زىگە چىقىپتىكەن، شوتىنىڭ ۋاخىنىسى سۇنۇپ كېتىپ، يىقى-
لىپ كېتىپتۇ، پۇتى سۇنغاندەك قىلىدۇ. ساقايغاندا ئارقىمىزدىن
بارىدىغان بولدى» دەپ قويدى.

يىگىت ئۆزى بىلەن خەدىچە خېنىمغا چاي ئىچۇرۇپ قويغانلى-
قىدىن ئابدۇللا چېقىنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا ھېلى كېسەل ياتقان خەدىچە خېنىم، ھېلى چېقىر
كۆزلۈك، ئۇكلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپلا تۇرىدىغان ئابدۇللا
چېقى، ھېلى خۇش پېئىل، ئۇنى كۆرسە «كۇيئوغلۇم» دەپ
ئەركىلىتىپ تۇرىدىغان مەخسۇم دادىسى كېلەتتى.

— خەدىچە خېنىم قىزىمدا گۇناھ يوق، بالام،— دېدى ئانا
ئوغلىغا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك سۆزلەپ، — ئابدۇللاخان
بىلەن تويى بولىدىغانىنىڭ گېپى چىققاندىن كېيىن ئۆيگە ئىككى
قېتىم كەلدى. دادامغا دەڭلار پەيلىدىن يانسۇن، مەن قاۋۇلخاندىن باشقا ھېچكىمگە تەگمەيمەن، دەپ بەك يالۋۇردى. مەخسۇم
دادىڭىز بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىمىدىغان، تەقدىر شۇنداق ئىكەن.
كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بالام، سىزگىمۇ خوتۇن چىقىپ
قالار.

يىگىت خەدىچە خېنىمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەقىدىسىگە ئىشى-

نەتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن قىلچىلىك رەنجىمىدى، ئەمما يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويـ-غاندەك ئىدى.

— بولدى، ئەمدى يېتىپ ئارام ئال، بالام. چىققان كۆز جايىغا كەلمەيدۇ، — دېدى دادىسى ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ، — باشقىچە ئوي - خىياللاردا بولماي شەھەردە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى ئويلا. راسا قېنىپ ئۇخـ-لىۋال. ئەتە ئەتىگەن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىپلا يولغا چىققىن. ئەڭ ياخشىسى بىز كۆرۈشمىگەن بولايلى.

يىگىت تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇخلىيالمىغانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا بىلدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى، كۆز ياشلىرى ياستۇقنى ھۆللىگەنىدى.

## 9

ئاتا بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرتۇپ تاماق تەييارلىغانىدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز تاماق يېيىشتى.

— بولدى، مۇشۇ يەردىلا خوشلىشايلى، سالامەتلىكىڭلىنى ئاسراڭلار، خۇدايىمغا ئامانەت.

— سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئاسرا، بالام، ئاللاغا ئامانەت.

دادا ئوغلىنىڭ قولىنى مەھكەم سىققىنىچە پېشانىسىگە يېـ-نىش - يېنىشلاپ سۆيىدى. ئانا ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ چىڭ - چىڭ قۇچاقلىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

يىگىت ئاتا - ئانىسى بىلەن ھويلىدىلا خوشلىشىپ، ئېتىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىقتى. تېخى تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشـ-لىغان بولسىمۇ، تىجارەتچىلەر ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. كوـ-چىدا ئالدىراش كېتىپ بارغان ئەرلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. يىگىت چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، ئاللىـ-

قانداق بىر شەپىدىن بېشىنى كۆتۈردى ــ دە، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن سەككىز نەپەر قوراللىق چېرىك قورشاپ بولغانىدى.

«بەلكىم كوچا چارلىغۇچىلار بولسا كېرەك.» يىگىت خىيالىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشتى ۋە ئالدى تەرەپتىكى تۆت نەپەر چېرىككە يول بەرگەن بولۇپ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— هوي، بۇ قاۋۇلخان ئاداشكەنغۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئاردسىدىكى بىر ئۇيغۇر چېرىك ئۇكىلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ، — بىر يىلنىڭياقى ئاخشام ئۆيگە كەلگەن ئادەم، بۇنچە سەھەردە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭلا، ئاداش.

يىگىت چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئاخشام خېلىلا ئېھتىيات قىلغانىدى. ئۆزىنى بىرەر تونۇش ــ بىلىشلەرنىڭ كۆرۈپ قالمىغانلىقىغا ئىشەنگەن، مەھەللىدىكىلەرگىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىگەنىدى. «ئۇلار مېنىڭ ئاخشام كەلگىنىمنى نەدىن بىلگەندۇ؟ ئەسلىدە دادامىلارنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە پايلاقچى بار ئىكەن ــ دە، بىخەستىلىك قىپتىمەن».

ئۇ ئۆزىگە گەپ قىلغان چېرىكنى بىر قاراپلا تونۇدى. شۇ هامان يۈرىكىدىن پارتلاپ چىققان بىر غەزەپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. «ئابدۇللا چېقى. توۋا، قاچانلاردىن بېرى چېرىك بولۇۋالدىكىنە. ھېچقىزدەك تولغىنىپ ھىجىيىشلىرىنى كۆرمەمدىغان، سەتلىشىپ... رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ، دېگەن مانا مۇشۇ ئوخشايدۇ. ياخشى، مەن ئىزدەپ بارمىساممۇ ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەپسەن، كونا ــ يېڭى ھېسابنى بىراقلا قىلىشايلى...»

يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى شاراق ــ شۇرۇق قىلىپ بەتلىدى.

— قىمىرلىما!

يىگىت دەرھال ئېسىنى يىغدى. ھەئە، شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنىڭ روتا كوماندىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئېسىگە ئالدى. شۇڭلاشقا يۈرىكىدە لاۋۇلداۋاتقان شەخسىي ئۆچ - ئاداۋىتىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتتى.

— ۋۇي، ئابدۇللاخانمۇ سىلى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەر يەردە قاڭقىپ تىجارەت قىلدىم، ئاداش، — يىگىت «ئاداش» دېگەن سۆزنى يىرگەنگەن ھالدا تەلەپپۇز قىلدى، — ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئازراق تېرىسى بار ئىدى، شۇنى سەھەردە سۇ قىلىۋېتەي دەپ، — يىگىت ئۆزىنىڭ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ئابدۇللا چېقىنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىش كويىغا چۈشكەنىدى. شۇڭا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا يالغان سۆزلەۋەردى.

— يۇڭ - تېرە بازىرىنىڭ بۇنداق قاق پودا[1] قىزىمايدىغانلىقىنى بىلىدىغانسىلە سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقاندىكىن، — دېدى ئابدۇللا چېقى ئاشۇ غىلجىڭ ھىجىيىشىنى بۇزماي، — يالغان گەپنىمۇ قاملاشتۇرالمايدىكەنسىلە، ئاداش.

— سىلىگە يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرغىلى كىمنىڭ چولىسى، ئادىشىم، — يىگىت ئەمدى رەسمىي تەرىنى تۇردى، — بىلمەيدىغان ئوخشايسىلە، سودىگەرچىلىك دېگەن ئاشۇنداق ھۈنەر. شۇڭا كىشىلەر سودىگەر كۈن كۆرسە باي بولالمايدۇ دېيىشىدۇ. ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلا، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي. ھەقىقىي سودىگەر كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال تىجارەتنى باشلاپ بولىدۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن تىجارەتنى توختىتىدۇ. ئەمدىغۇ مېنىڭ بۇنچە سەھەر كوچىغا چىقىشىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەنسىلە.

— ھى... ھى... گەپكە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىلە جۇمۇ، قاۋۇلخان ئاداش، — دېدى ئابدۇللا چېقى گەدىنىنى قاشلىغىنىچە

---

① قاق پو — ئەتىگەندە دېمەكچى.

ھەجىيىپ، — مۇنداق گەپ، ئادىشىم، خاپا بولماي مەن بىلەن جىڭساجۇيگە[1] بىر بېرىپ كەلگەن بولساڭلا.

— نېمىشقا؟ — يىگىت تېخىمۇ بەك قاپىقىنى تۈردى، — يا مەن بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزمىسەم.

— توۋا دەڭلا، سىلىنى جىنايەت ئۆتكۈزدى دېگەن ئادەم بىلەن قىيامەتكىچە داۋالىشامىنا، — دېدى ئابدۇللا چېقى، — مۇنداق گەپتى، سىلى تېخى بىلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. جىڭساجۇي يېڭىدىن ئۇقتۇرۇش چىقارغان. يۇرتنى تاشلاپ يېرىم ئايدىن ئارتۇق سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەر ئۆزىنى جىڭساجۇيگە تىزىملىتىپ، نېمە ئىش قىلغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىۋېتىپ ئىشنى قىلىدۇ. شۇڭا سىلى مۇشۇ شەرتكە چۈشۈپ قالدىڭلا، ئادىشىم. بولمىسا مېنىڭغۇ سىلىنى پەقەتلا ئاۋارە قىلغۇم يوقتى ئەينا.

يىگىت ئابدۇللا چېقىنىڭ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. ماڭمايمۇ ئامال يوقتەك قىلاتتى. چۈنكى، ئابدۇللا چېقى كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن چېرىكلەرنىڭ ئەلپازىدىن ئۇنى مەجبۇرلاپ ئاپارماي قويمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۆزۈم بېرىپ كەلسەممۇ بولىدىغاندۇ؟ — سورىدى يىگىت سىناش نەزىرى بىلەن ئابدۇللا چېقىغا قاراپ.

— ۋاي بولمامدىغان، بەك بەلەن بولىدۇ تازا، — ئابدۇللا چېقى ئاشۇنداق دەپ ھىڭگىدە بىرنى ھىجايغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇغىنىسى مەن باشلاپ بارسام ئىشىڭلار تېزرەك ھەل بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەل - ئاغىنە ئىككىيلەن پۇخادىن چىققۇدەك بىر مۇڭدىشىۋالىمىز تېخى. سىلى بىلمەيسىلە، بىر يىلدىن بۇيان گەيشەڭ كوچىسىدا تەتەيخانىلار خېلى ئاۋۇپ قالدى. قىخ··· قىخ···

ئابدۇللا چېقىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن يىگىت

---

① جىڭساجۇي — ساقچى ئىدارىسى.

ئىلاجسىز ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. «قېنى بېرىپ كۆرۈپ باقاي. ئۇ يەردىمۇ بىرەر ئەھۋال ئىگىلەپ قالسام ئەجەب ئەمەس. تېخى ئابدۇللا چېقىدىن شەھەردىكى چېرىكلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ قالىمەنمۇ تېخى. يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. ئەجەبمۇ بىر چىرايىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان چېقى - دە بۇ...»

— قېنى، مەن يول باشلاي، — دېدى ئابدۇللا چېقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا كىرگەندىن كېيىن شاقىدە يىگىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلا، ئادىشىم.

ئابدۇللا چېقى يىگىتنى بىر بىنانىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ ئۇزۇن كارىدور ئارقىلىق بىرنەچچە ئىشخانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر شىرە، بىر ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. يىگىت بىرئاز تەئەججۈپلەندى. ئابدۇللا چېقىنىڭ كۆزىگە گۇمانسىراپ قارىدى.

— مۇشۇ يەردە جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلا، ئادىشىم، قىزىق بىر پىيالە چاي ئەكىرەي. ھايال بولمايلا كېلىمەن.

ئابدۇللا چېقى شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكنى ياپقاچ چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان ئىشىكنىڭ زەنجىرى شاراقلىغاندەك قىلدى. كۆڭلىگە شەك چۈشكەن يىگىت بېرىپ ئىشىكنى تارتىۋىدى، ئىشىك ئېچىلمىدى. ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئىشىكنى قىمىرلىتالمىدى. بۇ ئۆينىڭ نە دېرىزە، نە تۈڭلۈكى يوق ئىدى. ئىشىكنىڭ دۈملىنىشى بىلەن ئۆي ئىچىگە مۇدھىش بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلغانىدى. «سولاقخانا».

يىگىت ئۆزىنىڭ قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى قەپەسكە سولانغان شىردەك لەرزىگە كەلدى، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش تۈيغۇلىرى يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىستى.

# 10

بۇگۈنكىسى يىگىتنىڭ ئالتىنچى قېتىم سوراق قىلىنىشى ئىدى. قىيناق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان يىگىتنىڭ تېنى ئاجىزلاپ هالىدىن كەتكەنىدى، زىخ سانجىلغان تاپانلىرى بەستىلىك گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي خۇددى تىكەنگە دەسسەپ تۇرغاندەك ئازاب سالاتتى. مەقئەتتىدىن قۇيغان ئاچچىق مۇچ سۈيى ئىچىنى مىڭلىغان چايان چاققاندەك ئازابلايتتى، مۇشت ـ پەشۋا زەربىسىدىن يۈزى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. قىزىتىلغان تاقا يېقىلغان مەيدىسى ۋىژىلداپ ئېچىشاتتى. ئابدۇللا چېقى بولسا ئۆكلىگەن كاللىدەك هىجىيىپ غىلجىڭلايتتى.

— بۇنداق جاهىللىق قىلماڭلا، ئادىشىم، بىز سىلىنىڭ تاشقورغاندىكى تاغ ئوغرىلىرى بىلەن بىر يىلنىڭياقى نېمە ئىش قىلغانلىقىڭلىنى ئوبدان بىلىمىز. بۇنچە جاهىللىق قىلىپ نېمە كەپتۇ. ئادەمنىڭ ئۈستىخىنى تۆمۈر ئەمەس. سىلى بۇنداق قىيىنىلىپ ئازاب تارتساڭلا مەن چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن. ئەسلىدىمۇ سىلى يولنى خاتا تاللىغان. پىرقە هۆكۈمەت دېگەن يەرگە چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەن سۆۋادان، ئاشۇ ئالتە توك ـ توك ئوغرىلىردىچۇ، ناهايىتى چۈمۈلە شۇ. چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتالىغىنىنى نەدە كۆرگەن. ئۇلار نېمە قىلالايتتى ـ هە، گەپ قىلىڭلا، ئادىشىم.

يىگىت دەسلەپتە ئۇنى ۋىجدانغا، غۇرۇرغا ئۈندىدى، كېيىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. لېكىن، ئابدۇللا چېقى ئاشۇ يىرگىنچلىك كۈلكىسىنى ئازراقمۇ بۇزمىدى، چىرايىنى ئازراقمۇ تۈرمىدى.

— بۇنچىۋالا ئازابقا سىلى چىدىغان بىلەن مەن قاراپ تۇرۇپ چىدىيالمايدىكەنمەن، ئادىشىم. ئەمما مەندە نېمە ئىلاج. سىلى جاهىللىق قىلمىساڭلىلا مەنمۇ بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇپ قالات-

تىم. بالا ۋاقتىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، بىر نان تاپساق تەڭ يەپ چوڭ بولغان ئاداش ئاغىنە ئەمەسمۇ بىز، ھە، گەپ قىلىڭلا. بىز سىلىگە ئۆنچە ئېغىر شەرتمۇ قويمىدۇق. ناھايىتى شۇ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ ھەقىقىي سانىنى، جايلاشقان ئورنىنى، ھازىر نېمە ئىشلارنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭلىدىنىڭ بۇ قېتىم قانداق ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىڭلىنى دەپ بەرسەڭلىلا بولىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئازابتىن، سولاقتىن قۇتۇلىسىدىلە. خېلى جىق ئىنئاممۇ بار تېخى.

يىگىت ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندى، شۇڭلاشقا ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى، ئۆلۈم ئارقىلىق ھەممىدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىقرار قىلغاندىن، ئىنقىلابقا، سەپداشلىرىغا ساتقۇنلۇق قىلىپ ھايات قالغاندىن ئۆلۈم ئەلا ئىدى. بىر ئامال قىلىپ ئۆلۈۋالغىلى بولسا ـ ھە!

بىراق، ئابدۇللا چېقى ئۇنى قىمىر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كىشەنلەپ قويغانىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇنداق سوراقتىلا كىشەندىن ئازاد بولاتتى. ئەمما، دىۋىدەك ئۇستىخانلىق، كۆچتۈڭگۈر جاللاتلار ئۇنى مەھكەم قورشاپ تۇراتتى. يىگىت ھەر قېتىملىق سوراقتا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چىدىغۇسىز قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كېتەتتى. ئەمما، جاللاتلار ئۇنىڭغا مۇزدەك سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ يەنە قىينايتتى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسى، سەپداشلىرى ۋە سۆيگەن يارى خەدىچە خېنىم بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى، قۇچاقلىشاتتى، سۆيۈشەتتى، ئۇلارغا تارتقان دەرد ـ ئازابلىرىنى دەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ مېھرىبانلارچە تەسەللىسىدىن ئارام تاپاتتى، بەدىنىنىڭ ئاغرىقىنى بىر دەملىك ئۇنتۇيتتى. ئەمما، بۇنىڭ خىيالى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمايتتى، ئېسىگە كەلگىنىدە بۇ تۇيغۇلىرىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلار يىگىتنى سوراققا ئاچقىمىدى ھەم قىينىمىدى. يېمەكلىكى بىردىنلا ياخشىلىنىپ قالدى. كاۋاپ، پولۇ، پېتىر مانتا، شورپا، دورا ـ دەرمەكلىك ناۋات چاي... يىگىت دەسلەپتە بۇ غىزالارنى يېگىلى ئۇنىمىدى. تاماق سوۋۇپ قالسىلا گۇندىپايلار ئاچقىۋېتىپ يېڭىلاپ ئەكىرىپ تۇراتتى، سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى. ئاچلىق ئازابىدا قىينالغان يىگىت كامىرغا مەززىلىك ھىد تارقىتىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاماققا قاراپ ئولتۇ-رۇۋېرىشكە چىدىمىدى، تويغۇچە غىزالاندى. ھەئە، ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن باققانلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

«نېمە كارىم، بۇنداق ياخشى غىزانى ئەكىرىپ بەرسە يەۋېرى-مەن. لېكىن مېنى قورساق بىلەن ئالدايمەن دەپ خام خىيال قىلىشمىسۇن. ئۇنداق قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي زۇۋان سۈرۈپ قالسام ئەركەك بولماي كېتەي. ناھايىتى قىلسا ئۆلتۈرۈ-ۋېتەر. ھامىنى بىر ئۆلۈمغۇ تايىنلىق. ئۇنىڭسىزمۇ ئالىقاچان ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە ئاتاپ قويغانمەن...»

— قويۇڭلا، ئادىشىم، يەپ سېسىق ئوسۇرۇپ يېتىۋەرمەي.

ئابدۇللا چېقىنىڭ غىلجىڭ كۈلكىسى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈ-زۈپ قويدى، ئۇ پۈت ـ قولىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرىگەچ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇللا چېقىنىڭ كۆزلىرىگە مەغرۇر ھالدا غەزەپ بىلەن قارىدى، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى.

— ئادەمگە ئۇنداق سەت گۆلەيمەڭلا، ئادىشىم، سەمەر ئاكام بىلەن پاتما ئاچام① سىلىنى يوقلاپ كەپتۇ، كۆرۈشۈۋېلىڭلا.

يىگىتنىڭ يۈرىكى ئالىقاندىق بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز دۈپۈرلىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن

---

① پاتما ئاچام — پاتىمە ئاچام دېمەكچى.

ئەنسىرەپلا كەلگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرگۈسى يوق ئىدى.

«ئاتا ـ ئانامغا كىم خەۋەر بەرگەندۇ؟ توغرا، مۇشۇ مۇناپىق چېقى. ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولاتتى، خەپ، قولۇمغا چۈشۈپ قالارسەن ناكەس، بىلىمەن، سەن ئۇلارنى ماڭا نەسىھەت قىلىشقا ئەكەلدىڭ، مۇمكىن ئەمەس. دادام ھەرگىزمۇ سىنىڭ يېنىڭنى ئېلىپ ماڭا نەسىھەت قىلمايدۇ. بىچارە ئانام تېنى ئاجىز مەزلۇم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلمىگىنى ياخشىدى، خەپ، ئابدۇللا چېقى شۇنداق بىر كۈن كەلسە تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ...»

گۈندىپايلار يىگىتنى باشقا بىر ئۆيگە يالاپ ئەكىردى.

— دادام بىلەن ئانام قېنى؟ — بىتاقەتلىك بىلەن سورىدى يىگىت ئابدۇللا چېقىدىن.

— ئالدىرىماڭلا، ئادىشىم، مانا ھازىر كۆرۈشىسىلە.

ئابدۇللا چېقى شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇدۇل تامدىكى تاۋار پەردىنى «شارتتىدە» قايرىۋەتتى. پەردىنىڭ كەينىدە دېرىزە بو-لۇپ دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

— يېقىنراق كېلىپ كۆرۈڭلا، ئادىشىم.

يىگىت دېرىزە تۈۋىگە شۇنداقلا كېلىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. دېرىزە ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىرە يۈرىكىنى شۇنداق ئەزدىكى كۆزىنى بىرنەچچە دەقىقە يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

دېرىزىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئۆيدە يىگىتنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى قىپيالىڭاچ ھالدا پۈتى يەرگە ئاران تەگكۈدەك قىلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئىككى گۈندىپاي ئۇلارنى قامچىلا-ۋاتاتتى. بىر تەرەپتىكى ئوچاقتا تاقا، زىخ دېگەندەك نەرسىلەر ئوتتا قىپقىزىل بولۇپ يېنىپ تۇراتتى.

— ھايۋان، مۇناپىق، توڭگۇز!

يىگىت ئابدۇللا چېقىغا شىردەك ھۆركىرىگىنىچە تاشلاندى.

لېكىن، تۆت نەپەر گۇندىپاي ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ قىمىر قىلغۇ-
لى قويمىدى.
— ئۆزۈڭلىنى تۇتۇۋېلىڭلا، ئادىشىم، — دېدى ئابدۇللا چې-
قى ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سەمەر ئاكام بىلەن پاتما ئاچامنىڭ
قىيناققا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرامسىلە ياكى ماڭا دەيدىغان
باشقا گېپىڭلا بارمۇ؟
— خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ ئۇلارنى قويۇ-
ۋەت، — دېدى يىگىت «لاسىدە» بوشاشقان ھالدا.
شۇ تاپتا يىگىت ئۈچۈن باشقا تاللاش يولى قالمىغانىدى.
— ئۇلارنى قويۇۋېتىشكە تامامەن بولىدۇ، ئادىشىم، لېكىن
سىلىمۇ ئاۋۋال ماڭا بېرىدىغان ئامانەتنى بېرىڭلا.
نەچچە كۈندىن بېرىقى شۇنچىۋالا قىيناققا غىڭ قىلمىغان
يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.
— بولدى، سەن ئۇتتۇڭ، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن
سېلىپ، — لېكىن بىر شەرتىم بار، بۇ ئىشنى ئاتا - ئانامغا
ھەرگىز تىنمايسەن.
ئابدۇللا چېقى ھىجايغان پېتى بېشىنى گىلدىڭلاتتى.
— بولىدۇ، بولىدۇ، سىلى نېمە دېسەڭلا شۇ، ئادىشىم.
بىز دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان ئەمەسمۇ.
شۇ كېچىسى شەھەردىكى ئوغلى تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتـ-
ناشقان ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ ھەپسىگە ئېلىندى.
ئىككى يۈز نەپەر تولۇق قوراللانغان ئاتلىق چېرىك يىگىتنىڭ يول
باشلىشىدا كېچىلەپ يول يۈرۈپ بامدات ۋاقتى بىلەن تاغ ئارىسى-
دىكى بۇ خىلۋەت مەھەللىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى.
سەپدىشى قاۋۇلخاننىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يات-
قان يىگىتلەر كۈتمىگەندە ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغىنىنى سەزگە-
نىدە ئالللىقاچان كېچىككەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىن
ئون نەچچە ھەسسە كۆپ چېرىك بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى.

قورشاۋنى بۆسۇپ چىققان ئۈچ نەپەر جەڭچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى. گەرچە چېرىكلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ خېلى كۆپ تالاپەت يېگەن، يىگىتلەرنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قولغا چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشتى. يىگىتلەرگە پاناھلىق جاي بەرگەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈپ بۇزۇۋېتىپ، مال - مۈلۈك، چارۋىلىرىنى بۇلاپ شەھەرگە قايتىشتى.

ھەئە، قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ قانلىرى بۇ خىلۋەت تاغلىق مەھەللىنى قىپقىزىل قانغا بويىغانىدى. ئەنە شۇ پاجىئە يۈز بېرىپ ھەپتە ئۆتكەندە، كىشىلەر ئابدۇللا چېقىنىڭ جەسىتىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى ھاجەتخانىدىن تاپتى. ئون نەچچە يېرىگە پىچاق يېگەن ئابدۇللا چېقى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنىدى. يىگىتمۇ، ئابدۇللا چېقىنىڭ ئايالى خەدىچە خېنىممۇ غايىب بولغانىدى. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئازراق چۈشەنگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى ئۇلارنى خېلى ئىزدەپمۇ تاپالمىدى - دە، ئارتۇقچە داۋراڭ سېلىپ يۈرمەي بولدى قىلدى.

## 11

دەريا سۈيى بىر خىل مۇڭلۇق مۇزىكىدەك شاۋقۇنلايتتى. بوۋاينىڭ ساقىلى بىلەن نەۋرىسىنىڭ مەڭزى ياشتىن يۇيۇلغانىدى، قوللىرى مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— بوۋاڭنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن، بالام، — دېدى بوۋاي ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — بوۋاڭ مانا مۇشۇنداق ئىپلاس، خائىن. گەرچە مەن خەدىچە موماڭنى ئېلىپ يىراق يۇرتلارغا بېشىمنى ئەكەتكەن، ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ بۇ كەچۈرگۈسىز قىلمىشلىرىمنى يوشۇرالىغان، كىشىلەرنىڭ، ئىنقىلابچىلارنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بوياپ قىلمىشلىرىمغا ھېساب بېرىشتىن، جا-

زالىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولساممۇ، ئەمما بىر قېتىممۇ ئې-
چىلىپ كۈلەلمىدىم. سىلەرنىڭمۇ قېشىمدا كۈلۈشۈڭلارغا يول
قويمىدىم. چۈنكى، مەن ھەرقانداق بىر كۈلكىنى كۆرسەم مەيلى
ئۇ بىر غەرەزسىز كۈلكە بولسىمۇ قاتتىق خۇدۇك ئالاتتىم. گويا
ئاشۇ كۈلكە ئىگىسى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈرە-
كىم پۇچىلىناتتى. ئۆزۈمنى ئەل جامائەتتىن خالىي تۇتۇپ ياشاپ
باقتىم، ئەمما بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم، بىر قېتىممۇ
خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم. كۈندۈزى كۆز ئالدىمدىن، كېچىسى
چۈشۈمدىن ساتقۇنلۇقۇمنىڭ بەدىلىگە بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكەن سەپ-
داشلىرىم نېرى كەتمەيتتى. مېنىڭ بۇ سىرىمدىن رەھمەتلىك
خەدىچە موماڭ خەۋەردار ئىدى. ئۇ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ماڭا
تەسەللى بېرىپ، مېنى بۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا
تىرىشتى، ئەمما ئۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمىدى.

بوۋاي بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالدى، ئۆپكىسى توختى-
ماي غازىلدايتتى، ئۇ ئاللىقانداق بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىشقا
تىرىشقاندەك قىلاتتى.

— ئېسىڭدىمۇ، ئوغلۇم، كىچىك ۋاقتىڭدا مەھەللىدىكى
باللار بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىپ يىغلاپ كىرگىنىڭ؟

— ئېسىمدە، — دېدى يىگىت بالىلىق ئەسلىمىلىرىنى دەر-
ھال كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — بىر قېتىملىق ھەربىي - دۈشمەن
ئويۇنىدا مەھەللىمىزدىكى مەمتەك دام بىلەن كىمنىڭ خائىن
بولۇشىنى تالىشىپ قېلىپ، مۇشتلىشىپ قالغانىدىم، نېمە ئۇ-
چۈندۇر شۇ چاغدا سىز قاتتىق رەنجىپ قالغاندەك قىلغان.

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي ھاسىرىغان ھالدا، — مەن شۇ
چاغقىچە مېنىڭ بۇ جىنايىتىمنى خەدىچە موماڭ بىلەن ئۆزۈمدىن
باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئابدۇللا چېقىنى بولسا
ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنىدىم. لېكىن، ئاشۇ كۈنى سەن مېنى سەگەك-
لەشتۈردۈڭ. شۇ چاغدىلا مېنىڭ بۇ ساتقۇنلۇقۇمنى باشقىلارنىڭمۇ

بىلىدىغانلىقىنى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىپ يۈزۈمگە سالمىغانلىقىنى بىلدىم. رەھمەتلىك خەدىچە موماڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا: «سىلى يەنىلا مېنىڭ نەزىرىمدە قەھرىمان، مەن سىلىنى ئەپۇ قىلدىم، ئۆزلىرىنى بۇنداق قىيىندىماي ئەركىن - ئازادە تۇتسىلا» دەپ تەسەللى بەرگەنىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن خەدىچە موماڭنىڭ تەسەللىسىگە ئالدىنىپ قالغان، ساتقۇنلۇقۇمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئۆزۈمنى ئىشەندۈرگەنىكەنمەن. ئاشۇ كىچىككىنە جېدەل سەۋەبىدىن بۇ سىرنى باشقىلارنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە، مەھەللىدىكىلەرنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم. گەرچە روھىي جەھەتتە بىر كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگەن بولسامۇ ھەقىقىي ئۆلۈمگە يۈزلىنەلمەيۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدىكى قورقۇنچاقلىق ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يېڭىشكە يول قويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاغلىق مەھەللىنى ئاخىرقى ھايات مۇساپەم قىلىپ تاللىدىم. چۈنكى، بۇ يەرگە ئاشۇ مەرد ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قېنىنىڭ ئاققانلىقىنى، تاشلارنى، گىياھلارنى، تۇپراقلارنى قىپقىزىل بويىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. قارا، بالام، بۇ دالىدا نېمىشقا يۇلغۇن جىقلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇ يۇلغۇنلار ئاشۇ قۇربانلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن تۇپراقتىن كۆكلەپ چىققان، شۇڭا ئۇنىڭ تېنىمۇ قىزىل، چېچەكلىرىمۇ قىزىل. مەن بۇ يەردە ئۇلاردىن گۇناھىمنى تىلىدىم، توۋا قىلدىم، روھىناتلىرىغا كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلدىم. ئۇلار بىلەن خىيالىي مۇڭداشتىم. ھەر كېچىسى ئۇلار چۈشۈمگە كىرىدۇ. گويا مېنىڭ ساتقۇنلۇقۇمنى بىلمەيدىغاندەك، بىلسىمۇ بىلمەسكە سالغاندەك، مەن بىلەن خۇشال سالاملىشىدۇ، چاقچاقلىشىدۇ، بىللە موخۇركا چېكىشىدۇ، ناخشا توۋلايدۇ، كەلگۈسىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يوشۇرماي دەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشۈمدىمۇ بولسا مېنى خائىن،

مۇناپىق، ساتقۇن، خۇن قىساسىمىزنى تۆلە، ھېساب بەر دەپ ھاقارەتلىشىنى تىلەيمەن. ئەمما، بۇ تىلىكىم ھەرگىز ئىجاۋەت بولمىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ گۇناھىمغا توۋا قىلمىسام، ئۇلارنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلمىسام بولمىدى.

بوۋىسىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ باغرى ئېزىلىپ كەتكەندى. ئۇ شۇ دەقىقىدە بىچارە بوۋايغا تەسەللى بېرىشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، بوۋا، — دېدى يىگىت بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە، — ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى تونۇماسلىق، ئەل - يۇرتقا خائىنلىق قىلىپ تۇرۇپ قىلچىلىك ۋىجدان ئازابى تارتماسلىق، يۈزىنى داپتەك قىلىپ ياشاش ئەڭ شەرمەندىلىك ھېسابلىنىدۇ. سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن خائىنلىق قىلمىغان. شۇ چاغدا ئۇلۇغ مومام بىلەن ئۇلۇغ بوۋامنى قۇتۇلدۇرمىسىڭىز بولمايتتى. ئۇنداق قىلمىسىڭىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چوماقچىلىرى — ئابدۇللا چېقى ئۇلارنى يەتكۈچە ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ھەرقانداق بەدەلگە قارىماي ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭىز سىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزەنتلىك بۇرچىڭىز ئىدى.

— ياق - ياق، خاتالاشتىڭ، بالام، — دەرھال ئىنكاس قايتۇردى بوۋاي بىر ھازا قېقىلىپ يۆتەلگەندىن كېيىن، — پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش بۇرچىدىن ئەل - يۇرتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش بۇرچى ئەڭ مۇقەددەستۇر. مەن بۇ ھەقىقەتنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم. شۇ چاغدا ئىنقىلابقا، سەپداشلىرىمغا، ئەل - يۇرتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ساتقۇنلۇق قىلىش بەدىلىگە ئاتا - ئانامنى قۇتقۇزدۇم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسامۇ ئۇلار مەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيتتى، بەلكىم مەندەك ئوغلىدىن پەخىرلىنەتتى. گەرچە مەن بۇ ئىشنى دادامدىن قاتتىق سىر تۇتقان بولسامۇ، نېمە ئۈچۈندۇر

دادام ماڭا كېيىنكى كۈنلەردە بىر خىل گۇمانىي نەزەر بىلەن
قارايدىغان بولۇپ قالدى. دادام بەكمۇ چېچەن ئادەم ئىدى. بەل-
كىم ئابدۇللا چېقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەدىچە موماڭنى ئېلىپ
قاچقىنىمدىن، ئىنقىلابچىلار سېپىگە قېتىلماي يىراق يۇرتلارغا
كەتكىنىمدىن، شۇ كۈنلەردە مۇشۇ خىلۋەت مەھەللىدە نۇرغۇن
سەپداشلىرىمنىڭ چېرىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن، ئۆ-
زىنىڭ تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلگەنلىكىدىن بىر ئىشلارنى خىيالى-
دىن ئۆتكۈزۈپ گۇمانلانغاندۇ. ئەمما، كۆڭلىدە راسا جەزملەشتۈ-
رەلمەي، مەندىن بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىمىغاندۇ.
ئەمما، مەن دادامنىڭ كۆزلىرىگە ھەر قېتىم قارىغىنىمدا ئۇنىسىز
بىر سوراقنى ھېس قىلاتتىم. دادامنىڭ كۆزلىرى يۈرىكىمگە
تىكىلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي
قالاتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي ئاتىلىق مېھرىدىن ئايرىلىپ
قالغىنىم قالغان بولدى. دادامنىڭ كۆزى تا يۇمۇلغۇچە ماڭا
گۇمان بىلەن قارىدى. شۇڭا، سەن ئاللىقانداق باھانە - سەۋەبلەر-
نى كۆرسىتىپ خەستە دىلىمغا تەسەللى بېرىمەن دەپ ئويلىما،
ئوغلۇم. مېنى ئارام تاپسۇن دېسەڭ، مېنى ئەيىبلە، ماڭا نەپرەت-
لەن، بىر ساتقۇن، خائىن، مۇناپىق، شەرمەندىگە قارىغاندەك
قارا.

يىگىت شۇ تاپتا بوۋىسىغا نەپرەتلىنەلمەيدىغانلىقىنى ھېس
قىلدى. ھەئە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر ساتقۇن، مۇناپىقنىڭ
پۇشتى بولۇپ قالغانلىقىدىن چەكسىز ئەپسۇسلانسىمۇ يۈرىكىنىڭ
بىر يەرلىرىدىن كەچۈرگۈسىز گۇناھى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۆزىنى
ئەيىبلەپ كەلگەن بىچارە بوۋايغا نىسبەتەن ھۆرمەت، مۇھەببەت
يېلىنجايتتى.

«قانداشلىق سەۋەبىدىن ئۇنى ئەيىبلىگۈم كەلمەيۋاتامدۇ -
يە؟ — دەيتتى يىگىت ئۆز - ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ، — ئەگەر
شۇنداق قىلغان بولسام مەنمۇ ئادەمىي ۋىجداندىن ئايرىلغان بولى-

مەن. بىلىپ تۇرۇپ بىر خائىن، مۇناپىققا يان باسقان بولىمەن. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھېسداشلىق قىلىمەن؟ نېمىشقا ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن؟ ئۇنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرى نېمە ئۈچۈن ماڭا جىنايەت بولۇپ تۇيۇلمايدۇ؟»

يىگىتنىڭ كاللىسى زىددىيەتكە تولغانىدى. ئۇ بۇ زىددىيەتلەرنى دەماللىققا ھەل قىلىشقا، ئۆزىنى قىيىنىغان سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئامالسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىگە بېرىپ قالغان بۇ بوۋايغا ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرىشنى لايىق تاپتى.

«ئىنسانلار بۇنچە ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولمىغان بولسا، بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىپ ياشىمىغان بولسا، ئەپۇدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغان بولسا، بۇ زېمىن ئاللىقاچان دوزاخقا ئايلانغان بولاتتى» دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى يىگىت.

— ئۆزىڭىزنى يەتكۈچە ئازابلاپسىز، بوۋا، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىپسىز، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

— ياق، يەنە خاتالاشتىڭ، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن، — ئىنسان چوقۇم ئەل - يۇرتقا، ئۆزىگە، ئەۋلادىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ ياشىشى كېرەك. قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ئازابلانغاننىڭ، ۋىجدان ئازابى تارتقاننىڭ، پۇشايمان يېگەننىڭ پايدىسى يوق. بىلەمسەن، ئوغلۇم، مەن نېمىشقا نەۋرىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم؟ ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە مېنى يوقلاپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدىم؟ چۈنكى، مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇلارغا بوۋا بولغۇدەك سالاھىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنى مەندەك بىر ساتقۇن، خائىن، مۇناپىق بوۋىسىنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ كەتسۇن، بالىلىق پاك قەلبىدە بىر مۇناپىقنىڭ سىيماسى ئورناپ قالمىسۇن دېدىم. قايسىبىر بوۋا نەۋرىسىنى ياخشى كۆرمىسۇن؟ سەن بىلمەيسەن، ئوغلۇم، نەۋرىنىڭ ئوتى بالىنىڭ ئوتىدىن يامان. ئەمما، مېنىڭ

سىلەرنى قۇچاقلاش، سۆيۈش، باغرىمغا بېسىش سالاھىيىتىم يوق ئىدى. خوش، بوۋا دېگەن نەۋرىسىگە ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى چۆچەك قىلىپ ئېيتىپ بېرىدۇ. يىگىتلىكىنى، مەردۇمەردانىلىكىنى، ئەل - يۇرت ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى داستان قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بالىلىق قەلبىگە ئادەمىيلىكنىڭ، پاكلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، مەردۇمەردانىلىكنىڭ، ئەلسۆيەرلىكنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ تۇنجى تامغىسىنى باسىدۇ. ئەمما مەنچۇ؟ مەن سىلەرگە قايسىبىر پەخىرلىك كەچمىشلىرىمنى چۆچەك قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەيتتىم، قايسىبىر باھادىرلىقىمنى داستان قىلىپ بېرەلەيتتىم؟ چۈشەنگەنسەن، ئوغلۇم، شۇ سەۋەبتىن مەن يۈرىكىمدە گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇرغان نەۋرە ئوتىنى بېسىپ تۇرۇپ سىلەرگە قاپاق تۈردۈم، قۇچىقىمغا ئالمىدىم، ئەركىلەتمىدىم، پېشانەڭلەرگە سۆيمىدىم، دىلىڭلارغا كۆپ ئازار بەردىم. مانا مەن مۇشۇنداق بوۋا، ئوغلۇم. ساڭا دەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىم شۇكى، ئىنسان ئۈچۈن خائىن، ساتقۇن، مۇناپىق دېگەن لەنەتلىك نامنى كۆتۈرۈپ ياشاشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق ئىكەن. ھەرقاچان ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەر نېمە بولساڭ بول، لېكىن ساتقۇن، خائىن، مۇناپىق بولما.

بوۋاي زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ ياكى كۆپ سۆزلەپ چارچاپ كەتتىمۇ، بىر ھازا دېمى كېسىلىپ غاز - غاز قىلغاندىن كېيىن، «خارتتىدە» بىرنى تىنىپ بېشى يانغا قىيسىيىپ قالدى.

— بوۋا، بوۋا، نېمە بولدى سىزگە؟

قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، بوۋاينىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، بۇرنىنىڭ ئاستىنى باشمالتىقى بىلەن كۈچەپ باستى. يىگىت بۇ ھەرىكەتنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئاجىز پىلىلداپ ئېچىلىپ، تىنىقى يەنە پەيدا بولدى. يىگىت يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە سۇ ئاچىقتى - دە، بوۋايغا ئىچۈردى. بوۋاي

بىر يۇتۇم سۇ ئىچكەندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى.

— سىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتەي، بوۋا، — دېدى يىگىت.

— ياق...، — دېدى بوۋاي ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنىپ، — مېنى بىردەم ئولتۇرغىلى قوي، بۇ يەرنى قانغۇدەك بىر كۆرۈۋا-لاي.

بوۋاي بىلەن يىگىت بىر هازا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشتى. يىگىت بوۋاينى يۆلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرى مەھكەم كىرىشىپ كەتكەنىدى. بوۋاي دەرياغا، قىرغاقتىكى يۇلغۇنلارغا، تاقىر تاغقا، هەربىر تال گىياهقا تويماي قارايتتى، نېمىنىدۇر ئىزدەپ تاپماقچى بولغاندەك.

تۇيۇقسىز بوۋاينىڭ تىنىقى يەنە ئىتتىكلەپ كەتتى.

— سەندىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار، بالام، — دېدى بوۋاي قىينالغان هالدا سۆزلەپ، — مېنىڭ يەرلىكىم دەريا بويى-دىكى ئاۋۇ بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋى بولسۇن. ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، مېنى شەھەرگە يۆتكىمەڭلار. مەن بۇ يەردە دەريانىڭ شار-قىراشلىرىنى ئاڭلىغاچ سەپداشلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق-نى قۇچاقلاپ ياتاي. يەنە بىر گەپ، بۇ يەردە ئايسەنەمخان دەيدى-غان بىر جۇۋان بار، ئېرىدىن ياش تۇل قالغانىكەن. چوڭ ئوغلى سەن بىلەن دېمەتلىك. ئىسمى قەھرىمان. مەن ئاۋۇ قورۇ - جايىمنى ئازغىنە بىساتلىرىم بىلەن ئاشۇ يىگىتكە مىراس قالدۇردۇم. يىگىت پات يېقىندا ئۆيلەنمەكچى. مېنىڭ نەزىرىمنى قىلماڭلار. نەزىرگە ئىشلىتىدىغان پۇلغا ئاشۇ يىگىت-نىڭ توينى قىلىپ بېرىڭلار...

بوۋاينىڭ ئاۋازى بارا - بارا پەسلەپ كەتتى. يىگىت قولىقى-نى بوۋاينىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. بوۋاي «مەن ئەمدى كې-تەي، خوش...» دەپ شىۋىرلىغاندەك قىلاتتى. ئانچە ئۆزۈن

ئۆتمەي بوۋاي تىنىقتىن پۈتۈنلەي قالدى.

## 12

ئەتىسى ئەتىگەندە دەريا بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن يۇلغۇن-نىڭ تۈۋىدە قەبرىدىن نىشانە بېرىپ كىچىككىنە بىر توپا دۆۋىسى پەيدا بولدى. بۇ يەرگە بوۋاينىڭ تۆت ئوغلى، ئىككى قىزى، كېلىن - كۈيئوغۇللىرى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرى تولۇق جەم بولدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بۇ تاغلىق خىلۋەت مەھەللىنىڭ قېرى - ياش، ئەر - ئايال بارلىق جامائىتى بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ تۇراتتى.

چوڭ ئوغۇل قاسىماخۇن دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، قورۇ - جاينىڭ ئاچقۇچىنى قەھرىمان ئىسىملىك يىگىتكە تۇت-قۇزدى.

— ئالغىن، ئوغلۇم، — دېدى قاسىماخۇن ئاچقۇچنى يىگىت-كە تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، — ھازىردىن باشلاپ سەنمۇ مېنىڭ ئوغ-لۇم. توي ئىشلىرىڭغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن. دادام راست ئېيتى-دۇ، بىز ھەممەيلەن قان - قېرىنداش. نېمە ئىش قىلمايلى، قانداق ئىش - ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانمايلى، قان - قېرىنداش-لىقتىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ.

قەبرە بېشى بىردەم سۈكۈتكە چۆمدى.

— جامائەت، مەرھۇم قاۋۇلخان ئاكىنىڭ روھىغا ئاتاپ يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلايلى، — دېدى قېرى ئىمام.

ھەممەيلەن قەبرە بېشىدا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. باشقىلار-نىڭ بوۋاينىڭ روھىغا ئاتاپ قانداق تىلەكلەرنى تىلىگەنلىكى نامە-لۇم، ئەمما نەۋرە يىگىت چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى.

«تۇپراق، ئى مۇقەددەس تۇپراق، بوۋامنى قوينۇڭغا ئالغاي-

سەن! »

قەبرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە دەريا شارقىرايتتى، بۇ زېمىننىڭ ئاللىقانداق كەچمىشلىرىنى پىچىرلاۋاتقاندەك توختىماي شاۋقۇنلايتتى. ھەئە، دەريانىڭ ئاشۇ شاۋقۇنلۇق پىچىرلاشلىرىدا ئۆتمۈشمۇ، بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، دەريا ئاشۇ شاۋقۇنلۇق پىچىرلاشلىرى بىلەن بۇ زېمىننىڭ قىسمەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇپ مەڭگۈ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى…

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODc1OTIuemlw",
  "filename_decoded": "40187592.zip",
  "filesize": 17232177,
  "md5": "fc8d0dc663423f0bddc1e611c6299e95",
  "header_md5": "80cc27ff330214cb4a3dabc5b1f36a1d",
  "sha1": "f0c5673bb8aa7cde9e791e2d7443ae4756770108",
  "sha256": "6abc97c1f350ed1fbec09d473809e556aaf29fe23787256af6c55dea271c9b56",
  "crc32": 1358709255,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 17575521,
  "pdg_dir_name": "\u2561\u03c0\u2558\u250c \u252c\u2264\u256c\u2248\u255a\u255a\u2555\u00aa\u2569\u00bd\u255d\u00bb\u2554\u2567\u2561\u2500\u2564\u00ac \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187592",
  "pdg_main_pages_found": 303,
  "pdg_main_pages_max": 303,
  "total_pages": 309,
  "total_pixels": 1179437056,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}